رين يىفېي ياسىن ھوشۇر

# ئۇيغۇرلار

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رېن يىفېي   ياسىن ھوشۇر

# ئۇيغۇرلار

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................................................ 1
1. ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئائىت ئەپسانە ۋە خاتىرىلەر ........................................................ 1
2. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىغىچە ........................................................ 12
ئۇيغۇرلارنىڭ گۈللىنىشى ........................................................ 12
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋال تېپىشى ..... 16
قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى ............. 27
قوچو ئۇيغۇرلىرىدا دىن ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ............ 36
قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىل ۋە يېزىقى ........................................ 56
3. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ........................................................ 67
قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاك بولۇشى ........ 67
«قۇتادغۇبىلىك»ۋە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ........................ 76
4. قارا قىتان خانلىقى ۋە چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ........................................................ 81
5. يەركەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ........................................................ 89
يەركەن خانلىقى ۋە خوجىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى .................. 89
مىرزا ھەيدەر ۋە «تارىخى رەشىدىي» ........................................ 97
6. يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى كۈرەشلىرى ۋە ئۇيغۇرلار رايونىدىكى جەمئىيەت تەرەققىياتى ........................................ 105
ئەپيۇن ئۇرۇشىنىڭ ئالدىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە فېئودالىزمغا قارشى كۈرەش ........................................ 105

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فېئودالىزمغا قارشى قىلغان كۈرەشلىرى ۋە ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇ-رۇش ......... 121
ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەيلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆ-كۈمرانلىقى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرى ....... 137
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشى ......... 163
7. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيىتى ......... 184
يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى ......... 184
ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تېبابىتى ......... 190
ئەدەبىيات ۋە تىياتىر ......... 200
ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە باي خەلق مۇزىكىسى ......... 227
رەڭدار ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى ......... 250
ئۇيغۇر ھۈنەر ـ سەنئىتى ......... 256
ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ۋە يېزىقى ......... 270
8. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى ....... 279
ئائىلە ۋە نىكاھ ......... 279
دىنىي ئېتىقادى ۋە دەپنە ئادىتى ......... 286
يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ ۋە كىيىم ـ كېچەك ......... 294
بايرام، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرى .... 303

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇرلار جۇڭگودىكى كۆپ مىللەتلىك چوڭ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئۇيغۇر خەل-قى ۋەتىنىمىزدىكى باشقا مىللەت خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنى قۇرۇش، چېگرا رايونلارنى قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان پارلاق مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا يارقىن سەھىپىلەر-نى ئاچتى.

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا، تۇرپان ئويمانلىقى، قومۇل ئويمانلى-قى، ئىلى رايونى، شۇنداقلا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى بىر قى-سىم رايونلاردا ئولتۇراقلىشىپ كەلدى. 2010 ـ يىلىدىكى 6 ـ قېتىملىق مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ئىستاتىستىكىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 10 مىليون 69 مىڭ 346 گە يەتكەن. تىلشۇناسلارنىڭ تۈرلەر-گە ئايرىشى بويىچە بولغاندا، ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۈركىي تىللار ئائىلىسى غەربىي ھۇن تىلى تارمى-قىغا كىرىدۇ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلىتىدۇ. نو-پۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، يەر كۆلىمى 1 مىليون 600 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق. بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى كەڭ، بايلىقى مول بولۇپ، موڭغۇلىيە، رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تا-

جىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆ-
لەتلەر بىلەن چېگرالىنىدۇ. بۇ رايوندا تارىم ئويمانلىقى ۋە
جۇڭغار ئويمانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئويمانلىق، تەڭرى-
تاغ، كوئېنلۇن تېغى ۋە ئالتاي تېغىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تاغ
تىزمىسى بار. تارىم ئويمانلىقى دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئوي-
مانلىق بولۇپ، يەر كۆلىمى تەخمىنەن 560 مىڭ كىۋادرات كى-
لومېتىر، ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمى — تەكلىماكان قۇملۇ-
قىدۇر. ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىغا مۇنبەت بوستانلىقلار جايلاشقان
بولۇپ، نوپۇسى زىچ، يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان. بۇ يەر-
لەردە شال، كېۋەز، بۇغداي، ئاققوناق، كۆممىقوناق، پۇرچاق، بە-
رەنگى، قوغۇن - تاۋۇز، ئۈزۈم، ئۈجمە، كەندىرلەر مول. تاغلىق
رايونلاردا چارۋىچىلىق قىلىنىدۇ. بىر قەدەر چوڭ بوستانلىقلار-
دىن يەركەن، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ بوستانلىقلىرى بار. جۇڭ-
غار ئويمانلىقىنىڭ يەر كۆلىمى 300 مىڭ كىۋادرات كىلومې-
تىردىن ئارتۇق، ئەتراپىدا چوڭ كۆلەملىك دېھقانچىلىق رايون-
لىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىپايان يايلاقلىرى بار بو-
لۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى مۇھىم چارۋىچىلىق بازىسى ھېسابلى-
نىدۇ. تەڭرىتاغ تىزمىلىرى شىنجاڭنى قاپ ئوتتۇرىدىن ئىك-
كىگە ئايرىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا تۆ-
مۈر چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7435 مېتىر،
شەرقىي بۆلىكىدىكى بۇغدا چوققىسى (5445 مېتىر) نى يىل
بويى قار - مۇز قاپلاپ تۇرىدۇ، ناھايىتى ھەيۋەتلىك. كوئېنلۇن
تېغى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىن جەنۇبىغا سوزۇلۇپ، ئوي-
مانلىقنىڭ غەرب، جەنۇب ئىككى تەرىپىدىكى روشەن پاسىلنى
شەكىللەندۈرگەن. پامىر ئېگىزلىكىدىكى چوگىر چوققىسىنىڭ
دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 8611 مېتىر بولۇپ، دۇنيا بويىچە
ئىككىنچى ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «مۇز
تاغ ئاتا» دەپ ئاتىلىدىغان مۇز تاغ (7546 مېتىر) بىلەن قوڭۇر

تبغى (7719 مبتىر) چوققىلىرىمۇ دۇنيا بويىچە مەشھۇر چوق-قىلاردۇر. ئالتاي تاغلىرى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن شەرقىي شىمال قىسمىنى چۆرىدەپ تۇرىدۇ، ئۇ-نىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1000 - 3500 مېتىرغىچە بولۇپ، ئاساسىي چوققىسى — دوستلۇق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 4300 مېتىر ئېگىز، ئۇ شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى ئېگىز چوققىدۇر. تەڭرىتاغ، كو-ئىنلۇن، ئالتاي تاغلىرىدىكى قار - مۇزلۇق چوققىلاردا پۈتمەس - تۈگىمەس قار - مۇزلار بار. بۇ قار - مۇزلاردىن ئېرىگەن سۇلار تەرەپ - تەرەپكە سوزۇلغان ئېقىنلارنى ھاسىل قىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى بوستانلىقلارنى ۋە يايلاقلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. بۇ ئېقىنلار ئىچىدە تا-رىم دەرياسى ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، 2100 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇ مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا چوڭراق دەريالاردىن قايدۇ دەريا-سى، ئىلى دەرياسى، چەرچەن دەرياسى، خوتەن دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى، ئۇلۇنگۇر دەرياسى ۋە ماناس دەرياسى قاتارلىقلارمۇ بار. بۇ دەريالاردىن قازاقىستان ۋە روسىيە ئارقىلىق شىمالىي مۇز ئوكيانغا قۇيۇلىدىغان ئېرتىش دەرياسىدىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسىدۇر.

شىنجاڭ بايلىقى مول، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئېغىر ۋە يېنىك سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن ئەۋزەل شارائىتلارغا ئىگە. سۇ بايلىقى، يەر بايلىقى، نۇر ۋە ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى بايلىقى ۋە جانلىقلار بايلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېزا ئىگىلىك تەبىئىي بايلىقىدىن باشقا، يەنە ناھايىتى مول كان بايلىقى بار. ھازىر تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان كان بايلىقىنىڭ تۈرى 100 خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، ئاساسلىقى كۆمۈر، نېفىت، تۆمۈر، مانگان، خىروم، سېرىق ئالتۇن، قوغۇشۇن، سىنىك، بېرىللىي،

لىتىي، كىيوٴرىي، تانتال، سېزىي، چىرىمتال، خىروٴستال، قاشتاش، شوٴنداقلا دوٴلەت موٴداپىئە سانائىتى ۋە ئوٴتكوٴر پەن ـ تېخنىكا ئېھتىياجلىق بولغان قىممەتلىك گوٴھەرلەر بار.①

تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتوٴرا قىسمىدا دوٴنيا بويىچە ئىككىنچى چوڭ قوٴملوٴق ـــ تەكلىماكان قوٴملوٴقى بار. تارىم ئويمانلىقى دوٴنيادىكى تېخى كەڭ كوٴلەمدە ئېچىلمىغان ئەڭ چوڭ ئىچكى قوٴروٴقلوٴق، ماي ـ گاز چوٴكوٴندىسىگە ئىگە ئويمانلىقلارنىڭ بىرى بولوٴپ، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز بايلىقى ئىنتايىن مول. ئالدىن موٴلچەرلەنگەن نېفىت زاپىسى ئوموٴمىي مىقدارى تەخمىنەن 18 مىليارد توننا ئەتراپىدا، تەبىئىي گاز 7 ـ 8 يوٴز مىليون كوٴب مېتىر بولوٴپ، پوٴتوٴن مەملىكەت نېفىت ـ گاز بايلىقى ئوموٴمىي مىقدارىنىڭ بەشتىن بىرىنى ئىگىلەيدوٴ. تارىم ئويمانلىقىدىن چىققان نېفىتنىڭ سوٴپىتى ناھايىتى ياخشى. تەكلىماكان قوٴملوٴقى مول نېفىت ـ گاز بايلىق مەنبەسىگە ئىگە بولوٴپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مول سوٴ بايلىقى مەنبەسىگىموٴ ئىگە. قوٴملوٴق سىرتقى قەۋىتىدىن ئىككى مېتىر چوڭقوٴرلوٴقتا ئاساسەن يەر ئاستى سوٴيى بار بولوٴپ، سوٴ زاپىسى تەخمىنەن 800 مىليون كوٴب مېتىر. قوٴملوٴقتا زور كوٴلەملىك توغراقلىقلار ۋە يوٴلغوٴنلوٴقلار بار. تارىم ئويمانلىقىدىكى نېفىت ـ گاز بايلىقىنىڭ ئېچىلىشى دوٴلىتىمىز نېفىت سانائىتى تەرەققىياتىدىكى ئىستراتېگىيەلىك موٴھىم ئىشنى ۋوٴجوٴدقا چىقاردى، شوٴنداقلا ئوٴ دوٴلىتىمىزنىڭ 21 ـ ئەسىردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا زور تەسىر كوٴرسىتىدىغان كاتتا قوٴروٴلوٴش بولوٴپ، موٴھىم ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مەنىگە ئىگە. 8 ـ بەش يىللىق پىلاندىن بېرى، دوٴلەت «شەرقتە موٴقىملىقنى، غەربتە تەرەققىياتنى تۇتۇش»تىن ئىبارەت نېفىت سانائىتىدىكى ئىستراتېگى-

① شىنجاڭ ئوٴيغوٴر ئاپتونوم رايونى گېئولوگىيە قېزىلما بايلىقلىرىنى تەكشوٴروٴپ ئېچىش ئىدارىسى، جاڭ لياڭچېن قاتارلىقلار: «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى بايلىقى»، 7 ـ، 15 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شياڭگاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1990 ـ يىل.

يەلىك قارارنى بەلگىلەپ، شىنجاڭدىكى نېفىت ـ گازنى ئېچىش قەدىمىنى تېزلەتتى. تەكلىماكان قۇملۇقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان تاشيول ئاللىبۇرۇن پۈتۈپ بولدى. شىمالدىكى جۇڭغار ئويمانلىقىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 100 مىليون توننىلىق نېفىتلىك ۋە زور كۆلەمدىكى نېفىت ـ گاز زاپىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى؛ تۇرپان ـ قومۇل ئويمانلىقىدىكى نېفىتنى تەكشۈرۈپ ئېچىش خىزمىتىمۇ زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشىپ، نېفىت ـ گاز مەھسۇلات مىقدارى مۇقىم ئاشتى. ھازىر شىنجاڭدىكى نېفىت ـ گاز زاپىسى مىقدارىنىڭ 30 مىليارد توننىدىن ئاشىدىغانلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان بولۇپ، بۇ پۈتۈن مەملىكەتتە ئالدىن مۆلچەرلەنگەن نېفىت ـ گاز زاپىسى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 1/3 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ.①

شىنجاڭ ياۋرو ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكىدە بولۇپ، ئىقلىمىدا روشەن چوڭ قۇرۇقلۇق ئىقلىمىنىڭ ئالاھىدىلىكى بار. چېگرا ئىچىدە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا قار ـ يامغۇر نىسبەتەن كۆپ بولۇپ، ھاۋاسى سوغۇق؛ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى قۇرغاق ۋە ئىسسىق بولۇپ، يامغۇر سۈيى ئىنتايىن ئاز. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي ئۇچىدىكى تۇرپان ئويمانلىقى مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ پەس جاي بولۇپ، ياز پەسلىدە ئەڭ ئىسسىق بولغاندا تېمپېراتۇرا 37℃تىن يۇقىرى بولىدۇ. ھاۋاسى ئىنتايىن ئىسسىق بولغانلىقتىن، تۇرپاننىڭ يەنە «ئوت يۇرتى» دېگەن نامى بار. تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى، پىچاننىڭ قوغۇنى، قاغىلىقنىڭ ئانارى، كۇچانىڭ ئۆرۈكى، قەشقەرنىڭ ئانارى بىلەن گىلاسى، ئاتۇشنىڭ ئەنجۈرى، خوتەننىڭ ياڭىقى، كورلىنىڭ نەشپۈتى ۋە غۇلجىنىڭ ئالمىسى ئېلىمىز ئىچى ـ سىرتىغا مەشھۇر. بۇ گۈزەل، باي زېمىندا ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە، خەن-

① ۋۇ چېك قاتارلىقلار تۈزگەن:«تارىمدىكى نېفىت بايلىقىنى قىدىرىپ ئېچىش ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى»، 1 ـ، 2 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل.

ـرۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە، تاجىك، ئۆزبېك، مانجۇ، داغۇر، تاتار ۋە رۇس قاتارلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان.

ئۇيغۇر مىللىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە مىللەتتۇر. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇزۇن تارىخىي دەۋرنى، شۇنداقلا باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرىكىشتىن ئىبارەت جەرياننى باشتىن كەچۈرگەن. شۇڭا، ئۆز تارىخىدا ھەم باشقا مىللەتلەر بىلەن ئورتاق جايلىرى بار، ھەم ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە تەرەققىيات قەدىمىگە ئىگە.

تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۇيغۇرلار ئۆز رايونىدا ھەر ـ خىل ھاكىمىيەتلەرنى قۇرغان. بۇ ھاكىمىيەتلەر ئوتتۇرا تۈز ـ لەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن بەزىدە بېقىنىش، بەزىدە تەڭ مەۋجۇت بولۇش مۇناسىۋىتىدە بولغان، لېكىن ئومۇمىي يۈزلىـ ـنىش يەنىلا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىلەرنىڭ ئۈزۈكسىز كۈچىيىشىدىن ئىبارەت بولۇپ كەلگەن.

# 1. ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئائىت ئەپسانە ۋە خاتىرىلەر

«ئۇيغۇر» (uyğur) دېگەن نامىنىڭ ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى ئاھاڭ تەرجىمىسى «维吾尔». نۇرغۇنلىغان قەدىمكى يازما يادىكارلىقلاردا بۇ نام ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، موڭغۇلىيەدىن تېپىلغان 759 ـ يىلى تىكلەنگەن مويۇنچۇر (747ـ759) قاغان مەڭگۈ تېشىدا، «ئۇيغۇر» نامى «4>ÏD>» ( uyğur دەپ ئوقۇلىدۇ) دەپ خاتىرىلەنگەن. شۇ ئۇيغۇر قاغانىغا ئائىت يەنە بىر مەڭگۈ تاشتا (يەنى موڭغۇلىيەدىن بايقالغان تېرخىن مەڭگۈ تېشى) ۋە سۇجى مەڭگۈ تېشىدا، يۇقىرىقىغا ئوخشاش خاتىرىلەرنى ئۇچرىتالايمىز.[1] ئۇيغۇرلار ئۆز تىلىنى «ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئالتۇن يارۇق» ناھايىتى مۇھىم بۇددا يادىكارلىقىدۇر، ئۇ 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خەنزۇچە، تىبەتچە مەتىنلەردىن تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ بىرىنچى جىلدىنىڭ خاتىمىسىدە تەرجىمان:

«mä n tübüt tilindin uyğur tilingä äwirdim» (مەن تىبەت تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئۆرۈدۈم) دەپ يازغان.[2] بۇ جۈملىدە ئۇچرىغان «ئۇيغۇر تىلى» دېگەن سۆز بىرىكمىسى قەدىمكى ئۇيغۇ-

① مالوف: «موڭغۇلىيە ۋە قىرغىزىستاندىكى قەدىمكى تۈرك ئابىدىلىرى»، 30 ـ بەت، موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1959 ـ يىل؛ «قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرى»، 70 ـ بەت، موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1951 ـ يىلى؛ كلياشتورنىي: «تېرخىن مەڭگۈ تېشى ھەققىدە تەتقىقات»، «ۋېنگرىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى»، 36 ـ جىلد، 335 ـ، 335 ـ بەتلەر.

② رادلوف، مالوف: «ئالتۇن يارۇق»، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى باسما نۇسخىسى، سانكت پېتېربۇرگ، 1913 ـ يىل، 1 ـ، 2 ـ قىسىم، 34 ـ بەت؛ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئالتۇن يارۇق» قوليازمىسىغا قارالسۇن، سانكت پېتېربۇرگدا ساقلانغان(ھازىر رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى سانكت پېتېربۇرگ تارمىقى قوليازمىلار بۆلۈمى)، قوليازمىلار نومۇرى SJM/I، 18 ـ بەتنىڭ ئارقا يۈزى.

www.uyghurkitap.com

غۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن مىللىي تىلى ھەققىدە ئورتاق تونۇشقا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىكى «ۋېينامە . قاڭقىللار تەركىزىسى» دىكى «袁纥» (يۈەنخې) «ئۇيغۇر» نامىنىڭ تۇنجى خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا ئوخشاشمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە بۇ نام ھەرخىل يېزىلغان: مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «韦纥» (ۋېيخې)؛ 788 ـ يىلىدىن ئىلگىرى «回纥» (خۇيخې)؛ 788 ـ يىلىدىن كېيىن تاكى 13 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغىچە «回鹘» (خۇيخۇ)؛ 13 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن تاكى 18 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا بولسا «畏兀儿» (ۋېيۋۇئېر)؛ 18 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە «回部»(خۇيبۇ) ياكى «缠回» (چەنخۇي) دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇلاردىن سىرت باشقا خىل يېزىلىشلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. بەزىلەر «تارىخنامە»، «خەننامە»لەردە ئۇچرايدىغان «乌揭»(ۋۇجيې)، «呼揭» (خۇجيې)، «呼得» (خۇدې)، «伊吾卢» (يىۋۇلۇ) قاتارلىقلارنىمۇ «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردە بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبى، بالقاش كۆلى بىلەن ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئارىسىدىكى كەڭرى رايونلاردا چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرگەن دىڭلىڭلاردىن باشلاشقا بولىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى مۇھىم مەنبە مىلادىيە 5 ـ ئەسىردىن كېيىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا ياشىغان تېلىلار ۋە قاڭقىللاردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر نامىنىڭ مەنىسى ۋە مەنبەسى توغرىسىدا جۇڭگو ۋە چەت ئەل تارىخ كىتابلىرىدا كۆپ خىل چۈشەندۈرۈشلەر بار. بۇ

يەردە ئۇنىڭ ئاساسلىق بىرنەچچە تۈرى ھەققىدە توختىلىمىز:

بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر: «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز «ئۇيۇماق»، «ئۇيۇشماق» تىن كەلگەن، ئۇ «ئۇيۇشۇش»، «ئىتتىپاقلىشىش» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە، دەيدۇ. بۇ 14 ـ ئەسىردە ئۆتكەن پېرسىيە ئىلخانىيلار دۆلىتىنىڭ باش ۋەزىرى، تارىخشۇناس راشىددىننىڭ قارىشىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەسىرى «جامىئۇت تەۋارىخ»تا: «ئۇيغۇر دېگەن سۆز تۈرك تىلىدا بىرلىشىش ۋە ياردەملىشىش دېگەن مەنىنى بېرىدۇ» دەيدۇ. راشىددىن بۇ كىتابتا ئەينى زاماندا تارقالغان مۇنداق بىر رىۋايەتنى شىپى كەلتۈرىدۇ:① تالاس ۋە قارى سايرام ئەتراپىدا بىر قەبىلە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇ قەبىلىنىڭ باشلىقىنىڭ ئىسمى يافەس ئىكەن. ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسمى قاراخان، ئورخان، كۆزخان، گۆرخان بولۇپ، ئۇلار ھەممىسى دىنسىز ئىكەن. بۇ تۆت ئوغۇلدىن قاراخان ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپتۇ. كېيىن ئۇ بىر پەرزەنت كۆرۈپ، ئىسمىنى «ئوغۇز» قويۇپتۇ. ئوغۇز چوڭ بولغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپتۇ ھەمدە ئاتىسى ۋە تاغىلىرى بىلەن جەڭ قىلىپتۇ. ئاتىسى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئۆلۈپتۇ. تاغىلىرى ۋە قوۋمىدىن بەزىلىرى ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇپتۇ، بەزىلىرى بولسا شەرق تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ. ئوغۇز غەلىبە قازانغاندىن كېيىن چوڭ مۇراسىم ئۆتكۈزۈپتۇ. مۇراسىمدا ئۆزىگە بويسۇنغان پۇقرالارغا «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى ئىنئام قىلىپتۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: «ئۇ بىز بىلەن بىرلەشتى، بىزگە ياردەملەشتى» دېگەن بولىدىكەن. كېيىنكى چاغلاردا بۇ سۆز ئاستا ـ ئاستا شۇ كىشىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ مىللەت نامى بولۇپ قاپتۇ.

① راشىددىن: «جامىئۇت تەۋارىخ»(يۇ داجۈن، جۇ جيەنچى تەرجىمىسى)، 1 ـ توم، 1 ـ كىتاب، 131 ـ، 136 ـ بەتلەر، سودا نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1983 ـ يىلى.

ئىككىنچى بىر خىل قاراشتىكىلەر: «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز-نىڭ «بېقىنماق»، «يېپىشماق» ياكى «ئۇيۇماق» دېگەن مەنىسى بار، دەيدۇ. بۇنداق قاراش 17 ـ ئەسىردە ئۆتكەن تارىخشۇناس ئەبۇلغازى باھادىرخاندىن كەلگەن. ئۇ 1663 ـ يىلى يازغان «شەجەرەئىي تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە: «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «yapishgur يېپىشماق ياكى چاپلاشماق»[1] دېيىلگەن. كېيىنكى چاغلاردا ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامىمۇ يۇ-قىرىقى قاراشنى نەقىل كەلتۈرگەن.[2]

ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇز-خان دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن ھەر تەرەپكە يارلىق چىقارغان، يارلىقتا: «مەن ئۇيغۇرنىڭ قاغانىمەن» دېيىلگەن.[3] نۇرغۇن كىـ-شى بۇ رىۋايەتنى قوبۇل قىلغان، «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز ئوغۇز-خاننىڭ ئۆز يۇقىرالىرىنى ئاتاشتا قوللانغان سۆزى دەپ ئىزاھلانغان.

ئۈچىنچى خىل قاراش ھېنرى يۇلىنىڭ ئەسىرىدىن كەل-گەن. بۇ پىتولېمى تىلغا ئالغان ئۇيغارداسلار ياشىغان جاينىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى جەھەتتىكى قىياس بولۇپ، ئۇنىڭدا «ئۇي-غۇر» تارىم دەرياسىنىڭ نامى بىلەن ئوخشاش نامدىكى مىللەت نامى، دەپ قارىلىدۇ. پىتولېمى مىلادىيە 2 ـ ئەسىردىكى يۇناـ-نىڭ جۇغراپىيە ئالىمى. ئۇنىڭ «جۇغراپىيە» دېگەن كىتابىنىڭ «سېرىس دۆلىتى» دېگەن بابىدا: «...ئۇنىڭمۇ جەنۇبىي تەرىپىدە دامنايلار (Damnai) ياشايدۇ؛ ئۇلارنىڭمۇ تۆۋەن تەرىپىدە پىـ-ئالايلار (Pialai) ياشايدۇ؛ ئۇلار ئۇيغارداس قىرغاقلىرىغا جايلاشقان؛ ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدە شۇ دەريانىڭ نامى بىلەن

① ئەبۇلغازى باھادىرخان: «شەجەرەئى تۈرك»، كونونوفنىڭ رۇسچە تەرجىمىسى، 40 ـ، 45 ـ بەتلەر، موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1958 ـ يىل.

② موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەممىدىي» قول يازما.

③ گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغان: «ئوغۇزنامە»، 32 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل.

ئوخشاش نامدىكى ئۇيغارداسلار (Oikhardais) ياشايدۇ»[1] دېيىلگەن. ئەنگلىيە ئالىمى ھېنرى يۇلې ئۇيغارداسلار ئۇيغۇرلاردۇر، ئۇيغارداس دەرياسى تارىم دەرياسىدۇر، دەپ قارىغان.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «ئۇيغۇر» دېگەن نام ئەڭ دەسلەپتە 4 ـ ئەسىردە يېزىلغان «ۋېينامە . قاڭقىللار تەركىرىسى»دە چېلىقىدۇ. بۇ كىتابتا قاڭقىللار دى، ئۇيغۇر، قوغۇرسۇ، چاپىش، قىرغىز، ئېل تېكىن دېگەن ئالتە ئۇرۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېيىلگەن.[2] بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار ئەڭ دەسلەپتە قاڭقىللار بىرلەشمىسى ئىچىدىكى بىر ئۇرۇق ئىدى. كېيىن ئۇلار بارا ـ بارا كۆپىيىپ ۋە قۇدرەت تېپىپ، ئۆزلىرىگە يېقىن بولغان باشقا ئۇرۇقلار بىلەن سىڭىشىپ، ئايرىم مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن.

7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تېلىلار تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى. مىلادىيە 605 ـ 616 ـ يىللىرى غەربىي تۈرك خاقانى چۇلۇق خاقان تېلىلارنىڭ ئۈستىدىن دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. 605 ـ يىلى چۇلۇق قاغان تېلى قەبىلىلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىپ، ئۇلارنىڭ نەچچە يۈز ئاقساقىلىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. تېلى قەبىلىلىرى ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار بارغۇت، توڭرا، بايىرقۇ قاتارلىق بىر تۈركۈم تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، چۇلۇق قاغانىنىڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، ئېركىن بولۇۋېلىپ، ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتىدى. بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئەسلىدىكى قاڭقىللار زامانىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەق ئۆزى. ئۇيغۇرلار بارغۇت، توڭرا، بايىرقۇ قاتارلىق بىر تۈركۈم تېلى قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قەبىلە ئىتـ-

① گادىس (فىرانسىيە): «يۇنان ـ لاتىن مۇئەللىپلىرىنىڭ يىراق شەرق توغرىسىدىكى خاتىرىلىرى» (گېڭ شېڭ تەرجىمىسى)، 33 ـ بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1987 ـ يىل.
② «ۋېينامە»، 103 ـ جىلد.

www.uyghurkitap.com

تىپاقنىنىڭ نامىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىش جەريانى توغرىسىدا 13 ـ 16 ـ ئەسىرلەردىلا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر مۇنچە رىۋايەتلەر تارقالغان. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ئەپسانىۋى شەخس ئوغۇزخانغا باغلايدۇ. بۇ رىۋايەت تۈركىي تىللىق باشقا مىللەتلەر ۋە قەدىمكى موڭغۇل قەبىلىلىرى ئارىسىدىمۇ كەڭ تارقالغان. بۇ رىۋايەت ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق داستانى «ئوغۇزنامە» ئارقىلىق ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن. داستاندا تەسۋىرلەنگەن ئوغۇزخان ناھايىتى جەسۇر ۋە كۈچلۈك شەخس. ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن بىر پەرى بىلەن توي قىلىپ، ئالتە ئوغۇللۇق بولۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىسمىنى كۈنخان، ئايخان، يۇلتۇزخان، كۆكخان، تاغخان، دېڭىزخان دەپ قويۇپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئوغۇزخان ئەتراپىدىكى خەلقنى چاقىرىپ چوڭ زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ، زىياپەتتىن كېيىن ئوغۇزخان ئەلچىلەر ئارقىلىق ئەتراپتىكى ئەللەرگە يارلىق چىقىرىپتۇ①. كېيىن ئوغۇزخان نورغۇن ئۇلۇسلارنى بويسۇندۇرۇپ، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ رەھبىرى بولۇپ قاپتۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، «ئۇيغۇر» بىلەن «ئوغۇز» بىر ـ بىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئۇقۇملار ئىكەن.

13 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا رېئاللىققا تېخىمۇ ئۇيغۇن، تېخىمۇ تەپسىلىي بىر رىۋايەت تارقالغان. بۇ پارس تارىخچىسى راشىددىن ئۆز ئەسىرىگە كىرگۈزگەن رىۋايەتتۇر. ئۇنىڭدا بايان قىلىنىشىچە، ئۇيغۇر رايونىدا ئىككى چوڭ تاغ بولۇپ، بىرى «بۇقراتۇ بۇزلۇق»، يەنە بىرى «ئۇشقۇنلۇق تەڭرىم» دېيىلىدىكەن؛ قارا قورۇم تېغى شۇ ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا

① «ئوغۇزنامە»(گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغان)، 32 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل.

جايلاشقانىكەن... بۇ ئىككى تاغنىڭ يېنىدا قۇتتاغ دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر تاغ بار ئىكەن. بۇ تاغلىقنىڭ بىر يېرىدە ئون دەريا، يەنە بىر يېرىدە توققۇز دەريا بار ئىكەن. قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئاشۇ دەريالارنىڭ قىرغاقلىرىدىكى تاغلىق جايلارغا ۋە تۈزلەڭلىكلەرگە جايلاشقانىكەن. ئون دەريا ۋادىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار «ئون ئۇيغۇر»، توققۇز دەريا بويلىرىدا ئولتۇراقلاشقانلىرى «توققۇز ئۇيغۇر» دېيىلىدىكەن. ھېلىقى ئون دەريا «ئون ئارغۇن» دېيىلىدىكەن. ئۇلار ئىشلىق، ئوتىنكار، بۇقىز، ئوزقۇندۇر، تۇلار، تاردار، ئادار، ئۇچ تابىن، قاملانچۇ، ئىۋتۆكەنلەردىن ئىبارەت ئىكەن. يىللار ئۆتۈپتۇ، ئەسىرلەر ئۆتۈپتۇ، ئەمما بۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدە تېخى بىرەر پادىشاھ ۋۇجۇدقا كەلمەپتۇ. ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقايسى قەبىلىلەردە كىم كۈچلۈك بولسا، شۇ قەبىلىنىڭ باشلىقى بولىدىكەن. كېيىنكى چاغلاردا بارلىق قەبىلىلەر ئورتاق مەقسەتتە قۇرۇلتاي چاقىرىپتۇ ھەمدە: «بىز ھەممىگە ئەمرى ئۆتىدىغان، تولۇق ھوقۇقلۇق خان تىكلىمىگۈچە، نجاتلىق تاپالمايمىز» دېگەن قارارغا كېلىپتۇ. ھەممىنىڭ بىردەك ماقۇللۇقى بىلەن ھەرقايسى قەبىلىلەر ئىچىدە ئەڭ زېرەك بولغان ئىشلىق قەبىلىسىدىن مەڭگۈتاي ئىسىملىك بىر كىشىنى ئېل ئېلتەبىرلىككە سايلاپتۇ. ئۇلار يەنە ئوزقۇندۇر قەبىلىسىدىن يەنە بىر پەزىلەتلىك كىشىنى سايلاپ چىقىپ «كۆل ئېركىن» دەپ ئاتاپتۇ. ئۇلار بۇ ئىككى كىشىنى پۈتۈن مىللەتنىڭ ۋە ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ پادىشاھى قىلىپ سايلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى يۈز يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپتۇ[1].

پارس تارىخچىسى جۇۋەينى (مىلادىيە 1283 ـ 1226 ـ يىللار) يازغان «تارىخىي جاھانكۇشاي»دىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ

① «جامىئۇت تەۋارىخ» (پۈداجۈن تەرجىمىسى)، 1 ـ توم، 1 ـ كىتاب، 241 ـ 239 ـ بەتلەر، سودا نەشرىياتى، 1983 ـ يىل.

كېتىدىغان رىۋايەت خاتىرىلەنگەن. ئۇ: «ئەينى زاماندا قاراقۇ-رۇمدا ئىككى دەريا بار ئىكەن. بۇ دەريالارنىڭ بىرى تۇغلا دەريا-سى، يەنە بىرى سېلىنگا دەرياسى دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ ئىككى دەريا قاملانچۇ دېگەن يەردە قوشۇلىدىكەن. ئىككى دەريانىڭ ئارى-لىقىدا بىر - بىرىگە يېقىن ئىككى تۈپ دەرەخ ئۆسكەنىكەن. ئۇلار بىرىنى قاسۇق دەيدىكەن، بۇ دەرەخ قارىغايغا ئوخشايدى-كەن. يوپۇرماقلىرى قىشتا ئارچىنىڭكىگە، مېۋىسىنىڭ شەكلى ۋە تەمى قارىغاي ئۇرۇقىغا ئوخشايدىكەن؛ يەنە بىرىنى توز دەيدى-كەن. بۇ ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان بىر دۆڭ بار ئىكەن. بۇ دۆڭگە كۆكتىن نۇر چۈشۈپتۇ، دۆڭ كۈندىن - كۈنگە يوغىناپتۇ. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ ھەيرانۇھەس بولۇپتۇ. ئۇلار بۇ دۆڭگە ئەيمىنىپ-رەك تە-زىم قىلىپ يېقىنلىشىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇلارغا ناخشىغا ئوخشاش بىر خىل يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ھەر كۈنى كەچتە بىر پارچە نۇر شۇ دۆڭنىڭ 30 قەدەم چۆرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىكەن. ئاخىردا خۇددى ھامىلدار ئايالنىڭ كۆزى يورۇغاندەك، دۆڭدىن بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ. قارىسا، دۆڭنىڭ ئىچىدە چېدىردەك بەش ھۇجرا، بۇ ھۇجرىلارنىڭ ئىچىدە ھەربىرىدە بىردىن ئوغۇل ئولتۇرغۇدەك، بۇ بالىلارنىڭ ئاغزىدا بىردىن ئېمىزگە بار ئى-كەن. ھەربىر ھۇجرىنىڭ ئۈستىدە بىر كۈمۈش تور يېپىقلىق تۇرغۇدەك. قەبىلە ئاقساقاللىرى بۇ غەلىتە ئىشنى كۆرۈپ ھەيرانۇھەس قېلىشىپ، باش ئۇرۇپ تەزىم قىلىشىپ كېتىپتۇ. بىردىنلا غۇر - غۇر شامال چىققاندەك بولۇپتۇ - دە، ھېلىقى بالىلار ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار مېڭىپ تاش ئۆيدىن چىقىپتۇ. كىشىلەر بۇ بالىلارغا مەخسۇس بىر ئىمكانىيەتنى تەيىنلەپتۇ. كىشىلەر تۈرلۈك چوقۇنۇش مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈ-زۈپتۇ. بالىلار ئەمچەكتىن ئايرىلىش بىلەنلا تىلى چىقىپ، گەپ قىلالايدىغان بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كىشىلەردىن ئۆزلى-

ـرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كىملىكىنى سوراپتۇ. كىشىلەر ئۇلار ـ
غا بۇ ئىككى توپ دەرەخنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. ئۇلار دەرەخكە
گويا ئاتا ـ ئانىسىغا مۇئامىلە قىلغاندەك تىزلىنىپ تەزىم قىـ ـ
لىپتۇ. بۇ ئىككى توپ دەرەخ ئۆسكەن يەرگىمۇ تەزىم قىلىپ
ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. شۇ ئەسنادا بۇ ئىككى توپ دەرەختىن
ئۇشتۇمتۇتلا: «ئەي ئالىيجاناب، ئېسىل بالىلار! سىلەر بۇ يەرگە
دائىم كېلىپ، بالىلىق بۇرچۇڭلارنى ئادا قىلىڭلار. ئۇزۇن ئۆ ـ
مۈر كۆرۈڭلار، نامىڭلار مەڭگۈ ئۆچمىگەي» دېگەن سادا كېلىپ ـ
تۇ. شۇ يەردە پاشايدىغان قەبىلىلەر كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ،
بۇ بەش بالىنى خۇددى شاھزادىلەردەك ئىززەتلەپتۇ. ئۇلار قايـ ـ
تىش ۋاقتىدا، بۇ بالىلارنىڭ چوڭىنىڭ ئىسمىنى «شۇنقۇر تېـ ـ
گىن»، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمىنى «قۇتئەر تېگىن»، ئۈچىنچىـ ـ
سىنىڭ ئىسمىنى «توغرۇل تېگىن»، تۆتىنچىسىنىڭ ئىسمىنى
«ئور تېگىن»، بەشىنچىسىنىڭ ئىسمىنى «بۆگۈ تېگىن» دەپ ئا ـ
تاپتۇ. بۇ مۆجىزىلەرنى كۆرگەن كۆپچىلىك بۇ بەش ئوغۇلنىڭ
ئىچىدە بىرىنى ئۆزلىرىگە ئاتامانلىققا ۋە خانلىققا سايلاش كېـ ـ
رەك دېگەن پىكىرگە كېلىشىپتۇ. ئۇلار بۇ بەش بالىنى ئۇلۇغ
تەڭرى چۈشۈرگەن، دەپ قارايدىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە بۆگۈ قا ـ
غاننىڭ پەزىلەت ۋە پاراسەتتە باشقا بالىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىـ ـ
غانلىقىنى، يەنە كېلىپ ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ تىل ـ يېزىـ ـ
قىنى بىلىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. شۇڭا، ئۇنى قاغانلىققا كۆرسىـ ـ
تىپتۇ ۋە كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ تەختكە چىقىرىپتۇ» دەپ
يازغان[①].

راشىددىن بىلەن جۇۋەينى نەقىل كەلتۈرگەن بۇ رىۋايەتلەر
خەنزۇچە «قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى»دىكى ئۇيـ ـ
غۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر ئەپسانىلەر بىلەن ناھايىتى
ئوخشىشىدۇ، ئۇلارنىڭ بىر مەنبەدىن تارقالغانلىقى ئېھتىمالغا

① جۇۋەينى: «تارىخى جاھانكۇشاي» (خې گاۋجى تەرجىمىسى)، بىرىنچى كىتاب، 64 ـ
62 ـ بەتلەر، 1980 ـ يىل.

يېقىن؛ ئەڭ ئاۋۋال ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆز ئەجدادلىرى ھەققىدە مەيدانغا كەلگەن رىۋايەتلەر ھەرقايسى جايلارغا تارقىلىپ، ئوخشاشمىغان دەۋردە، ئوخشاشمىغان ئاپتورلار تەرىپىدىن خاتىرىلەنگەچكە، مەزمۇن ۋە ۋەقەلىكتە بەزى پەرقلەر ساقلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە «قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى»دىكى ۋارىيانتى ناھايىتى مۇكەممەل يېزىلغان. بۇ مەڭگۈ تاش 1933 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي ناھىيەسىنىڭ 30 كىلومېتىر شىمالىدىكى شىبېيگو ئەتراپىدىن تېپىلغان بولۇپ، ئەسلىي مەڭگۈ تاشنىڭ ئېگىزلىكى 4 مېتىر، كەڭلىكى 1.62 مېتىر. ھازىر پەقەت ئاستىنقى يېرىم بۆلىكى، يەنى پۈتۈن مەڭگۈ تاشنىڭ بەشتىن ئىككىسچىلىك قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. مەڭگۈ تاش خەنزۇ ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقلىرىدا پۈتۈلگەن. مەڭگۈ تاش يۈەن شۈندى يۈەنتۇڭنىڭ 2 ـ يىلى(مىلادىيە 1334 ـ يىلى) تىكلەنگەن. مەڭگۈ تاش تېكىستىگە ئاساسلانغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قىسمى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىر مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى تەرىپىدىن يېزىلغان[1].

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى باشقا نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرگە ئوخشاشلا مۇرەككەپ، ئۇزۇن تارىخىي جەرياننى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى دىڭلىڭ، تېلى، قاڭقىل ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقتا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ئوخشاشمىغان تىل ۋە ئىرققا مەنسۇپ بولغان قەدىمىي مىللەتلەر بىلەن سىڭىشكەن. بۇ جەرياندا شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئىران تىللىق قەبىلىلەر(ئادەتتە ساكلار دېيىلىدۇ)، توخرىلار، سوغدىلار ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى يۇغۇرۇپ، ئەڭ ئاخىردا بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

① گېڭ شىمىن: «قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى ھەققىدە تەتقىقات»، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980 ـ يىل 4 ـ سان، 529 ـ 515 ـ بەتلەر.

دۆلىتىمىز ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىنسانشۇناسلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۇيغۇرلاردا تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئىرقنىڭ ئالاھىدىلىكى مەۋجۇت: بىرىنچى، يەركەن دەريا ۋادىسىدىكى مارالبېشى، خوتەن، شۇنداقلا تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلاردا ياۋروپا ئىرقىنىڭ پامىر ـ پەرغانە تىپى(ئوتتۇرا ئاسىيا ماۋەرائۇننەھر تىپى)نىڭ ئالاھىدىلىكلىرى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىككىنچى، دولانلار، شۇنداقلا كەلپىن، ئاقسۇ، پەيزاۋات قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلاردا جەنۇبىي سىبىر ئىرقى ئۇستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى قومۇل، تۇرپان ۋە كورلا رايونلىرىدىمۇ ئارىلاش جەنۇبىي سىبىر ئىرقىي ئامىللىرىنى كۆرۈش مۇمكىن. ئۈچىنچى، يەنە بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلار ياۋروپا ئىرقىنىڭ قاڭشارلىق كەلگەن ئوتتۇرا دېڭىز ئىرقىدىكىلەر تىپلاشقان ھىندى ـ ئافغان تىپىغا تەۋە[①]. ئالىملار شىنجاڭنىڭ لوپ ناھىيەسى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى بىرىنچى نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان بۇنىڭدىن 2000 يىل ئاۋۋالقى ئىككى باش سۆڭىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ھەيكەل يۈزى ئۇزۇنچاق، قاڭشىرى ھەددىدىن زىيادە ئېگىز، ئورا كۆز بولۇپ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا دېڭىز ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە[②]. بۇنى بۈگۈنكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرى بىلەن بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي جەھەتتىكى زىچ مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىش ۋە بۇ جەھەتتە مەلۇم ئىلھاملارغا ئېرىشىش مۇمكىن.

---

① خەن كاڭشىن: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرىنىڭ ئىرقى ھەققىدە تەتقىقات»، مۇشۇنىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «كروران مەدەنىيىتى تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى»، 429 ـ 409 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل.

② خەن كاڭشىن، زو چۈڭشىن: «شىنجاڭ لوپ سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىكى باش سۆڭىكى تەتقىقاتى ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش»، «ئارخېئولوگىيە ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىلى 5 ـ سان، 99 ـ 91 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 2. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىغىچە

## ئۇيغۇرلارنىڭ گۈللىنىشى

7 ـ ئەسىردە بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئېتنىك مەنبەلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇرلار مۇستەقىل، قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە ئىگە مىللەت سۈپىتىدە چۆللۈكنىڭ شىمالىدا باش كۆتۈردى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىچكى توققۇز ئۇرۇق ۋە تاشقى توققۇز قەبىلە، دەپ بۆلۈنەتتى. ئىچكى توققۇز ئۇرۇق يەنە «توققۇز ئۇيغۇر»(يەنە ئون ئۇيغۇر دەيدىغان گەپمۇ بار) دەپ ئاتالغان، تاشقى توققۇز قەبىلە «توققۇز ئوغۇز» دەپمۇ ئاتالغان. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى توققۇز ئۇرۇقى تۆۋەندىكىچە: بىرىنچىسى ياغلاقار قەبىلىسى، دەسلەپكى مەزگىلدىكى قاغانلار مۇشۇ قەبىلىدىن ئىدى؛ قالغانلىرى قۇرتارغۇر، دىرىمار، بەگىسىگ، ئاراموت، قاسار، قوغۇرسۇ، ياغمۇرقار، سىيىرمۇرلاردىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى توققۇز قەبىلىسى ئۇيغۇرلار بىلەن باشقا سەككىز قەبىلىنىڭ بىرلىشىشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى. تاشقى توققۇز قەبىلىنىڭ نامى: ئۇيغۇر، بارغۇت، قۇن، بايىرقۇ، تۇڭرا، ئىزگىل، قىبئار(جابىرقا)، باسمىل، قارلۇقلاردىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلار ئىلگىرى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغاچقا ئوت ـ سۇ قوغلىشىپ ھايات كەچۈرەتتى، بەزىدە تەبىئىي ئاپەت ياكى ئۇرۇشلار تۈپەيلى يايلاق كۆچەتتى. مىلادىيە 5 ـ ئەسىردە، ئۇلار

ئورخۇن دەرياسىنىڭ غەربىي شىمالىدا چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرگەنىدى. 5 ـ 6 ـ ئەسىرلەردە، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تۇغلا دەرياسى بويىغا كۆچۈپ بارغانىدى. «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئۇلار يەنە سېلىنگا دەرياسى ۋادىلىرىدا ياشىغان. 5 ـ ئەسىردىن 6 ـ ئەسىرگىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر قىسمى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى رايونلاردا ماكانلاشقان ۋە كۆچمەن چاۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 7 ـ ئەسىردىن 8 ـ ئەسىرگىچە، تۈركلەرنىڭ بەگچۇر قاغانى كۆچىيىپ، تېلىلارنىڭ ئەسلىدىكى يۇرتلىرىنى تارتىۋالدى. ئۇنىڭ بېسىمى ئاستىدا بىر قىسىم ئۇيغۇرلار گوبى قۇملۇقىدىن ئۆتۈپ، خېشى كارىدورىغا كۆچۈپ كىردى.

7 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئورخۇن دەرياسى ۋە تۇغلا دەرياسى ۋادىلىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتى چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ راۋاجىنى ئەۋزەل شارائىت بىلەن تەمىنلىدى. تۆمۈرچىلىك، شۇنداقلا تۆمۈر ئەسۋابلارغا ئىگە بولۇش ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي كۈچى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ يۇكسىلىشىگە تۈرتكە بولدى. قول ھۈنەرۋەنچىلىك مۇستەقىل ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىغا ئايلاندى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەتراپىدىكى مىللەتلەر بىلەن، بولۇپمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان سودىسى ئۇلارغا ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئېلىپ كەلدى. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ يىلقىچىلىق ئىشلىرى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. ئۇيغۇر ئېتى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم چارۋىچىلىق مەھسۇلاتىغا ئايلىنىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان سودىسىدىكى ئاساسىي تاۋار بولۇپ قالدى. بۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا، ئۇيغۇرلاردا بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەت قۇرۇشتەك ئېھتىياج شەكىللەندى.

«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دىكى خاتىرىلەرگە

ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرىنى ئەڭ دەس-لەپتە بىرلەشتۈرگەن كىشى سۈكۈن ئىركىن ئىدى. سۈكۈن ئىركىننىڭ ئوغلى پۇسار ئۇيغۇر تارىخىدىكى مۇھىم شەخس بو-لۇپ ھېسابلىنىدۇ. «يېڭى تاڭنامە» دە ئۇ «جاسارەتلىك، تەدبىر-لىك ئۇستا مەرگەن ئىدى، جەڭگە باشلامچىلىق بىلەن كىرەتتى، ھۇجۇم قىلغاندا يەڭمەي قالمايتتى، يېڭىلگەنلەرنى بويسۇندۇرماي قالمايتتى» دەپ تەرىپلەنگەن. سۈكۈن ئىركىن ئۆلگەندىن كې-يىن، پۈتۈن قەبىلىلەر ئورتاق ھالدا ئۇنى خانلىققا سايلىدى. پۇسار ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ئورقۇن خاتۇننىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۇي-غۇرلار تېزلا قۇدرەت تاپتى. مىلادىيە 629 ـ يىلى ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن سىياسىي ـ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھەمكار-لىقنى باشلىدى. مىلادىيە 630 ـ يىلى ئۇيغۇرلار سىر ـ تار-دۇشلار بىلەن بىرلىشىپ، تۈركلەرنىڭ شىمالىي قىسمىغا ھۇ-جۇم قىلدى. مازۇڭ تېغىدا تۈرك ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قى-لىپ، شەرقىي تۈركلەرنى مۇنقەرز قىلدى. بۇ قېتىمقى غەلىبى-دىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، پۇسار تۇغلا دەر-ياسى بويىدا ئۆز ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى تىكلىدى.

كېيىنچە ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى تۇمىد پۇسارنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى. تۇمىد بارغۇت، توڭرا قاتارلىق قە-بىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، مىلادىيە 646 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ، سىر ـ تاردۇشلارغا ھۇجۇم قىلدى. سىر ـ تاردۇشلارنىڭ رەھبىرى دومى قاغان يېڭىلىپ، تۇمىد تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. تۇمىد ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىدى. ئۇ شۇ يىلى 8 ـ ئايدا تېلىلارنىڭ 13 قەبىلىسىگە باشچىلىق قىلىپ، خېلەنشەن تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا كېلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە بېقىنىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ تاڭ تەيزۇڭنىڭ زامانى بولۇپ، ئۇ تۇمىدكە «مەرىپەت قۇچقان ئۇلۇغ سانغۇن»، قوشۇمچە «چۆل-

لۇك تۇتۇق بېگى» دېگەن ئۇنۋانلار ھەدىيە قىلدى. تاڭ سۇلالىـ-
سى ئۇيغۇرلار رايونىدا «چۆللۈك تۇتۇق مەھكىمىسى» تەسىس
قىلدى. مەھكىمە قارىمىقىدا ئالتە مەھكىمە، يەتتە ئايماق قۇ-
رۇلدى. مەھكىمىلەرگە تۇتۇقبەگ، ئايماقلارغا ئايماق بېگى قويـ-
دى. يەنە ئۇيغۇرلار رايونىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى جايلىـ-
رىغا بارىدىغان قاتناش يولى ئېچىلدى. مىلادىيە 648 ـ يىلى
10 ـ ئايدا ئۇيغۇر خانلىقىدا ئوغۇزلار توپىلىڭى يۈز بەردى. تاڭ
سۇلالىسى يەنرەن تۇتۇقبېگى يۈەن لىچېن ئوغۇزلار توپىلىڭىنى
تىنجىتتى، تۇمىدىنىڭ ئوغلى بۇيان ئۇيغۇرلارغا قاغان بولدى.
ئۇيغۇر خانلىقى قايتا مۇقىملىقىقا ئېرىشتى. ئۇ مىلادىيە 661 ـ
يىلى ئۆز خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كو-
رىيەگە قارشى ئۇرۇشىغا قاتناشتى. بۇيان ئۆلگەندىن كېيىن،
ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىلگە (تېكەچۇق)، چۆللۈكنىڭ (ئۇتىـ-
بەگ)، ئۆتېنان(چىغزۇڭ)، قۇشۇ قاتارلىقلار ئىلگىرى ـ كېيىن
بولۇپ ئۇيغۇرلارغا قاغان بولدى. ئۇيغۇرلار مىلادىيە 7 ـ ئەسىر-
نىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، بەزى تۈرك قەبىلىلىرى بىلەن بولغان
ئۇرۇشلاردا ئۈزلۈكسىز كۆچىيىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى
قۇدرەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

سۈكۈن ئېركىن زامانىدىن كۆل بىلگە قاغان زامانىغىـ-
چە(مىلادىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇ-
رىلىرىغىچە)، ئۇيغۇرلار يۈز يىلدىن ئارتۇق تەرەققىيات دەۋرىنى
باشتىن كەچۈردى. ئەمما ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مۇشۇ دەۋردىـ-
كى كونكرېت ئەھۋالىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار ناھايىتى
ئاز. قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدىكى ۋە خەنزۇ تىلىدىكى تا-
رىخىي ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، ئۇيغۇرلار بىلەن تۈرك خانلىقىـ-
نىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. «كونا
تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلاز-
غاندا، ئۇيغۇرلار دەسلەپتە ئۆز يولباشچىلىرىنى «ئېركىن»،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«ئېلتەبىر» دەپ ئاتايتتى. «ئىچ بۇيرۇق» بىلەن «تاشقى بۇيرۇق» (ۋەزىرلەر) ۋە باشقا ھەر دەرىجىلىك مەنسەپدارلار ئادەتتە ئېركىن، ئېلتەبىر ۋە قاغان جەمەتىدىن، شۇنداقلا ئۇلارغا قانداشلىقى بولغان ئۇرۇق، قەبىلىلەر ئىچىدىن تاللىنىپ تەيىنلىنەتتى. قاغان يايلاقلارنى ئۆز جەمەتىدىكىلەرگە ۋە باشقا قەبىلە ئاقساقاللىرىغا بۆلۈپ بېرەتتى ھەم ئۇلاردىن باج ـ سېلىق ئالاتتى.

ئېركىن، ئېلتەبىر، قاغان ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتلىرى، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدار، ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى نۇرغۇن چارۋا، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە يايلاقلارغا ئىگە بولۇۋالغانىدى. قارا بودۇن (ئاددىي پۇقرا) ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپ بولۇپ، ئۇلاردا پەقەت ئازغىنە چارۋا ۋە يايلاق بار ئىدى. سىياسىي جەھەتتە پۈتۈنلەي ھەر دەرىجىلىك مەنسەپدارلارغا بېقىناتتى. ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا، ئۇلار ئۆزلىرى ئات، قورال ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك تەييارلاپ، قوشۇن تۈزۈپ، ئۇرۇشقا قاتنىشاتتى. ئۇرۇشتا قولغا چۈشكەن ئولجا ۋە ئەسىرلەر پۈتۈنلەي قەبىلە ئاقساقاللىرىغا ھەدىيە قىلىناتتى. قارا بودۇن ئۆز چارۋىچىلىقىنى قىلغاندىن تاشقىرى، ئاساسەن ھۆكۈمران سىنىپلارغا ھەقسىز ئىشلەپ بېرەتتى. ئۇلار قەبىلە ئىچىدە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ۋە باشقا ئېھتىياجلىق مەھسۇلاتلارنى ئەركىن ئالماشتۇراتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ تۈرلۈك باج ـ سېلىقلارنى تولۇق تاپشۇرۇشى ئالدىنقى شەرت ئىدى، سىرت بىلەن بولغان سودىنى پەقەت ئەمەلدارلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىقلا قىلالايتتى.

## ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋال تېپىشى

ئەسلىدە گوبى قۇملۇقىنىڭ شىمالىدا ھۆكۈم سۈرگەن شەرقىي تۈرك خانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، تۈرك ئاقسۆ-

ئەكلىرىدىن قۇتلۇق چىچىلىپ كەتكەن تۈرك قەبىلىلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، 685 ـ يىلى بۈگۈنكى سەنشىنىڭ شىمالى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن خۇاڭ-خې دەرياسىنى بويلاپ خېبېينىڭ يۇيشيەن ناھىيەسىگىچە بولغان جايلاردا ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ، ئۆزىنى ئىلتەرىش قاغان دەپ ئاتىدى. ئۇيغۇرلار يېڭىلىپ، بىر قىسمى تۇغلا دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كەتتى، كۆپ قىسمى تۈركلەرگە ئەل بولدى. قۇتلۇق ئۆلگەندىن كېيىن، بەگچۇر قاغان تۇغلا، سېلىنگا، ئورخۇن دەريا ۋادىلىرىغا ئۈزلۈكسىز ئەسكەر يوللاپ، ئۇيغۇرلار-غا ھۇجۇم قىلدى، ئارىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بەش قېتىم چوڭ ئۇرۇش بولدى. 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئۇي-غۇر ۋە باشقا تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوۋملەرنىڭ قارشىلىقى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. مىلادىيە 734 ـ يىلى ئۇيغۇر، باسمىل، قارلۇق قەبىلىلىرى تۈركلەرنىڭ يۇقىرى قات-لىمىدىكى قالايمىقانچىلىقلاردىن پايدىلىنىپ مۇستەقىل بو-لۇۋالدى. مىلادىيە 742 ـ يىلى ئۇيغۇرلار باسمىل، قارلۇقلار بىلەن بىرلىشىپ تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، قاغانى قۇتلۇق يابغۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، باسمىللارنىڭ ئاقساقىلىنى قاغان قى-لىپ تىكلىدى. ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇقلارنىڭ ئاقساقاللىرى ئوڭ، سول يابغۇ بولدى. مىلادىيە 744 ـ يىلى باسمىل قاغانى تۈركلەرنىڭ كېيىنكى رەھبىرى ئوزمىش قاغاننى ئۆلتۈردى. ئۇيغۇرلاردىن كۆل بىلگە باسمىللارنىڭ قاغانىنى ئۆلتۈرۈپ، قۇتلۇق بىلگە قاغان دەپ ئاتالدى. ئۆز بارگاھىنى سېلىنگا دەر-ياسى ۋادىسىدىن ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئور-دۇبالىق(قارا بالغاسۇن)قا كۆچۈردى. ئىككىنچى يىلى كۆل بىل-گە كېيىنكى تۈركلەرنىڭ بولمىش قاغانىنى ئۆلتۈردى، كېيىن-كى تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرقى ھېسابتا يوقى-لىپ، ئۇيغۇر خانلىقى رەسمىي قۇرۇلدى.

كۆل بىلگە قۇرغان ئۇيغۇر خانلىقى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بىر ئەسىرگە يېقىن (744 ـــ 840 ـ يىللار) داۋام قىلدى. ئۇيغۇر خانلىقى ئىچكى توققۇز قەبىلىنى يادرو قىلىپ، تاشقى توققۇز قەبىلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەندى. ئىچكى توققۇز قەبىلە ئىچىدىكى ياغلاقارلار قاغان جەمەتى بولۇپ، قاغانلار ھامان بۇ جەمەتتىن بارلىققا كېلەتتى. مىلادىيە 795 ـ يىلى قۇتلۇق بىلگە ساداقەتمەن قاغان ئالچۇر ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە دېيانەتمەن قاغان قۇتلۇق تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن خانلىق ياغلاقار جەمەتىدىن باشقا جەمەتكە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى دەسلەپتە بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى توبا، بايقال كۆلىنىڭ غەربىدىكى قۇرىقانلارنى، يەنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قىرغىزلارنى، ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قارلۇقلارنى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى شاداپىتلارنى، چۇغاي تېغى ئەتراپىدىكى تاڭغۇت، تۇيغۇنلارنى، شۇنداقلا ھىنگان تېغىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى سىرۋى، قۇمۇق، قىتانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. «تارىخىي جاھانكۇشاي»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر خانلىقى كۆچەيگەن مەزگىلدە ئۆز تەسىرىنى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى چۇ دەريا ۋادىلىرىغىچە كېڭەيتكەن. مىلادىيە 812 ـ يىلى ئۇيغۇر قاغانى ئۆزى ئەسكەر باشلاپ بەشبالىق، كۇسەندىن ئۆتۈپ، قارلۇقلار بىلەن تىبەتلەرنى مەغلۇپ قىلدى. يەتتىسۇ ۋادىسى، ئىنچۇ دەرياسى (بۇگۈنكى سىر دەرياسى) قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى.

ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئىجتىمائىي ئىگىلىك يەنىلا چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئات ۋە يىپەك سودىسى بولۇپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن باشقا، شەرق بىلەن غەربنىڭ سودا لىنىيەسى بولغان يىپەك يو-

لىنى تىزگىنلەپ تۇرغانلىقتىن، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن ۋە كۈچەيگەنىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىقى ئات بېقىشنى ئاساس قىلاتتى. ئۇيغۇر ئاتلىرى ئۆز ۋاقتىدىكى ئۇرۇشتىمۇ، ئىشلەپچىقىرىشتىمۇ، تۇرمۇشتىمۇ، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ئۇيغۇر ئاتلىرىنىڭ سانى ئۇيغۇر خانلىقى زامانىدا ئومۇمەن ناھايىتى كۆپ ئىدى. گەرچە ئۇيغۇر ئاتلىرىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى سانى توغرۇلۇق تارىخىي ھۆججەتلەردە خاتىرە قالدۇرۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قىلىنغان ئات ـ يىپەك مال سودىسىنىڭ مىقدارىدىن ئۇيغۇرلاردىكى ئاتچىلىقنىڭ ئەھۋالىنى بىلىۋالالايمىز. مەسىلەن، «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە يېزىلىشىچە، 758 — 760 ـ يىللىرى، ئۇيغۇرلار يىلدا بىر قېتىم تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى جايلىرىغا كېلىپ ئات سېتىپ، ئاتلىرىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ يىپەك ماللىرىغا تېگىشىپ كېتەتتى. تاڭ سۇلالىسىگە يىلدا سېتىپ بەرگەن ئاتلىرى كۆپ بولغاندا نەچچە 10 مىڭغا يەتكەن. 773 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، ئۇيغۇرلار بىر قېتىمدىلا 10 مىڭ ئاتنى ھەيدەپ كېلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى جايلىرىدا ساتقانىدى. «بەي جۈيىنىڭ چاڭچىڭ نەزملىرى توپلىمى»دا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «ئۇيغۇر قاغانى بىلەن يېزىشقان مەكتۇپلار»دا، ئۇيغۇرلار بىر قېتىمدا 20 مىڭ ئات ئېلىپ كېلىپ، 500 مىڭ توپ شايىغا تېگىشىپ كەتكەن، دېيىلىدۇ. تاڭ سۇلالىسى ئۆكتۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭىنى تىنچىتقاندا، ئۇيغۇرلار 5000 ئەسكەر، 10 مىڭ ئات ياردەم قىلغانىكەن. بۇ سانلىق مەلۇماتلار ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئات بېقىش ئىشلىرىنىڭ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقىنى، ئات سانىنىڭ ناھايىتى كۆپ بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئات ـ يىپەك مال سودىسى ئۇيغۇرلارغا ناھايىتى پايدىلىق ئىدى. مۇنداقچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېيتقاندا، بىر ئۇيغۇر ئېتى تاڭ سۇلالىسىنىڭ 40 توپ گەزلىمىسىگە ئالماشتۇرۇلاتتى. بەزىدە بىر ئات 50 توپ يىپەك تاۋارغا ئالماشتۇرۇلاتتى. بۇ خىل چوڭ تىپتىكى تاۋار ئالماشتۇرۇش ھەرىكىتى تارىخشۇناسلار تەرىپىدىن «ئات ـ يىپەك مال سودىسى» دەپ ئاتالدى. ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن زور مىقداردىكى يىپەك، چاي ۋە باشقا بۇيۇملارنى ئاتقا تېگىشىپ كېلەتتى. بۇ بۇيۇملارنى ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلارغا ئاپىرىپ ساتاتتى. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ سودا پائالىيەتلىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلغانىدى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسىملىرىغا كىرگۈچىلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ، نۇرغۇن كىشى چاڭئەندە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ، سودىگەرچىلىك قىلىپ ناھايىتى بېيىغانىدى ۋە بىر مەھەل يىپەك يولىنىڭ سودىسىنى كونترول قىلىۋالغانىدى.

8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن تىبەتلەر كۆچۈيىپ، لۇڭيۇ (گەنسۇنىڭ شەرقى)، بەشبالىق ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىنى بېسىۋالدى. نەتىجىدە غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى قەبىلىلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئالاقە پۈتۈنلەي ئۇيغۇر خانلىقىدىكى يول ئارقىلىقلا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. بەشبالىق شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتنىشىدىكى جۇغراپىيەلىك ئورنى ناھايىتى مۇھىم ئۆتەڭ بولغاچقا، 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلار ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان (ئادالەتلىك قاغان)نىڭ رەھبەرلىكىدە تىبەتلەرگە قارشى يۈرۈش قىلىپ، بەشبالىق، كۇسەن قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالدى. بىر مەھەل ئۈزۈلۈپ قالغان شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش ئالاقىسى يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلدى. يىپەك يولىنىڭ راۋانلىقى تاڭ سۇلا-

لىسىنىڭمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ مەنپەئەتىگە تامامەن ئۇيغۇن كې-
لەتتى. ئۇيغۇر خانلىقى شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش تومۇرىنى
تىزگىنلەپ تۇرغانلىقتىن، سودا ئىشلىرىمۇ يۈكسەلدى. ئوتتۇرا
ئاسىيا رايونىدىكى سوغدىلار ئۇيغۇر خانلىقىغا كۆپ ساندا كۆ-
چۈپ بېرىپ، سودا بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن، بەلكى
ئوردىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى ئوردۇبالىق ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ
سىياسىي، ئىقتىسادىي مەركىزى ئىدى. ئارخېئولوگلار بىر
تۇرار جاي خارابىسىدىن دېۋىرقاي، مىس پارچىسى ۋە بىرونزا
ئەينەكنى بايقىدى. پايتەختتە، شۇنىڭدەك ئورخۇن دەرياسى بو-
يىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ياشىغان ئائىلىلەرنىڭ ھەممى-
سىدە دېگۈدەك ئۇن تارتىدىغان قول تۈگمىنى (يارغۇنچاق) بار
ئىدى. پايتەخت سىرتىدا، ئورخۇن ۋە سېلىنگا دەرياسى بويىدى-
كى باشقا ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراق رايون،
دېھقانچىلىق رايونى، شەھەر ئىچىدە يەنە قول ھۈنەرۋەنچىلىك
ئىشخانىلىرى بار ئىدى. پايتەخت 12 چوڭ تۆمۈر قوۋۇقلۇق،
نوپۇسى كۆپ، ئاھالىسى زىچ شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭ بازارلىرىدا
تۇرلۇك سودا ــ سېتىق ئىشلىرى بولۇپ تۇراتتى.

ئۇيغۇرلار ئەسلىدە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلات-
تى، ئەمما ئىقتىساد ۋە سودىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ قول
ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ مەلۇم كۆلەمگە ئىگە بولدى، بۇنىڭ بىلەن
نۇرغۇن شەھەرلەر ۋە تۇرالغۇلار مەيدانغا كېلىپ، بارا ــ بارا يې-
رىم ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچۈشكە باشلىدى. 8 ــ ئەسىرنىڭ
ئوتتۇرىلىرىدا قارا قاغان(مويۇنچۇر) سېلىنگا دەرياسى بويىدا
بايبالىق شەھىرىنى بىنا قىلدى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ ئوغ-
لى بۆگۈ قاغانمۇ ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا بۆگۈ قاغان بالىق،
ئوردۇبالىق ۋە باشقا نۇرغۇن ئوردا ــ سارايلارنى بىنا قىلغانى-
دى.

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىياسىي تۈزۈلمە ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر خانلىق قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكىدىن ئانچە كۆپ پەرقلەنمەيتتى. قاغان ئەڭ چوڭ چارۋىدار ئىدى، «تاشقى توققۇز قەبىلە»نىڭ ئاقساقاللىرىمۇ چوڭ چارۋىدارلاردىن ئىدى. چارۋىدارلار كۆپلەپ يايلاق ئىگىلىۋالاتتى، چارۋىچىلار يايلاقنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغىلا ئىگە بولاتتى. چارۋىچىلار چارۋىدارلارنىڭ قولىدىكى يايلاقنى ئىشلىتىش ئۈچۈن چارۋىدارلارنىڭ ماللىرىنى بېقىپ بېرەتتى. چارۋىدارلار بۇ ئارقىلىق نۇرغۇن چارۋا ئۇندۇرۇۋالاتتى.

خانلىقنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارى قاغان ئىدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدا بەگلەر بولاتتى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەل ـ مەنسەپلەردىن يابغۇ، كۇلچۇر، ئاپا، ئىلتەبىر، تۇتۇق، ئىركىن، يارغۇتاي، تارقان قاتارلىقلار بار ئىدى. قاغاننىڭ ئوغلى «تېكىن» دەپ ئاتىلاتتى، ھەربىي قوماندانلار «شاد» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمى قوللىنىلىپ ئالتە تاشقى بۇيرۇق، ئۈچ ئىچ بۇيرۇق ۋە تۇتۇق، سانغۇن، باش سانغۇن قاتارلىقلار قويۇلغانىدى①. بۇ مەنسەپدارلار قاغاننىڭ ئىرادىسى بويىچە تۈرلۈك ئىشلارنى باشقۇراتتى②. توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرغانلىقتىن، باشقا ھەممە قەبىلىلەرگە تۇتۇقبەگ قويۇلاتتى. قاغان قەبىلە باشلىقلىرىغا تامغا بېرەتتى. ئەمەلدار تەيىنلەپ قەبىلە ئىشلىرىنى نازارەت قىلاتتى ۋە ئولپان ـ سېلىق يىغاتتى.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىلى سىستېمىسى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە تەۋە. ئۇيغۇرلار ئىلگىرى تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىنى ئىشلەتكەنىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تارىخى، تىلىغا ئائىت يازما مەلۇماتلار گەرچە كۆپ بولمىسىمۇ، بىر قىسىم مەڭگۈ تاشلار ئۇيغۇر تارىخى ۋە تىلىنى تەتقىق قىد-

①② «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار» بىرىنچى قىسىم.

لىشتا يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. مەسىلەن، 1909 ـ يىلى فىنلاند ـ دىيەلىك رامستېد موڭغۇلىيەنىڭ شىنە ئۇسۇ دېگەن يېرىدىن بايقىغان «مويۇنچۇر مەڭگۇ تېشى»نى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ مەڭگۇ تاش 759 ـ يىلى ئورنىتىلغان. ئابىدىدە ساقلىنىپ قالغان خەتلەر خېلى كۆپ بولۇپ، ئاساسىي مەزمۇنى ئۇيغۇر قاغانى مو ـ يۇنچۇرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن ئىبارەت. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى تىلى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىـ ـكى مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. «تېرخىن مەڭگۇ تېشى»نى ئېلىپ ئېيتساق، موڭغۇلىيەنىڭ ھانگاي ئۆلكىسىدىكى ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان. رۇس تۈركولوگى كلياشتورنىيـ ـنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، بۇ مەڭگۇ تاشتا قارا قاغان(مويۇنچۇر قاغان) نىڭ تۆھپىسى خاتىرىلەنگەن. مەڭگۇ تاش «تەڭرىدە بول ـ مىش ئېل ئەتمىش مەشھۇر بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى»دىنمۇ بالدۇر ئورنىتىلغان. «تېرخىن مەڭگۇ تېشى»نىڭ ئاپتورى قۇت ـ لۇق تارقان سەنگۇن بولۇپ، مەڭگۇ تاش قارا قاغاننىڭ تۆھپىـ ـلىرى ھەم ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى، شۇنداقلا قارا قاغاننىڭ قەھرىمانلىقلىرىغا ئوقۇلغان مەدھىيە قاتارلىق مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپقان. يەنە بىرى «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۇ تېشى» بولۇپ، تولۇق ئاتىلىشى «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بول ـ مىش ئالىپ بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى»دۇر. 1809 ـ يىلى موڭغۇلىيەدىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان قارا بالغاسۇن شەھىرى ئەتراپىدىكى سەيدام دەرياسى بويىدىن تېپىلغان. بۇ مەڭگۇ تاش 814 ـ يىلى (تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ يۈ ـ ەنخې 9 ـ يىلى) ئورنىتىلغان. مەڭگۇ تاشقا تۈركچە، سوغدىچە ۋە خەنزۇچە ئۈچ خىل يېزىقتا خەت ئويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۈركچە تېكىستى ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، پەقەت ئىنتايىن ئاز قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان، سوغدىچە قىسمىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، پەقەت خەنزۇچە

قىسمىلا مۇكەممەلرەك ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئابىدىگە ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئورخۇن دەرياسى بويىدا دۆلەت قۇرۇشىدىن تارتىپ،
تاكى دىيانەتلىك قاغان(ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە
قاغان ـــ ت) نىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىگىچە خاتىرىلەنگەن. بۇ-
نىڭدىكى بۆگۈ قاغاننىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى جايلىرىدىن
تۆت نەپەر مانى دىنى راھىبىنى ئۇيغۇرلار رايونىغا ئېلىپ بار-
غانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

تۈرك يېزىقى ئەڭ ئاۋۋال يېنىسەي دەرياسى ۋە ئورخۇن
دەرياسى بويىدىكى تۈركلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغانىدى. بۇ يې-
زىق قەدىمكى شىمالىي ياۋروپادىكى مىللەتلەر ئىشلەتكەن رۇنىك
يېزىقىغا ئوخشاپ كەتكەچكە، ئادەتتە تۈرك ـ رۇنىك يېزىقى دې-
يىلىدۇ. بۇ يېزىقتىكى ئابىدىلەر موڭغۇلىيەنىڭ ئورخۇن دەريا-
سى ۋادىلىرى ۋە سىبىرىيەنىڭ يېنىسەي دەرياسى ۋادىلىرىدىن
بىر قەدەر كۆپ بايقالغانلىقتىن، بەزىلەر يەنە ئورخۇن ـ يېنى-
سەي يېزىقى دەپمۇ ئاتايدۇ. كۆپ ساندىكى تىلشۇناسلارنىڭ قا-
رىشىچە، تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىنىڭ مەنبەسىنى ئوتتۇرا شەرق-
تىكى ئارامى يېزىقىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. پارسلار ئوت-
تۇرا ئاسىيادىكى ئىران تىللىق مىللەتلەرگە بۇ يېزىقنى تارقات-
قاندىن كېيىن، يەنە تۈركلەرگە تارقالغان. ئەمما تۈرك ـ رۇنىك
يېزىقىنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتى ۋە ئورنى ھازىرغىچە ئېنىق
ئەمەس. ھازىرغىچە بايقالغان يادىكارلىقلاردىن ئەڭ قەدىمكىلىرى
6 ـ 7 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ. تۈرك ـ رۇنىك يېزىقى بولسا
فونېما بىلەن بوغۇم ئارىلىشىپ كەتكەن يېزىق. 38 ـ 40 ھەرپ
بار، تۆت بەلگە ئارقىلىق سەككىز سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلىد-
گەن؛ سەككىز ئۇزۇك تاۋۇش ئىككى يۈرۈش ئوخشاشمىغان بەل-
گىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى سۆز
ئوتتۇرىسىدىلا قىسقارتىۋېتىلىپ قالماستىن، بەلكى سۆز بې-
شىدا كېلىدىغان سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىمۇ كۆپ ھاللاردا يې-

زىلمايدۇ. تۈرك ـ رۇنىك يېزىقى ئادەتتە ئوڭدىن سولغا يېزىلىدۇ، ئۇنى سولدىن ئوڭغا يازىدىغانلارمۇ بار ئىدى. جۈملىلەر ئادەتتە «:» بەلگىسى ئارقىلىق ئايرىلىپ يېزىلاتتى.

ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇن شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدى. 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى مانى دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالدى. بۇ دىن شامان دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ قارشىلىقى ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى. بۆگۈ قاغان ئۆزى مانى دىنى راھىبلىرى بىلەن قايتا ـ قايتا مۇنازىرىلەشكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۆز ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ، مانى دىنىنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ جاكارلىدى. كېيىنچە ئۇيغۇرلار مانى دىنىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى جايلىرىغا تارقاتتى. 768 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ تەلىپى بىلەن چاڭئەندە مانى دىنىنىڭ «دايۈن يارۇق ئىبادەتخانىسى» قۇرۇلدى، چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى جىڭ، خۇڭ، ياڭ، يۆ قاتارلىق شەھەرلەردە ۋە خېنەن مەھكىمىسى، تەييۈەن مەھكىمىلىرىدىمۇ مانى ئىبادەتخانىلىرى سېلىندى. 845 ـ يىلىدىكى بۇتخانىلارنى چېقىش ۋەقەسىدە مانى دىنى مۇرىتلىرىمۇ زەربىگە ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى①.

ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش قۇتلۇق بىلگە قاغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر خانلىقى زەئىپلىشىشكە ۋە يىمىرىلىشكە باشلىدى. 832 ـ يىلى قاسار تېكىن ئۆلتۈرۈلدى، ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ كۈچلۈك بىلگە قاغان ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. 839 ـ يىلى بۇيرۇق (باش ۋەزىر ـــ ت) سوغدىلاردىن بولغان ئەن يۈنخې بىلەن سايغان تېكىن ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغاندا، ئىككىسى كۆل تېكىن قاغان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇيرۇق چۇرۇق (كۈرەبىر) شاداپىتلارنىڭ ئەسكەرلىرىگە قو-

① شى يۈەنرېن يازغان، بەي خۇاۋېن قاتارلىقلار ئىزاھلىغان: «تاڭ سۇلالىسىگە بېرىپ نوم ئۆگىنىش زىيارەت قىلىش خاتىرىسىنىڭ شەرھىسى»، 416 ـ 417 ـ بەتلەر، خۇا شەن مەدەنىيەت ـ سەنئەت نەشرىياتى.

ماندانلىق قىلىپ، قاغان ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلدى، قاغان مەغ-لۇپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى. مىلادىيە 840 ـ يىلى (تاڭ ۋېنزۇڭنىڭ كەيچېڭ 5 ـ يىلى) ئۇيغۇر سانغۇنى كۈلۈگ باغا قىرغىز ئەسكەرلىرىنى پايتەخت قارا بالغاسۇنغا باشلاپ كىردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى قارا بالغاسۇن ئىگىلىۋېلىنغاندىن كېيىن، پان تېكىن قاتارلىق خان جەمەتى ئەزالىرى بۇيرۇق، ئەمەلدارلىرىنىڭ قوغدىشى ئاستىدا، 15 قەبىلىگە يېتەكچىلىك قىلىپ غەربكە كۆچتى. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا قارلۇقلار چارۋىچىلىق قىلىۋاتقان جايلارغا كۆچۈپ بېرىپ، كېيىنچە قارلۇق، ياغما قا-تارلىق قەبىلىلەر بىلەن قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇردى. يەنە بىر قىسمى غەربكە كۆچۈپ خېشى كارىدورىدىكى ھەر قايسى جايلاردا ئولتۇراقلاشتى. 10 ـ ئەسىردە بۇ ئۇيغۇرلار كۆپىيىپ 300 مىڭغا يەتتى. كېيىنچە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. چېچىلىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە ئىككى قىسمى بار ئىدى. بىرى، ھازىرقى تۇرپان، جىمسار رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ، قوچو ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتالدى، ئۇلار بۇ يەردە قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. يەنە بىر قىسمى 13 قەبىلە بولۇپ، ئۆگە تې-كىننى قاغان قىلىپ، جەنۇبقا قاراپ كۆچتى، كېيىنچە يۇجۇ ئايمىقىغا بېرىپ شىرۋىلارغا بويسۇندى. شىرۋىلار بۇ ئۇيغۇرلار-نى ئۆزلىرىنىڭ يەتتە قەبىلىسى ئىچىگە چېچىۋەتتى. 10 ـ ئە-سىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قىرغىزلار 70 مىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ شىرۋىلارغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئۇيغۇرلارغا يەنە بىر قېتىملىق زور زەربە بولدى، قالغان قىسمى بارا ـ بارا شۇ يەردىكى ھەر قايسى مىللەتلەرگە سىڭىشىپ كەتتى. غەربكە كۆچۈپ ماۋەرا-ئۇننەھر رايونى ۋە تۇرپان، كىنگىت(قاراشەھەر)، كۇسەنگە بې-رىپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

## قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى

غەربكە كۆچكەن بۇ بۆلۈك ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرپان رايونىدا تېزلا پۇت تىرەپ تۇرۇشى، شۇنداقلا ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرالىشىنىڭ تارىخىي سەۋەبى بار ئىدى. ئۇيغۇرلار تېلىلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، بىر تۈركىي ناھايىتى بۇرۇنلا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا چارۋىچىلىق قىلىغان ياكى ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچكەنىدى. 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىغا كەلگەندە، ئۇلار بۇ يەردىكى ئاساسىي مىللەتكە ئايلانغانىدى، 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى پايتەختىنى تارتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، خان جەمەتى ۋە پۇقرالار چېچىلىپ كەتتى، ئۇيغۇر خان جەمەتىنىڭ بىر قىسمى بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلدى.

جۇڭگونىڭ خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا، قوچو (高昌) يەنە 火州 دەپمۇ ئاتالغان. ئۇيغۇر تىلىدا «قارا قوچو» دېيىلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلاردا، بۇ نام «Qoço» دەپ خاتىرىلەنگەن. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە «Qoço» ئىبارىسىگە «ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ ئېتى. بەزىدە ئۇ يەردىكى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ» دېيىلگەن. بۈگۈنكى كۈندە يەرلىك كىشىلەر بۇ يەرنى «ئىدىقۇت شەھىرى» دەپ ئاتايدۇ، يېقىنقى زاماندىكى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلاردا بولسا «قارا خوجا» دېگەن شەكىلدە كۆرۈلىدۇ.

تۇرپان ئويمانلىقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمدە ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان «يىپەك يولى» بۇ يەردىن ئۆتەتتى. «تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە «خەننامە»دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيەدىن

ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىردىلا بۇ يەردە قوشلار ياشىغان ۋە قوش خانلىقىنى قۇرغانىدى. قوش خانلىقى ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئالدى قوش خانلىقى تۇرپان ئويمانلىقىغا، ئارقا قوش خانلىقى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى بەشبالىق رايونىغا جايلاشقانىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا غەربىي خەن سۇلالىسى بىلەن هونلار ئارىسىدا غەربىي يۇرتنى تالىشىش كۈرىشى باشلىنىپ كەتكەنلىكتىن، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئورنى كۆنسېرى مۇھىم بولۇپ قالدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 108 ـ يىلى خەن ۋۇدى يانداش چاپاۋۇل بېگى جاۋ پونۇنى تۇرپان ئويمانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ھوقۇق مەركەزلەشكەن فېئوداللىق سۇلالىنىڭ تەسىرى تۇرپان رايونىغا كىرىشكە باشلىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 89 ـ يىلى تۇرپان رايونىدىكى قوش خانى خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇپ، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. كېيىن غەربىي خەن ھۆكۈمىتى تۇرپان ئويمانلىقىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەسكەر تۇرغۇزدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلدى، تۇرپان ئويمانلىقى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى باشقا جايلارمۇ خەن سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيەسىگە رەسمىي كىردى. شۇنىڭدىن كېيىن تۇرپان رايونى يەنىمۇ گۈللىنىپ، بۇ يەردە مەشھۇر قوچو شەھىرى قۇرۇلدى.

840 ـ يىلىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ياپ تېكىن 15 قەبىلىنى باشلاپ غەربكە كۆچكەندە، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئالدىن بەشبالىق ئەتراپىغا توپلانغانىدى ۋە باسمىل قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن قوشۇلغانىدى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئۇيغۇرلار تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ كىنگىست رايونىغا بېسىپ كىردى. 9 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا ياپ تېكىن كىنگىتتە ئۆزىنى يابغۇ دەپ جاكارلىدى. 200 مىڭ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر

تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بوغدا تېغى ئەترا-پىدىكى جايلاردا تۇراتتى. 9 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن باشلاپ بەشبالىق ۋە تۇرپان ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارغا بۆگۈ تې-كىن رەھبەرلىك قىلدى. بۆگۈ تېكىن ئۇيغۇرلارغا باشچىلىق قىلىپ، قوچو رايونىدا تىبەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلدى، تىبەت هۆكۈمدارلىرىغا هۇجۇم قىلدى. 866 ـ يىلى بۆگۈ قاغان هۇ-جۇمنى بەشبالىقتىن باشلاپ، تىبەت سانغۇنى شاڭ كۈڭرىنى مەغلۇپ قىلىپ، قوچو، بەشبالىق، بۇگۇر قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلارنىڭ قوچونى مەركەز قىلغان هاكىمىيىتى تەدرىجىي مۇستەھكەملەندى ۋە كېڭەيدى.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي مەركىزى قوچو شە-هىرى(بۈگۈنكى تۇرپاننىڭ ئاستانە رايونى) دە ئىدى. ئارخېئو-لوگىيەلىك مەلۇماتلارغا ئاساسەن، ئەسلىي شەھەر دائىرىسىنىڭ بەش كىلومېتىر ئەتراپىنى، ئىچكى شەھەر، تاشقى شەھەر ۋە ئوردىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى بىلىۋالالاي-مىز. تاشقى شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبى ۋە غەربىي جەنۇبىدا زور كۆلەملىك ئىبادەتخانا، سودا رايونى ۋە قول هۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىلىرى بار ئىدى. شەھەرنىڭ سېپىلى ئېگىز هەم هەيۋەت-لىك بولۇپ، قۇرۇلمىسى مۇستەھكەم ئىدى. شەھەر سېپىلى سوقما تامدىن ياسالغان بولۇپ، هەربىر قەۋەت سوقما 8 ـ 12 سانتىمېتىر بولۇپ، ئارىسىغا كېسەك ئېلىنغانىدى. ئوردىنىڭ خارابىلىرى هازىرمۇ ساقلانغان بولۇپ، خارابىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 60 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 30 مېتىر بولۇپ، يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى ئىككى قەۋەتكە بۆلۈن-گەن. ئىچكى شەھەرنىڭ شىمالى تەرىپىدە چوڭ بىر ئىستىهكام بار، ئىستىهكامنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە 15 مېتىر ئېگىز-لىكتىكى بىر بۇددا مۇنارى بار. شەھەر ئىچىدە بىر بۇددا

ساگرامى بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى تەخمىنەن 10 مىڭ كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە، رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئارخېئولوگلىرى بۇ جايدا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدى. تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، ئىلگىرى ساگرامنىڭ ئىچىدە رەڭدار سىزىلغان نەپىس رەسىملەر، رەڭدار ھەيكەللەر بولغان. بۇ ساگرام ئۆز ۋاقتىدا ھەشەمەتلىك، كاتتا ئىبادەتخانا ئىدى. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ئەسلىدىكى ئاساسىغا تايىنىپ شەھەر ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنى يەنە بىر قەدەم تەرەققىي قىلدۇرغانىدى. بۇددا دىنى تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، بىر مەھەل ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى. شەھەرنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان سودىسى تېخىمۇ قويۇقلىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلىپ يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى.

10 ـ ئەسىردە ماۋەرائۇننەھەردىكى سامانىيلار خانلىقىدا ئۆتكەن نامەلۇم ئالىم تەرىپىدىن يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم» دېگەن كىتابنىڭ 12 ـ بابى «توققۇز ئوغۇزلار دۆلىتى (قوچو ئۇيغۇر خانلىقى) ۋە ئۇنىڭ شەھەر ـ بازارلىرى»دا قوچو تېررىتورىيەسى شەرقتە قومۇلدىن باشلىنىپ، شىمالدا ئىلى دەرياسىغىچە، غەربتە شىمالىي داۋان (ئاقسۇنىڭ شىمالى)، جەنۇبتا تىبەت (بۇگۈنكى خوتەن بىلەن دۇنخۇاڭنىڭ ئارىلىقى) كىچە①، دېيىلگەن. دېمەك، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسى تۇرپان، تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقلىرىدىن ھالقىغان، شەرقتە قومۇلدىن، غەربتە ئاقسۇغىچە سوزۇلغان، ئارىلىقتا چۆل ـ جەزىرە ۋە تاغ تىزمىلىرى بولغان. خانلىقنىڭ چېگراسى ئىچىدە قوچونى مەركەز قىلغان قوچو ئۇيغۇرلىرىدىن باشقا، غەرب تەرىپىدە يەنە كۇسەننى مەركەز قىلغان كۇسەن ئۇيغۇرلىرىمۇ بار ئىدى. كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ پاسىلى ئاقسۇدىكى مۇزداۋان (مۇزئارت)دىن، جەنۇبتا تارىم دەرياسىغىچە باراتتى. قوچو ئۇيغۇ-

غۇر خانلىقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈمدارى «ئىدىقۇت» بولۇپ، مەنىسى «بەخت ئىگىسى»[②] دېگەندىن ئىبارەت. خۇاڭ ۋېنبىنىڭ «تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» نىڭ رەسىملىك 89 ــ 94 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان «مانى ئىبادەتخانىسى پۈتۈكلىرى»نىڭ بىر پارچىسىدە خەنزۇ يېزىقىدىكى بىر مۆھۈر بولۇپ، ئۇنىڭدا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى يەنە «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى» دې- يىلگەن. ئىدىقۇتنىڭ ھوقۇقى ۋارىسلىق تۈزۈمىدىكى ھوقۇق بولۇپ، ئىدىقۇت خانلىقنىڭ ئالىي قانۇن چىقارغۇچىسى ۋە ئىجراچىسى ئىدى. ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرگە ئاساسلانغاندا، بايرام كۈنلىرىدە ئىدىقۇت ئۇنچە ـ مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن مۇز- بەرگە ئورنىتىلغان تەختتە ئولتۇراتتى. بېشىغا تاج تاقاپ، ئۈستىگە قىزىل تون كىيەتتى. ئىدىقۇت توققۇز ۋەزىر، تۇتۇق، ئەدلىيە ئەمەلدارى ۋە ھەر دەرىجىلىك چوڭ ـ كىچىك بەگ- لەرنى تەيىنلەپ، دۆلەت ۋە يەرلىككە قارىتا ھۆكۈمرانلىق يۈر- گۈزەتتى.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە نۇرغۇن بوس- تانلىقلار تارقالغان بولۇپ، يېرى كەڭ، بايلىقى مول. سۇ مەن-

① ۋاڭ جىلەي، جۇ شىجۇەنلەر تەرجىمە قىلغان: «ھۇدۇدۇلئالەم»، 63 ـ بەت، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى باستۇرغان، 1983 ـ يىل. 1. سىلىشتۇرۇڭ: «ھۇدۇدۇلئالەم» ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ تەتقىقات ئىنستى- تۇتى باستۇرغان. خەنزۇچە، 1983 ـ يىلى، 65 ـ بەتتە «شەرقتە چىن ئېلى- دىن باشلىنىپ، جەنۇبى تىبەتنىڭ بىر قىسمى ۋە قارلۇقلار بىلەن، غەربىي قىسمى قىرغىزلارنىڭ بىر قىسمى، شىمالىي تەرىپىمۇ قىرغىزلار بىلەن چېگرالىنىدۇ» دېيىلگەن. 2. سىلىشتۇرۇڭ: ئابلەت نۇردۇن نەشرگە تەييار- لىغان «ھۇدۇدۇلئالەم»نىڭ 116 ـ بېتىدە: «بۇ يەرنىڭ شەرقىدە جۇڭگو، جەنۇ- بىدا تىبەتنىڭ بىر قىسىم جايلىرى ۋە قارلۇق زېمىنى، غەربىدە قىرغىزلارنىڭ بىر قىسىم جايلىرى بار، شىمالىدىمۇ قىرغىزلار بولۇپ، ئۇلار توققۇز ئو- غۇزلارنىڭ پۈتكۈل زېمىنىغا جايلاشقان» دېيىلگەن. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىيا- تى، 2003 ـ يىل نەشرى.

② جۇۋەينى: « تارىخى جاھانكۇشاي» (خې گاۋجى تەرجىمىسى) بىرىن- چى كىتاب، 49 ـ بەت، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل.

بەسى يېتەرلىك، شۇنداقلا بىر قەدەر ئىلغار سۇغىرىش ئىنشا-
ئاتلىرىغا ئىگە ئىدى. شۇڭىمۇ بۇ يەرنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋى-
چىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى شارائىت
بىر قەدەر تولۇق ئىدى. قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدىن چىقىدىغان
مەھسۇلاتلار دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئا-
ساس قىلاتتى. كان مەھسۇلاتلىرى ۋە دورا مەھسۇلاتلىرىمۇ مە-
لۇم سالماقنى ئىگىلەيتتى. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن
بۇغداي، شال، ئارپا، كۆممىقوناق ۋە پۇرچاق تۈرىدىكىلەرگە
ئوخشاش ئاشلىق زىرائەتلىرى، شۇنداقلا كېۋەز، ئۈزۈم، مېۋە –
چېۋە، كۈنجۈت قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەر بار ئىدى. بۇ
يەرنىڭ پاختىسى ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا
داڭلىق بولۇپ، كۆپىنچە رەخت توقۇشتا ئىشلىتىلەتتى. پاختى-
دىن توقۇلغان رەختلەر يۇمشاق ھەم چىداملىق بولۇپ، ئۇي-
غۇرلار بازاردا ئۇنى تاۋار سۈپىتىدە ئالماشتۇراتتى. ئەينى
ۋاقىتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر بۇنداق رەختلەرنى
«白叠布» دەيتتى، «白叠» پاختا سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى
ئىدى.

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلار تۈرلۈك
سورتلاردىكى ئۈزۈملەرنى يېتىشتۈرۈشتە ئەۋزەل تەبىئىي شارا-
ئىتقا ئىگە ئىدى، يەنى قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن،
كېچە – كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولۇپ، تۇرپاننىڭ
كىشمىش ئۈزۈمى بىلەن ئۇزۇنچاق مۇناقى ئۈزۈمى مەملىكەتى-
مىزنىڭ ئىچى – سىرتىدا مەشھۇر ئىدى. قوچو ئۇيغۇر خانلى-
قىدىكى فېئوداللاردىن ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار
ناھايىتى كۆپ ئىدى. كىشىلەر ئارىسىدا ئۈزۈم سودىسى قىلىش
ۋە مۇسەللەس ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىمۇ كەڭ راۋاج تاپقان
ئىدى. دۆلەت مۇسەللەس ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن باج يىغىپلا
قالماي، يەنە مەلۇم مىقداردا مۇسەللەسمۇ يىغىۋالاتتى. ئەرەب

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇيغۇر قاغانى ئور-دىسىدىكى مۇسەللەس ئوتتۇرا ئاسىيادا مەشھۇر ئىدى، ئوردىدا ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم مۇسەللەس ئىچىلەتتى. مۇسەللەس ئۇيغۇر تىلىدا «بور» دەپ ئاتىلاتتى.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دائىرىسىدە، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇ-شى يېزا ئىگىلىك ۋە پۇتكۇل ئىجتىمائىي ئىگىلىكتە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنىدى. تەڭرىتاغدىن ئېقىپ كېلىدىغان قار سۈيى ۋە يەر ئاستى سۈيىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن، تۇرپان ئويمانلىقىدا ئاللىبۇرۇنلا شۇ جاينىڭ كىلىماتى ۋە جۇغراپىيە-لىك شەرت ـ شارائىتىغا ماسلاشقان سۇ ئىنشائاتلىرى بارلىققا كەلگەنىدى. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە كارىزغا ئوخشاش سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ ئۈنۈمدارلىقى جارى قىلدۇرۇلدى ۋە تېخىمۇ كېڭەيتىلدى. كارىز قۇدۇق، تەشمە، تىلمىدىن ئىبارەت ئوخشاش بولمىغان قىسىملاردىن تۈزۈلىدۇ. ھەر 20 ـــ 30 مېتىردا بىردىن قۇدۇق قېزىلىدۇ. شۇنداقلا قۇدۇقلار يەنە يەر ئاستى سۇ يولىغا تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئەڭ ئاخىردا يەر ئاستى ئېقىنىنى تەدرى-جىي يەر ئۈستىگە باشلاپ چىقىدۇ. كارىزنىڭ ئەڭ ئۇزۇنى 10 كىلومېتىرغا يېتىدۇ.

چارۋىچىلىق قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىگىلىكىدە ئىنتا-يىن مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. خانلىقتا تەۋە بولغان تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدە كەڭرى كەتكەن ئوتلاقلار بولۇپ، ئات، تۆگە، كالا، ئېشەك قاتارلىق چارۋىلار بېقىلاتتى. ئۇنىڭدىن باش-قا يەنە ياۋا ئات، قوتاز، غۇلجا، موڭغۇل جەرىنى قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار ئىدى. تېرىلغۇ ئىشلىرىدا كالا بىلەن ئېشەك كۆپ-رەك ئىشلىتىلەتتى، ئات كۆپ ئىشلىتىلىدىغان قاتناش ۋاسى-تىسى ئىدى. تۆگە مال يۆتكەشتىكى ترانسپورت قورالى ئىدى. ھەربىي ئىشلاردا ئات ناھايىتى كەڭرى ئىشلىتىلەتتى. يىگىتلەر ئاتقا مىنىپ جەڭگە ئاتلىناتتى. 1001 ـ يىلى قوچو ئۇيغۇر خان-

لىقىنىڭ ساربىلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئۆز ئىلىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەنىدى: «ئۇ يەردە ھەرقانداق بىر كىچىك ئەمەلدارنىڭمۇ نەچچە يۈزلەپ ئاتلىق ئەسكىرى بار».

خانلىق تېررىتورىيەسى ئىچىدە مول كان بايلىقلىرى بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا قېزىلغان ۋە تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنگەنلىرىدىن تۆمۈر، قىزىل تۇز، نۆشۇدۇرلەر بار ئىدى. نۆشۇدۇر بەشبالىقتىكى تاغدىن چىقىدىغان بىر تۈرلۈك كان مەھسۇلاتى بولۇپ، «نۆشۇدۇر» سۆزى قەدىمكى پارس تىلىدىكى «nushadir»دىن كەلگەن. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى شۈيشىگۇ جىلغىسىدىن چىقىدىغان نۆشۇدۇر ساپ ھەم ئاپئاق بولۇپ، كىشىلەر «بەشبالىق نۆشۇدۇرى» دەپ ئاتايتتى. ئۇيغۇرلار ئۇنى دورىگەرلىكتە ئىشلەتكەندىن باشقا، كۆن ـ خۇرۇم ئاشلاشتا خام ئەشيا قىلاتتى.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ ئىلگىرىكىدىن خېلىلا تەرەققىي قىلغانىدى. كان قېزىش، مېتال تاۋلاش تېخنىكىسىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەنىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قولى ئەپچىل بولۇپ، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر تاۋلاشقا ماھىر ئىدى، بۇ مېتاللاردىن تۈرلۈك ئەسۋابلارنى ياسىيالايتتى، يەنە قاشتېشى بۇيۇملارغا ئويما ئويۇش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەنىدى. كۈسەندىن ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، قەلەي چىقاتتى. كۈسەن رايونىدىكى ئۇيغۇرلار بۇ مېتاللاردىن تۈرلۈك سايمان ۋە جابدۇقلارنى ياسايتتى.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا پاختىدىن مول ھوسۇل ئىلىناتتى، شۇڭا بۇ يەردە مەلۇم دەرىجىدە كۆلەملەشكەن پاختا توقۇمىچىلىق مەۋجۇت ئىدى. پاختا توقۇمىچىلىقتىن باشقا، پىلىچىلىك، يىپەك توقۇمىچىلىقى ۋە يۇڭ توقۇمىچىلىقىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. لۈكچۈن رايونى كەندىردىن قوش قەۋەت قىلىپ ئىگىرىلگەن كاناپ يىپتىن رەخت توقۇش بىلەن مەشھۇر ئىدى. تۇرپاندا

ئەنئەنىۋى كەشتىچىلىكنىڭ تۈرى كۆپ خىل ئىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ تۇرپان رايونىدىن قېزىۋېلىنغان يىپەك بۇيۇملارنىڭ تۈرى ئون نەچچە خىلغا يېتىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە 8 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت بىر جۈپ يولۋاس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كىمخاب، ئۇنىڭدىن ئەجدىھا سۈرىتى چىقىرىلغان لىباس، تېگى ئاسمان رەڭگى، ئۈستىگە كالۋۇتۇن يىپتىن ئۈزۈم نۇسخىسى كەشتىلەنگەن ئاق گۈللۈك تاۋار بار؛ قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت يىپەك توقۇلمىلاردىن ئۇنىڭدىن قۇش سۈرەت نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن كىمخاب بار. قېزىۋېلىنغان يىپەك توقۇلمىلار ئىچىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ يىپ بىلەن كەشتىلەشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئۇسۇلىدىن تاشقىرى، يەنە تېپىك يەرلىك ئۇسلۇبقا ئىگە گۈل چىقىرىپ كانىۋا چىقىرىلغان توقۇلمىلارمۇ بار ئىدى.

چارۋىچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشى كۆن ـ خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىشىنىڭمۇ خېلى تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولغانىدى. ئۇيغۇرلار كۆن ـ خۇرۇمدىن ناھايىتى چىرايلىق ئېگەر جابدۇقلىرى، ئۆتۈك، سومكا، ئوقدان، كەمەر ۋە باشقا بۇيۇملارنى ياسايتتى. مەسىلەن، ھۈنەرۋەنلەر ئاققۇيرۇق تېرىسىنى نۆشۈدۈر بىلەن ئاشلاپ، رەڭگىنى قىزارتىپ، سىلىق ھەم سىپتا خۇرۇم ئىشلەيتتى، بۇ ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك تىكىشتىكى ئەلا سۈپەتلىك خۇرۇم ھېسابلىناتتى.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن بەش سۇلالە ۋە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى ئارىسىدا كۆپ قېتىملاپ ئات سودىسى بولغانىدى. 924 ـ يىلىدىن 948 ـ يىلىغىچە بولغان 25 يىل ئىچىدە ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئات، تۆگە، ئېگەر، يۇگەن دېگەندەك نەرسىلەرنى كەيفېڭ، لوياڭ قاتارلىق جايلارغا 11 قېتىم ئاپىرىپ ساتقانىدى. 938 ـ يىلىدىن 942 ـ يىلىغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئىچكىرى (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك)گە يۆتكىگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئات 1200 تۇياق ئىدى. 961 ـ يىلىدىن 1085 ـ يىلىغىچە بولـ-
غان يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئاتلىرى كەيفېڭدا ئۇ-
زۇلمەي سېتىلىپ تۇرغانىدى. 1085 ـ يىلى ئەڭ چوڭ بىر قې-
تىملىق سودا بولغان بولۇپ، بۇ چاغدا يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق
ئات سېتىلغانىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دورا ماتېرىياللىرى، خۇشپۇراق ماتې-
رىياللار سودىسىمۇ ئەۋج ئالغانىدى. قوچو ئۇيغۇرلىرى ئىچكى-
رىگە نۆشۈدۈر، بۆكەن مۈڭگۈزى، تەنكار، كەھرىۋا، توغرىغا،
قۇستە، مۇقەلى، قەلەمپۇر، خەربەق قاتارلىقلارنى ئېكسپورت
قىلاتتى. قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پۇلى ئۆز دۆلىتىدە ئىشلە-
تىلەتتى. ئىچكىرى رايونلارنىڭ مىس پۇلىمۇ خانلىق ئىچىدە
ئىشلەۋېرەتتى.

## قوچو ئۇيغۇرلىرىدا دىن ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيىتى
ئالمىشىدىغان مۇھىم يولغا جايلاشقانلىقتىن، شەرق ـ غەرب
مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، سىرتتىن كەلگەن دىن ۋە
مەدەنىيەتكە قارىتا كەڭچىلىك قىلىش ۋە قوبۇل قىلىش پوزىتى-
سىيەسىدە بولغان. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى
بۇ جايدا بۇددا ئىشلىرى ناھايىتى راۋاج تاپقانىدى. كۆي جەمەتى
خانلىقى دەۋرىدە بۇتخانىلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھەر قايسى
جايلاردىكى راھىبلار داڭقىنى ئاڭلاپ، بۇددىزم تەلىماتلىرىنى
ئۆگەنگىلى كېلەتتى. ئىستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، ئەينى
ۋاقىتتا خانلىق تەۋەسىدە يۈزدىن ئارتۇق ساڭرام بار ئىدى. قو-
چو ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھىندىستان، ئوتتۇرا
ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيەتلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى

قوبۇل قىلىپ، بارا ـ بارا ئۆزگىچە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى شە ـ كىللەندۇردى. تارىخىي ۋەسىقىلەر، دىنىي دەستۇرلار ۋە قېزىۋې ـ لىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىزگە قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە كىشىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى بۇ يەردىكى يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان دىنىي مەدەنىيەت ۋە ئۇ ـ نىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان بەدىئىي سەنئەتتۇر.

## 1. دىن

بۇددا دىنى

بۇددا دىنى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا ناھايىتى ئومۇملاشقانى ـ دى. بۈگۈنگىچە بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ساقلاز ـ غان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا دەستۇرلىرىدىن كۆرۈۋې ـ لىش مۇمكىنكى، بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپى بۇ جايدا يې ـ تەكچى ئورۇندا تۇراتتى. ئەمما قېزىۋېلىنغان بەزى يازما يادى ـ كارلىقلار ۋە تام رەسىملىرىگە قارىغاندا، ھىنايانا مەزھىپى دەس ـ تۇرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىدىيەسى، شۇنداقلا ۋاجرايانا (Vajrayana) مەزھىپى ئەقىدىلىرىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تارقالغانىدى. قوچو ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش جەريانىدا بۇددا پەلسە ـ پەسى ۋە بۇددا سەنئىتىنى قوبۇل قىلدى. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بۇددا قۇرۇلۇشلىرى، شۇنداقلا بۇددا سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندا، خاز ـ لىق تەۋەسىدە قەدىمھار سەنئىتى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بۇددا سەنئىتىنىڭ تەسىرى بىر قەدەر روشەن بولغان. سۇترا، شاسترا، سىنايانادىن ئىبارەت ئۈچ ئاغلىق نوم بىتىكلەر ئا ـ ساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانىدى. بۇلاردىن «ئالتۇن ياروق» ۋە «ئابھىدھارما كوشا شاستراننىڭ شەرھى» قا ـ

تارلىقلار خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغانىدى. بەزى دەستۇرلار توخرى ۋە سانسكرىت تىللىرىدىن، ۋاجرايانا مەزھىپىنىڭ بەزى دەستۇرلىرى بولسا تىبەت تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغانىدى. بۇددا دىنى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدىكى بۇددا دىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بۇددا دىنىغىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى، بىر قىسىم ئۇيغۇر راھىبلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە نوم تەپسىر قىلىپ، ئۇ يەردىكى بۇددىستلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. 1047 ـ يىلى تاڭغۇت خانى لى يۈەنخاۋ ئېگىز پەشتاقلىق ئىبادەتخانا سالدۇرغاندا، ئۇيغۇر راھىبلىرى بىر قىسىم بۇددا ۋەسىقىلىرىنى تاڭغۇت تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققانىدى. بەزى ئۇيغۇر راھىبلىرى چوڭقۇر بۇددا بىلىملىرىگە ئىگە بولۇپ، سۇترا، شاسترا، سىنايانادىن ئىبارەت ئۈچ ئاغىلىق نوم بىتىكنى ۋە سانسكرىت، خەنزۇ، ئۇيغۇر، توخرى قاتارلىق تىللارنى پىششىق بىلەتتى. بەزى راھىبلار بولسا رەڭلىك تام رەسىمى سىزىش ۋە ھەيكەلتىراشلىقنىڭ ئۇستىلىرىدىن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنىڭ رەسىم سىزىش ئۇسلۇبلىرىنى يۇغۇرۇپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى ۋە ۋەزىرلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىسىمۇ، بىراق ئۇيغۇرلار گوبى قۇملۇقىنىڭ شىمالىدىكى چاغدا مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىغانلىقتىن، شۇنداقلا مانى دىنى بۇ جايدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇيغۇرلاردىن يەنە نۇرغۇن ئادەم مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. بۇ جايدا مانى دىنى بۇددىزمنىڭ ئىدېئولوگىيەسىگە بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدىكى بەزى بۇددا مەزھەپلىرىنى مانى دىنى تۈسىگە ئىگە قىلغانىدى.

ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارغا قارىغاندا، بۈگۈنكى ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى، يارغول قەدىمىي شەھىرى، بەشبالىق قەدىمىي شەھىرى ۋە قاراشەھەر، كۇچالار قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بۇددىزم مەركەزلىرىدىن ئىدى. بېزەكلىك، تۇيۇق، لەمجىن ۋە سىڭگىم ئېغىزى قاتارلىق جايلاردا چوڭ كۆلەملىك مىڭئۆيلەر بار. بېزەكلىك مىڭئۆيىدىكى ئەر - ئايال تېۋىنغۇچىلارنىڭ رەسىمى ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ كارتىنىسى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بەشبالىقتىكى ساڭرامدا خانلىق دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تام رەسىملىرى ۋە ھەيكەللىرى بار. بايدىكى قىزىل مىڭئۆيىدىمۇ قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى تام رەسىملىرى بار. بۇ مىڭئۆيلەر ۋە بۇددىزم قۇرۇلۇشلىرى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بۇددا دىنىنىڭ نەقەدەر گۈللەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. 1979 - يىلى ئارخېئولوگلار جىمسار ناھىيەسىنىڭ شىمالىدىن قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت بۇددىزم خارابىسىنى تېپىپ، كۆلىمى زور بولغان تام رەسىملىرى ۋە نۇرغۇنلىغان ھەيكەللەرنى بايقىدى. قەدىمكى ئۇيغۇرچە قالدۇق ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، بۇ قوچو ئۇيغۇرلىرى خان جەمەتى ئىبادەتخانىسى ئىكەن (مىڭ فەنرېن: «بەشبالىق، قوچو ئۇيغۇر تام سىزمىلىرى»، 1 -، 2 - بەتلەر، لياۋنىڭ گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى، 1990 - يىل).

مانى دىنى

بۇددا دىنىدىن باشقا مانى دىنىمۇ قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا كەڭ تارقالغانىدى. مانى دىنى خەنزۇچە تارىخىي يادىكارلىقلاردا «明教»(يورۇقلۇق دىنى) دەپمۇ ئاتالغان. بۇ دىن مىلادىيە 3 - ئەسىردە پېرسىيەلىك مانى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. ئۇ زوروئاستېرنىڭ ئىككى مەنبەچىلىك تەلىماتى

ئاساسىدا، خىرىستىيان، بۇددا، گىنوتىزم قاتارلىق دىنلارنىڭ ئەقىدىلىرىنى قوبۇل قىلىپ شەكىللەنگەن ئۆزىگە خاس ئېتىقاد ۋە تەلىماتتۇر. بۇ ناھايىتى جانلىق دىن بولۇپ، مۇخلىسلار ئاڭلىق ھالدا دىن ئاساسچىسى مانىنىڭ دۇنيا ۋە دىنىي ئىدىيەلىرىنى ئەمەلىيلەشتۇرىدۇ. بۇ نۇقتىنى بىز تۇرپاندىن بايقالغان 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا ئائىت مانى دىنىغا دائىر بىر پارچە قالدۇق ۋەسىقىدىن كۆرۈۋالالايمىز. بۇ يادىكارلىقتا مانىي پۈتۈن دۇنياغا دىن تارقىتىش توغرىسىدىكى مەردانە سۆزلىرى ۋە ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن: «مەن تاللىغان دىن ئون جەھەتتە بۇرۇنقى دىنلار ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. بىرىنچى، ئىلگىرىكى دىنلار بىر دۆلەت، بىر خىل تىل بىلەنلا چەكلەنگەن بولسا، مېنىڭ دىنىم ھەر قانداق دۆلەتتە تارقىلالايدۇ، بارلىق تىللارنى قوللىنالايدۇ، ئۇ ئالەمنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغىچە تارقىلىدۇ. ئىككىنچى، بۇرۇنقى دىنلار پەقەت ھەقىقىي يېتەكچىلىرى بار چاغلاردىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىدى، يېتەكچىلىرى ئۆلۈشى بىلەنلا ئۇلارنىڭ دىنى قالايمىقانچىلىق پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئەمرىمەرۇپ ۋە دەستۇرلىرى بىر يانغا تاشلىنىپ قالدى. ئەمما مېنىڭ دىنىمنىڭ دەستۇرلىرى ھاياتىي كۈچكە ئىگە، دىن تارقاتقۇچىلار، باش روھانىيلار، تاللانغانلار ۋە ئاڭلىغۇچىلار بولغانلىقى، ئۇلاردا ئەقىل ۋە دەستۇرلار بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەبەدىلئەبەد مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ»①.

مانى دىنى مۇخلىسلىرى ئىچىدە ئۇستازلار، نازارەتچىلەر، راھىبلار، تاللانغانلار ۋە ئاڭلىغۇچىلاردىن ئىبارەت بەش دىنىي تەبىقە بار. بۇ دىن 3 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە ئاسىيا،

① لىن ۋۇجۇ: «مانى دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇۋەپپەقىيەتلىك تارقىلىشى»، «مانى دىنى ۋە ئۇنىڭ شەرقتە تارقىلىشى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، 35 ـ، 36ـ بەتلەر، 1987 ـ يىل.

ئافرىقا، ياۋروپانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا تارقالغان. مانى دىنى ساسانىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمدارى شاپۇر I (مىلادىيە 241 ــ 272 ـ يىللىرى تەختتە بولغان)نىڭ قوغدىشىغا ئېرىشكەن. كېيىن بەھرام I تەرىپىدىن بىدئەتچىلىك دەپ چەكلىنىپ، ئۇ-نىڭ مۇخلىسلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان.

مانى دىنى تارقالغاندا نۇرغۇن ھۆكۈمدارلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. ئەمما 8 ــ 9 ـ ئەسىرلەردە ئۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت دىنى بولغان. مانى راھىبلىرى ئۇيغۇر قاغانى بىلەن ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە ناھايىتى پائالىيەتچان بولغان، شۇنداقلا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئوردىسىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىدا ئىبادەتخانا قۇرۇپ، ھەر تەرەپكە بېرىپ دىن تارقاتقان.

ئادەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى تاڭ دەيزۇڭ باۋ يىڭنىڭ بىرىنچى يىلى (مىلادىيە 762 ـ يىلى) دىن كېيىن، دەپ قارىلىدۇ، بۇ پىكىر ئاساسلىق «توققۇز ئۇيغۇر قا-غان مەڭگۇ تېشى»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغان، ئابىدىدە:

«قاغان (بۆگۈ قاغان) ئەسكەرلىرىنى شەرقىي ئاستانە (لو-ياڭ) گە ئورۇنلاشتۇردى ... مۇجاك قاتارلىق تۆت راھىبنى ئې-لىپ كېلىپ كىردى، ئۇلار ئىككى مەنبە تەلىماتى ۋە ئۈچ زامان تەلىماتىنى تەرغىب قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى ناھايىتى سىر-لىق، ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىدى. ئۇلار خەنزۇلارنىڭ دەستۇرلى-رىنى بىلەتتى. ئۇلار تالانتلىق، گەپدان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئە-قىدىسى رەسمىي دىن سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارغا تارالدى. ئۇلار گۆش يېيىش، پىشلاق يېمەسلىكنى تەرغىب قىلىپ نەتىجە قازاندى. شۇ چاغدا تۇتۇق بېگى، ئىچكى ـ تاشقى بۇيرۇق قاتارلىقلار

ئىلگىرى ساختا ئەقىدىلەرگە ئىشەنگەنلىكىگە ئۆكۈنۈپ، رەسمىي دىنغا كىرىشنى ئىستىدى. قاغاننىڭ يارلىقى بىلەن بۇ تېپىلغۇسىز دىن ئىكەن، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ دەپ جاكارلاندى ھەمدە بۇرۇن بىلمەسلىك قىلىپتۇق، جىنىنى بۇددا دەپ قاراپتۇق. ئەمدىلىكتە سەۋەنلىكلىرىمىزنى تونۇدۇق، ئۇنى يەنە تەكرارلىساق بولمايدۇ، شۇنداق ياخشى ئەقىدە بار ئىكەن، ئۇنى قوللاش كېرەك، بۇرۇنقى ئويما رەسىملەرنى كۆيدۈرۈش، ئىلاھقا، جىنغا چوقۇنۇشنى... مانى دىنىنى قوبۇل قىلىش كېرەك. قان ئىچىپ تۇرىدىغان غەيرىي ئادەتنى ئۆزگەرتىپ، كۆكتات، ئاشلىق ئىستېمال قىلىدىغانلار ماكانىغا، قاسساپلار ئېلىنى مېھرىبانلىققا ئۇندەيدىغانلار دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇش لازىم. ئەۋلىيالار ئاۋام ئارىسىدا، يۇقىرىدىكىلەر نېمە قىلسا، تۆۋەندە شۇنى دورايدۇ. مانى دىنىغا رەسمىي ئېتىقاد قىلىنغاندىن كېيىن، تەقۋادارلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى... پەزىلەت ئىگىلىرى بولغان راھىبلار دۆلەتكە كىرىپ، تەرغىبات... دىن كېيىن، ... مۇخلىسلار تەرەپ ـ تەرەپكە بېرىپ دىن تارقاتتى».

مەڭگۈ تاشنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ۋەقە ئەن لۇشەن ـ شى سىمىڭ توپىلىڭى ۋاقتىدا يۈز بەرگەن. ئەلۋەتتە، مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشى «مۇجاك قاتارلىق تۆت راھىبنىڭ ئورخۇن دۆلىتىگە كىرىشى» بىلەنلا باشلانمىغان. مانى بەھرام I تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مۇخلىسلىرى كەينى ـ كەينىدىن سوغدىلار رايونىغا كىرىپ پاناھلىق تىلىدى. بۇ ۋاقىتتا يەنە مۇقەررەر ھالدا نۇرغۇن دەستۇرلىرىنى يوشۇرۇپ، يىپەك يولىنىڭ شەرقىي رايونلىرىغا باردى. مانى دىنىمۇ ئورخۇندىكى خان ئوردىلىرى بۇزغۇنچىلىقىقا ئۇچراپ غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇنلا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدا تارقالغان، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ مەلۇم قىسمى مانى دىنىغا ئېتىقاد

قىلغانىدى. ئەرەب، پارس تارىخىي مەنبەلىرىدە تەمىم ئىبنى بەھر 9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردە قوچو ئۇيغۇر خانلىقى خانىنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى، چىندا ئىشلەنگەن تاۋاردىن كىيىم كىيىدىغانلىقى خاتىرلەنگەن. ۋاڭ يەندېمۇ خانلىقتا بېرىپ، «مانى ئىبادەتخانىلىرى كۆپ، ھەر قايسى پارس راھىبلىرى ئۆز يولى بويىچە ئىش تۇتىدۇ» دەپ يازغانىدى. گەردىزىنىڭ خاتىرىلىشىگە قارىغاندا، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، ھەر كۈنى ئۈچ ـ تۆت يۈز كىشى خان ئوردىسىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، مانى دەستۇرلىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇيتتى. بارتولد «كىتابلار مۇندەرىجىسى»دىن مۇنداق بىر تارىخىي ماتېرىيالنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: توققۇز ئوغۇزلار(قوچو ئۇيغۇرلىرى)نىڭ خانى كىشىلەردىن سامانىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى سەمەرقەنتتىكى مانى مۇخلىسلىرىغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلايدىكەن. ئۇ سامانىيلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ خانىغا پوپوزا قىلىپ: «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدىكى مۇسۇلمانلار سامانىيلار خانلىقىدىكى مانى مۇخلىسلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ. مۇبادا سامانىيلار خانلىقى ئۆز تەۋەسىدىكى مانى مۇرتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا قوچو ئۇيغۇر خانلىقىمۇ ئۆز تەۋەسىدىكى مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ» دېگەنىكەن. بۇ گەپ دەرھال ئۈنۈم بېرىپ، سامانىيلار خانلىقى مانى مۇرتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانىكەن[1]. قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بۇ ھەرىكىتى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مانى دىنىنى قوغدىغانلىقى، مانى دىنىغا قىلىنغان

① بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخىغا ئائىت ئون ئىككى لېكسىيە» (لو جىپىڭ تەرجىمىسى)، 58 ـ بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى نەشرىياتى، 1984 ـ يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زىيانكەشلىككە يول قويمىغانلىقىنى كۆرستىپ بېرىدۇ.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا مەخسۇس مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرى بار ئىدى. ئىبادەتخانىلارنىڭ نۇرغۇن تېرىلغۇ، ئۈزۈملۈك ۋە مال - چارۋىلىرى بار ئىدى. ئىبادەتخانىلاردا كۆچلۈك مىللىي تەبىقە ئايرىمىسى بار ئىدى، تاللانغانلار ئەڭ يۇقىرى تەبىقە، تىڭشىغۇچىلار ئەڭ تۆۋەن تەبىقىگە تەۋە ئىدى. تام رەسىملىرىدىن شۇنى بىلىش مۇمكىنكى، مانى دىنىدىن تەپسىر ئېيتىلغاندا، ئەر - ئايال مۇخلىسلار ئاق كىيىملەرنى كىيىشىپ، تەبىقە پەرقى بويىچە تاللانغانلارنى چۆرىدەپ ئولتۇرىدۇ. بۇگۈنگىچە بايقالغان مانى دىنى دەستۇرلىرىدىن «ئىككى يىلتىزلىق نوم»، «مانى مۇخلىسلىرىنىڭ تۆۋىنامىسى» قاتارلىقلار بار. ئۇيغۇرلار مانى دەستۇرلىرىنىڭ بەزىلىرىنى مانى يېزىقىدا يازسا، بەزىلىرىنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يازغان.

مانى دىنى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىتىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەنىدى، دۆلەتنىڭ نۇرغۇن مۇھىم سىياسىي مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرىغا مانى راھىبلىرىمۇ قاتنىشاتتى. خانلىقتىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر كۆپىنچە مانى روھانىيلىرىنىڭ باشچىلىقىدا بولاتتى. سۇڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىمۇ مانى روھانىيلىرى خانلىقنىڭ ئەلچىلىكىنى ئۆتىگەن ئىشلار بولغانىدى.

## نېستورىيان دىنى

نېستورىيان دىنى دەسلەپكى مەزگىللەردە خىرىستىيان دىنىنىڭ بىر تارمىقى ئىدى، جۇڭگونىڭ تارىخنامىلىرىدە پارس دىنى (波斯教, 波斯经教) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. نېستورىياسنىڭ دىنىي تەشەببۇسىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن «نېستورىيان

مەزھىپى» دەپ ئاتالغان. بۇ رىم كاتولىك دىنىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن بىدئەت مەزھەپ دەپ قارالغان. 635 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە جۇڭگوغا تارقالغان. 1623 ـــ 1625 ـ يىللىرىدىكى «داكچىن نېستورىيان مەڭگۈ تېشى» تېپىلغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزدە «جىڭجياۋ» دەپ ئاتالدى. تۇرپاندىنمۇ بۇ دىنغا ئائىت دەستۇر پارچىلىرى تېپىلدى. قوچو رايونىدا مانى دىنى بىلەن بىرگە، نېستورىيان دىنىمۇ تارقالغانىدى[1]. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، نېستورىيان دىنى ئېلخانىلار خانلىقى بىلەن ياۋروپا خىرىستىيان دۆلەتلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىلىرىدە بەلگىلىك رول ئوينىغان. رابىبان ماركوس ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر 1218 ـ يىلى نېستورىيان دىنىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئېپىسكوپلۇققا تەيىنلەنگەنىدى، ئۇنىڭ دوستى رابىبان سائۇما ئېلخانىيلار خانلىقىنىڭ پادىشاھى ئارغۇن تەرىپىدىن ئەلچىلىككە تەيىنلىنىپ، شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى كونستانتىنوپولغا بېرىپ رىم پاپاسى بىلەن كۆرۈشكەن، شۇنداقلا ئەنگلىيە، فىرانسىيە كاروللىرىنىمۇ زىيارەت قىلغانىدى. ئۇ ئالغاچ بارغان كىتابلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا بولۇپ، ئۇستىگە ئېلخانىيلارنىڭ تامغىسى بېسىلغانىدى. ھازىر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نېستورىيان ۋەسىقىلىرىدىن ئىنجىل پارچىلىرى قاتارلىقلار بار.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا بۇددا دىنى، مانى دىنى، نېستورىيان دىنى قاتارلىقلاردىن باشقا، شامان دىنى، زوروئاستىر دىنى قاتارلىق باشقا ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ ساقىندىلىرىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانىدى. مەسىلەن, قېزىۋېلىنغان بىر قەدىمكى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقتا شامانلارنى «باخشى» دەپ ئاتىغانىدى. تۇرپان

[1] جۇ جيەنجى: «جۇڭگودا نېستورىيان دىنى»، 15 ـ بەت، شەرق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل.

رايونىدا بۈگۈنگىچە شاماندىن قالغان پېرىخونلارنى «باخشى» دەپ ئاتايدۇ. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ۋاڭ يەندې قوچوغا ئەلچىلىككە كەلگەندە، زورۇئاستىر ئىبادەتخانىلىرىنى، ئۇنىڭغا پارس راھىبلىرىنىڭ باشچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىسلام دىنىمۇ قوچو ئۇيغۇر خانلىقىغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تويىن دىنىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغانىدى. ئارخېئولوگلار تۇرپاندىن تويىن دىنىغا ئائىت ئۇيغۇرچە قالدۇق ۋەسىقىلەرنى بايقىغانىدى.

## 2. كالېندارچىلىق

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىشلىتىلىدىغان كالېندار ئاز دېگەندە ئىككى خىل ئىدى. ئۇنىڭ بىرى ھەپتىلىك كالېندار بولۇپ، بۇ بىر خىل قەدىمكى ئىران كالېندارى ئىدى. تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كالېندارنىڭ پارچە ۋاراقلىرىغا ئاساسلانغاندا، كالېندارغا كۈنلەرنىڭ نامى سوغدىچە، خەنزۇچە، تۈركچە ئۈچ خىل تىلدا يېزىلغان، يەتتە كۈننىڭ نامى سوغدى تىلىدا، بۇرج ۋە مۆچەل خەنزۇ تىلىدا، 12 مۆچەل نامى تۈرك تىلىدا يېزىلغان. تۇرپاندىن تېپىلغان يەنە بىر كالېندار باشقىچە بولۇپ، بۇ كالېنداردا بىر يىل 12 ئايغا بۆلۈنگەن، 2 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە بولغان ھەر قايسى ئايلار ئۆز تەرتىپى بويىچە سان بىلەن ئاتالغان. پەقەت 1 ـ ئاي «ئارام ئاي» دەپ، 12 ـ ئاي «چاخشاپات»(cahsapat) دەپ ئاتالغانىدى. بىر يىلنى 12 مۆچەلنىڭ مەلۇم بىر مۆچەل نامى بويىچە ئىپادىلىگەن: مەسىلەن، چاشقان يىلى، توشقان يىلى، ئات يىلى دېگەندەك.

## 3. مەدەنىيەت

### مەتبەئەچىلىك

جۇڭگو مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ۋە قوللىنىلىشى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. ئەڭ دەسلەپتە تامغىنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە نۇسخىلاش ئۇسۇلى ئويما مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشىغا ئىلھام، شۇنداقلا سەۋەبچى بولدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە، تامغىنىڭ يىلتىزىنى شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ سۈرۈشتە قىلىشقا بولىدۇ. خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئەل ئىچى ۋە ئوردا ئىچىدە تامغا ئىشلىتىش خېلى ئومۇملاشقانىدى. ئارخېئولوگلار شىنجاڭنىڭ شايار ۋە كۇچا قاتارلىق يەرلىرىدىكى قەدىمىي مەدەنىيەت خارابىلىكلىرىنىڭ كۆپ جايلىرىدىن مىس مۆھۈر ۋە ئىمزالارنى تاپقانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئويما خەتمۇ، قاپارتما خەتمۇ، يەنە نەقىشلىك باسما رەسىملەرمۇ ئۇچرايدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ نىيە ناھىيەسىدىكى نىيە خارابىسى، لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغاقلىرىدىكى كروران خارابىسى، كۇچانىڭ سۇبېشى ۋە مارالبېشىنىڭ توققۇزساراي قەدىمكى خارابىلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ئۇستىگە قەدىمىي يېزىق يېزىلغان، يۇزىگە لاي پېچەت بېرىلگەن شىنا شەكىللىك تارشا پۈتۈك تېپىلغان. بۇنىڭدا ئىككى پارچە ئوخشاش چوڭلۇقتىكى شىنا شەكىللىك تارشا بىر ـ بىرىگە جۈپلەپ ئىشلىتىلگەن، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى لاي پېچەت بېرىلگىنى مۇقاۋا تارشا، يەنە بىرى بولسا تەگلىك ھېسابلىنىدۇ. مۇقاۋا تارشىنىڭ ئۇستىگە مەزكۇر يارلىق ياكى ھۆججەتنىڭ كىمگە تېگىدىغانلىقى

يېزىلغان، ئاندىن ھۆججەت مەزمۇنى تەگلىكنىڭ ئىچ تەرىپىگە يېزىلغان. ئەڭ ئاخىردا مۇقاۋا تارشا بىلەن تەگلىكنىڭ ئولڭ يۈزى جۈپلىنىپ، ھۆججەت مەزمۇنى ئىچىگە پۈتۈلگەن. جۈپلەنگەن تارشا شوينا بىلەن چىگىلىپ، لاي پېچەت بېرىلگەن، ئاندىن لاي پېچەتكە تامغا بېسىلغان، شۇنىڭ بىلەن مەخپىي ساقلاش مەقسىتىگە يەتكەن. تامغا ئويما مەتبەئەگە نىسبەتەن تۈرتكىلىك رولغا ئىگە. كېيىن كىشىلەر تامغىنى رەختكە ياكى قەغەزگە باستى، ئاندىن تەبىئىي ھالدا ئويما مەتبەئەچىلىكنىڭ كەشىپ قىلىنىشىغا تەرەققىي قىلدى. سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، بۇددا دىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان جايلاردا كەڭ ئومۇملاشتى. بۇددىزم قائىدىلىرىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن سۇترا، شاسترا، سىنايادىن ئىبارەت ئۈچ ئاغىلىق نوم بىتىكلەرنى كۆپلەپ تارقىتىش، بۇددا مۇقەددەس كىتابلىرىنى كۆپ مىقداردا بېسىش پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئايلاندى. قول بىلەن كۆچۈرۈش جەمئىيەتنىڭ بۇددا دەستۇرلىرىغا بولغان تەشنالىقى ۋە تەلىپىنى قانائەتلەندۈرەلمىگەچكە، مەتبەئەچىلىك دەل زور تۈرتكۈمدىكى يېزىق ۋە رەسىم نۇسخىلاشتىكى بىر خىل تېخنىكا بولۇپ قالدى. ئويما مەتبەئە سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا باشلانغان بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى شىيەنتوڭنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى خېلى تەرەققىي قىلغاندى. سۇڭ سۇلالىسى ئېلىمىز يەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ شانلىق دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. مەتبەئەچىلىك، شۇنداقلا ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قەغەز ۋە سىياھ ياساش تېخنىكىسى ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتتى. ئۇيغۇرلار رايونىدا، تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر

ئىبادەتخانىلىرى ئويما مەتبەئە تېخنىكىسىنى قوللىنىپ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا نومىلىرىنى باستى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە، رۇسىيە، ئەنگلىيە، ياپونىيە ۋە فىرانسىيەنىڭ تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى تۇرپاندىكى قەدىمىي خارابىلىكلەردىن كۆپ مىقداردىكى ئويما مەتبەئە ۋە مىخ مەتبەئە بۇيۇملىرىنى قېزىۋالدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، سانسكرىت، تاڭغۇت، تىبەت، موڭغۇل يېزىقلىرىدىكى مەتبەئە بۇيۇملىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر سان جەھەتتىن خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ھازىر ئېلان قىلىنىپ بولغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، نۇرغۇن مۇھىم ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرى، مەسىلەن، «سەككىز يۈكمەك»، «ئامىتا يۇرديانا سۇترا»، «يىتتىكەن سۇدۇر»، «ۋاجراچېدىكا سۇترا»، «سەكسەن جىلدلىق ئاۋاتامساكا سۇترا»، «مۇقەددەس نىجادكار ئاۋالوكىسۇۋارا بۇدساتۋا ئانا ھۆرمىتىگە ئوقۇلىدىغان 21 خىل ئىبادەت سۇترىسى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئويما مەتبەئە ياكى مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان.

ئېلىمىز دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن مىخ مەتبەئەنى كەشپ قىلغان ۋە ئىشلەتكەن دۆلەتتۇر. 11 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىلا سۇڭ سۇلالىسىدىكى بى شېڭ مىخ مەتبەئەنى ئىختىرا قىلغان. مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، شەرق- تىن غەربكە تارقىلىش جەريانىدا قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ يېزىق ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان ياغاچ مىخ مەتبەئەنى بارلىققا كەلتۈرگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فىرانسىيەلىك پېللىئوت دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرىدىن 960 تال ئۇيغۇر مىخ مەتبەئە ھەرپىنى تېپىپ، فىرانسىيەگە ئېلىپ كېتىپ، پارىژدىكى گۇيې- مېت سەنئەت مۇزېيىغا ساقلاشقا بەرگەن. بۇ مىخ مەتبەئە ھەرپ-

لىرى دۇنيادا ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان مىخ مەتبەئەگە ئائىت ئەڭ بۇرۇنقى ماددىي بۇيۇم بولۇپ، ئىزچىل دۇنيا ئىلىم ساھەسىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلمەكتە.

بۇ ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەت بىرلىك قىلىنغان خەنزۇچە مىخ مەتبەئەسىگە تۈپتىن ئوخشاشمايدۇ. بۇ ئۇيغۇر مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى ئىچىدە ئۇيغۇر ھەرپلىرى بولغاندىن باشقا، يەنە كۆپ مىقداردا تىنىش بەلگىلەر، ئىستون ئايرىش سىزىقلىرى ۋە سۆز ئايرىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئايرىش بەلگىلىرى قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ كەڭلىكى 1.3 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 2.2 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى بوغۇملارنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ۋە بەلگىلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ. ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ خەت شەكلى ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان نوم نۇسخىسىدۇر. بۇنىڭ خەت شەكلى كۆركەم، سىزىقلىرى رەتلىك. دەسلەپكى تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ ياسىلىش ۋە ئىشلىتىلىش دەۋرى 13 ـ ئەسىردىن كېيىن ئەمەس، ھەتتا تېخىمۇ بۇرۇنقى دەۋرگە تەۋە بولۇشى مۇمكىن. ئەينى ۋاقىتتا دۇنخۇاڭ رايونىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ھازىر ساقلىنىۋاتقان كۆپ قىسىم ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرى مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان. مەسىلەن، ھازىر بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ئالمىتا يۈرديانا سۇترا» ۋە «ۋاجراچېدىكا سۇترا» پارچىلىرى ياغاچ مەتبەئەدە بېسىلغان، دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ. بۇ مەتبەئە ھەرپلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان بۇددا ئاتالغۇلىرى ۋە ئىسىملار سۆزنى بىرلىك قىلغان. يەنە كۆپ مىقداردا ھەرپ ۋە بوغۇم بىرلىك قىلىنغان مەتبەئە ھەرپلىرىمۇ

بار. بەت ياسىغاندا، مەزمۇنغا ئاساسەن سۆز تومۇرى ۋە قوشۇمچىلارنى گۇرۇپپىلاپ، ئوخشاشمىغان سۆز مەنىلىرىنى ئىپادىلەشكە بولىدۇ. سۆز تىپى بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا، ئۇيغۇر تىلى يېپىشقاق تىللار تىپىغا تەۋە. بۇ خىل تىلنىڭ ئالاھىدىلىكىدە، سۆز تومۇرىنىڭ كەينىگە ئوخشاشمىغان قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان مەنە ۋە گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەت ئىپادىلىنىدۇ. بۇ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ ئانالىزىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى كەشپىياتچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكلىرىنى ئاجرىتىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇرۇلما قانۇنىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇندۇر. كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئەينى ۋاقىتتا تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ خىل مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى كەڭ ئىشلىتىلگەن. بۇ خىل تىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى ئېلىمىز مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

فىرانسىيەدە ساقلانغان بۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇر مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى جۇڭگو ۋە دۇنيا مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ، دۆلىتىمىز مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىش يولى ۋە ۋاستىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى يېڭى ئاساسلار بىلەن تەمىنلىدى[①].

داۋالاش ۋە دورىگەرلىك

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ياۋرو ـ ئاسىيانىڭ مۇھىم قاتناش

① چيەن سۈنشۈن: «قەغەز ۋە مەتبەئە»(لى يۆەنچىن باش تۈزگۈچى بولغان «جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا تارىخى»، 5 ـ توم، «خىمىيە ۋە مۇناسىۋەتلىك تېخنىكىلار» 1 ـ قىسىم)، 270 ـ 279 ـ بەتلەر، پەن نەشرىياتى، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىل.

تۈگۈنىگە جايلاشقان. بۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك يەن ـ تېخنىكا ۋە مەدەنىيىتى، قەدىمىي يۇنان، رىم، پارس، ئەرەب ۋە ھىندى يەن ـ تېخنىكا ۋە مەدەنىيىتى قوشۇلما ئېقىن ھاسىل قىلىدىغان بەلباغ ئىدى. بۇنداق ياخشى مەدەنىيەت مۇھىتىدا، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ داۋالاش ۋە دورىگەرلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى. خەن دەۋرىدىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تېبابىتى تۇرپان ئويمانلىقى ۋە تارىم ئويمانلىقىدا تارقالدى. ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار ئىسپاتلىدىكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تېبابەتچىلىك كىتابلىرى، ئالايلۇق، «تومۇر تۇتۇش دەستۇرى»، « ئوت ـ چۆپلەر قامۇسى»، «يېڭى تۈزۈلگەن داغلاپ داۋالاش دەستۇرى» قاتارلىقلار تۇرپاندا كەڭ تارقالغان. ھىندى تېبابەت ئەسىرى «ناگا ئارشۇنا بۇدساتۋا رېتسېپلىرى»مۇ بۇ جايدا تارقالغان. سۇي ـ تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن، «بىراخمانلار رېتسېپلىرى»، «شاكىرا سامگاتا يىڭنە سانجىش ۋە داغلاپ داۋالاش»مۇ ئۇيغۇرلار رايونىغا كىرگەن. 8 ـ ئەسىردە ئۇدۇنلۇق مەشھۇر ئۇيغۇر تېۋىپى زانپوشىرا تىبەتلەرنىڭ تەكلىپى بويىچە قەدىمىي تېببىي كىتابلارنى تۈزۈشكە قاتناشتى. « غەربىي ئايماق ئۆمۈر ئۇزارتىش شەربىتى» تۇرپان رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كېسەللىكلەرگە قارشى كۈرەش قىلىپ خۇلاسىلەپ چىققان تېبابەت مۇۋەپپەقىيىتىدۇر. بەش سۇلالە ۋە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۇرپان ئويمانلىقى ۋە تارىم ئويمانلىقىدىن چىققان ھەر خىل دورا ماتېرىياللىرى دائىم ئىچكىرىگە توشۇلاتتى. يۈەن سۇلالىسىدە، ئۇيغۇر ھەربىي تېۋىپ يۇغرۇنچ قايا سىچۈەننىڭ خېجۇدىكى دىياۋيۈشەن تېغىدا بۇيرۇققا بىنائەن تۇرپان دورىلىرىنى ياساپ قوشۇندىكى كېسەللەرنى داۋالىغان.

تەرجىمان ئالىم ئەنزاڭ «قىيىن كېسەللىكلەر دەستۇرى»، «دورا ئۆسۈملۈكلەر»نى ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلغانىدى. يىڭنە سانجىپ داۋالاش ۋە داغلاپ داۋالاشقا ئائىت بىر قىسىم تېببىي ۋەسىقىلەرمۇ ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىندى. ئوتتۇرا ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن مەشھۇر تۈرك ــــ ئىسلام پەيلاسوپى، تېببىي ئالىم ئىبن سىنانىڭ «تومۇر تۇتۇش دەستۇرى»دىكى مەزمۇنلار بىلەن ئىلىمىزنىڭ جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوردا تېۋىپى ۋاڭ شۇخېنىڭ «تومۇر تۇتۇش دەستۇرى»دىكى مەزمۇنلار ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئەينى ۋاقىتتا شەرق ــ غەرب تېبابەت ئالاقىسىدە ئۇيغۇر تېۋىپلىرى ناھايىتى مۇھىم تارقىتىش رولىنى ئوينىغان.

نەغمە ــ ناۋا

قوچو رايونى ئەسلىدىلا مول نەغمە ــ ناۋا ئەنئەنىسىگە ئىگە ئىدى. شىمالىي چۆللۈكتىكى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، شىمالىي چۆللۈكتىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ناخشا ــ ئۇسسۇل، مۇزىكىلىرىنىمۇ تۇرپان رايونىغا ئېلىپ كەلدى. ۋاڭ يەندىنىڭ كۆرگەن ــ ئاڭلىغانلىرى بىزگە قوچو ئۇيغۇرلىرىدا «بارىبەت، غوڭقا كۆپ»، «سەپەر ئۈستىدە ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن، سەپەر قىلغۇچىلار چالغۇلارنى بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ»، «زىياپەتلەرنى مۇزىكا بىلەن ئۆتكۈزىدۇ، ئويۇنغا ئامراق... كۆلدە كېمە سەيلىسى قىلغاندا، كۆل ئەتراپىدا داقا ــ دۇمباق چېلىپ كۆڭۈل ئاچىدۇ»غانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار مەيلى ئاددىي پۇقرا ياكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر بولسۇن، ھەممىسىلا مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل سەنئىتىگە ئالاھىدە

كۆڭۈل بۆلەتتى. مۇزىكا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان بىر خىل سەنئەت شەكلى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزم تام رەسىملىرىدە كۆپىنچە سازەندىلەرنىڭ، مۇزىكىسىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئۇسسۇلچىلارنىڭ نەپىس ھەرىكەتلىرى ئىپادىلىنىدۇ. «ماھىر سازەندە» ناملىق رەسىمدە، ئۇيغۇر سازەندىلىرىنىڭ غوڭقا، رۇەنشيەن، تىزما نەي، نەيلەر بىلەن تەڭكەش قىلىشى ۋە ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشى تەسۋىرلەنگەن. يەنە بىر مانى دەستۇرىدىن ئۆزگەرتىپ ھېكايىلەشتۈرۈلگەن ۋەقەلىك رەسىمدە، نەيگە تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىۋاتقان كۆرۈنۈش سىزىلغان. بېزەكلىك مىڭئۆي تام سىزمىلىرى ئىچىدىكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە سىزىلغان سازەندىلەر رەسىملىرىدە بۇددىزم مەزمۇنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىنىڭ ئىنكاسى، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## رەسساملىق ۋە ھەيكەلتىراشلىق

20 ـ ئەسىردىن بۇيانقى ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ رەسساملىق ۋە ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى ئۇ ۋاقىتتا ئىنتايىن يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن. ھازىر تۇرپان، كۇچا، جىمسار قاتارلىق جايلاردىكى بۇددا مىڭئۆيلىرى ۋە ئىبادەتخانىلىرىدا ئىلگىرى ناھايىتى كۆپلىگەن ھەيكەلتىراشلىق ۋە رەسساملىق ئەسەرلىرى بولغانلىقى مەلۇم. ئەسەرلەر بۇرۇنقى غەربىي يۇرت بۇددا مىڭئۆيلىرى تام رەسىم سەنئىتىنىڭ ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بۇددىزم تېمىسىنى ئاساس قىلىدۇ. يەنە مانى

دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان دەۋردىكى تام سىزمىلارمۇ ئاز ئەمەس. تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە، تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆيلەر توپىدىكى 24 غارنىڭ قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ياسالغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. بۇ غارلارنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى رەسساملىق سەنئىتىنىڭ ئاساسىي ۋەكىلى بولۇشقا مۇناسىپ. بۇنىڭدىن باشقا، تۇرپاننىڭ مۇرتۇق، تۇيۇق، كۇچانىڭ قۇمتۇرا، باينىڭ قىزىلدىكى مىڭئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى تام رەسىملىرى ساقلىنىپ قالغان. بۇ تام رەسىملىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسى ھويلا تېمى بىلەن قورشالغان، ھويلىدا گۈل ـ گىياھ ۋە دەل ـ دەرەخلەر ئۆستۈرۈلگەن. ئاقسۆڭەك ئەر ـ ئاياللار گۈل كۆتۈرۈۋالغان، ئەرلىرى ئۇچىسىغا تاڭ دەۋرىنىڭ كىيىملىرىنى كىيگەن، پۇتلىرىغا كالتە قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەن، ئاياللىرى كەڭ پەشلىك كىيىم كىيگەن. ئۇيغۇر رەسساملىرى تېخنىكا جەھەتتە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستاننىڭ رەسساملىق ئۇسلۇبىنى قوبۇل قىلغان، رەڭ بېرىشتە ناھايىتى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، تەسۋىرلەنگەن شەخسلەرنىڭ چىرايىدا پىسخىك ئىپادىلەر ئىنتايىن روشەن ئەكس ئەتكەن. جىمىساردىن بايقالغان ئىبادەتخانا خارابىسىدىن بۇت، بۇدساتۋا ۋە كۆپ مىقداردىكى بۇددىزم رىۋايەتلىرىنى تېما قىلغان تام سىزمىلىرى قېزىۋېلىنغان①.

① مىڭ فەنرېن: «بەشبالىق، قوچو ئۇيغۇر تام سىزمىلىرى»، 1 ـ بەت، لياۋنىڭ گۈزەل ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1990 ـ يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىل ۋە يېزىقى

ئۇيغۇرلار قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تۈرك - رۇنىك يېزىقىنى ئىشلەتكەنىدى، كېيىن پەيدىنپەي سوغد ھەرپلىرى ئاساسىدىكى يېزىقنى ئىشلىتىشكە باشلاپ، پۈتۈنلەي شۇ يېزىقنى ئىشلەتتى ۋە بۇنى «ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتىدى. بۇ ئۇيغۇرلار ئەرەب ھەرپلىرىنى ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى ئەڭ كەڭ قوللانغان، ساقلىنىپ قالغان يادىكارلىقلار بىر قەدەر كۆپ بولغان يېزىقتۇر. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا موڭغۇلىيەنىڭ ئۇلانقوم دېگەن يېرىدىن بايقالغان سەككىز قۇرلۇق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشقا قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇنلا چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىشلىتىلگەن. تۇرپاندىن 8 - ئەسىرگە تەۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار قېزىۋېلىندى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى فونېمىلىق يېزىق بولۇپ، 19 — 20 ھەرپتىن تەشكىل تاپقانىدى (ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكىگە قاراپ، ھەرپلەرنىڭ سانىدىمۇ ئۆزگىرىش بولغان). ھەربىر ھەرپنىڭ باش، ئوتتۇرا ۋە ئاياغ بولۇپ ئوخشاشمىغان ئۈچ خىل يېزىلىش شەكلى بار. دەسلەپكى دەۋرلەردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئوڭدىن سولغا توغرىسىغا يېزىلاتتى، كېيىن سولدىن ئوڭغا تىك يېزىلىدىغان بولدى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ خەت نۇسخىسىنى يېزىلىش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، ئاددىي خەت نۇسخىسى، ئىرماش نۇسخا، توم خەت نۇسخىسى، باسما نۇسخا دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. دۇنخۇاڭدىن بايقالغان 900دىن ئارتۇق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى

ھەرپلىرى ئاساسەن مۇشۇ باسما خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان. قە-
دىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تىنىش بەلگىلەر ئىككى ياكى تۆت
چېكىت ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بەزى قوليازمىلاردا ئىككى
چېكىتتىن باشقا، سىرتىغا قىزىل رەڭ بىلەن دۈگىلەك سىزىل-
غان قوش چېكىتمۇ كۆپ كۆرۈلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى
تاكى 15 ـ ئەسىرگىچە قوللىنىلغان. دۇنخۇاڭ رايونىدىكى سې-
رىق ئۇيغۇرلارنىڭ بۇتخانىلىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تا 18 ـ
ئەسىرگىچە ئىشلىتىلگەن. يۈەن سۇلالىسى زامانىدا قەدىمكى
ئۇيغۇر يېزىقى موڭغۇللار تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن، كېيىنچە
تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى زامان موڭغۇل يېزىقىغا ئايلانغان.
16 ـ ئەسىردە مانجۇلار موڭغۇل يېزىقىنى ئۈلگە قىلىپ مانجۇ
يېزىقى ھەرپلىرىنى ئىجاد قىلىشقان. ئۇيغۇر يېزىقى 13 ــ 15 ـ
ئەسىرلەردە ئالتۇن ئوردا خانلىقى، تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسى ۋە
چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمەت يېزىقى بولغان. مەسىلەن، مەش-
ھۇر «تۆمۈر قۇتلۇق يارلىقى» ۋە «توختامىش خاننىڭ يارلىقى»
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغانىدى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزى-
قىنى ئۇيغۇرلار بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىشتىلا قوللىنىپ
قالماي، مانى دىنى مۇرىتلىرى، نېستورىيان دىنى مۇرىتلىرى
ۋە مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئەسەرلىرىنى يېزىشتىمۇ
قوللانغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى خەلق ئىچىدە كەڭرى تارقال-
غان بولۇپ، تۇرپان، دۇنخۇاڭلاردىن چىققان كۆپ مىقداردىكى
ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئومۇم-
لىشىش دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇلاردىن باشقا، بۇ
يېزىقتا پۈتۈلگەن نۇرغۇن مەڭگۇ تاشلار، تېببىي ۋەسىقىلەر،
كالېندار ۋە باشقا يادىكارلىقلار (مەسىلەن، كۇسەنچە ــ ئۇي-
غۇرچە سېلىشتۇرما سۆزلۈك جەدۋىلى دېگەندەك) بۇگۈنگىچە
يېتىپ كەلدى.

ئۇيغۇرلار بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر يېزىقىدىن باشقا يەنە مانى

يېزىقى، بىراخمى يېزىقى ۋە تىبەت يېزىقلىرىنى ئىشلەتكەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت ئىبادەتخانا خارابىسىدە كۆپ مىقداردىكى مانى دىنى ھۆججەتلىرىنى بايقىغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسمى مانى يېزىقىدا يېزىلغان. مانى يېزىقى سۇرىيە يېزىقىنىڭ ئېستىر ئانگېلو يېزىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، شەكلى نەپىس، قۇرۇلمىسى بىر قەدەر ئاددىي. مانى يېزىقى 30غا يېقىن بەلگىدىن تۈزۈلگەن، ئۇ ئوڭدىن سولغا توغرىسىغا يېزىلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا ئوخشايدىغان تىنىش بەلگىلىرى بار. تۆۋەندە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىرقانچە مۇھىم يادىكارلىقىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

«ئالتۇن ياروق»(تولۇق ئىسمى ئالتۇن ئۆڭلۈك ياروق يالتىراغلىق قوپتا كۆتىرىلمىش نوم ئىلىكى ئاتلىق نوم بىتىك) ئەسلىي سانسكرىتچە بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يى جىڭ خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغانىدى. بەش دەۋرنىڭ كېيىنكى تاڭ زامانىدا 923 ـ 936 بەشبالىقلىق ئۇيغۇر سىڭقۇ سەلى ئۇنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلغان. ئۇيغۇرچە «ئالتۇن ياروق»نىڭ بىرىنچى جىلدىغا خەنزۇچە نۇسخىسىدا بولمىغان «ئالتۇن ياروق. تۇۋا ئىستىغپار ئېيتىپ گۇناھىنى يۇيۇش ھەققىدە»دىكى ئىككى ھېكايە ۋە «تۆت دىۋاغا مەدھىيە»، «سەككىز مۇقەددەس جايغا مەدھىيە» كىرگۈزۈلگەن. كىتاب ئاخىرىدا كۆچۈرگۈچى تەرىپىدىن قىستۇرۇلغان قوشۇمچە بار. بۇ كىتابنىڭ مۇكەممەل نۇسخىسىنى 1910 ـ يىلى رۇسىيەلىك مالوف گەنسۇنىڭ سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدىن سېتىۋالغان. بۇ نۇسخا 1687 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 26 ـ يىلى) كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، 397 ياپراق (710 بەت ـ ت.) ھازىر رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى سانكىت پېتېربۇرگ شۆبىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ. گېرمانىيەدىمۇ «ئالتۇن

ياروٗق»نىڭ بەزى قول يازما ۋە مەتبەئە نۇسخىسىنىڭ پارچىلىرى بار.

«شۆەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» بۇ شۆەنزاڭنىڭ شاگىرتى خۇي لىنىڭ ئۇستازىنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى بايانى بولۇپ، 10 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىنغان. قول يازما نۇسخىسى 1906 ـ يىلى شىنجاڭدا بايقالغاندىن كېيىن، بىر قىسمىنى فىرانسىيەلىك پېللىئوت فىرانسىيەگە ئېلىپ كېتىپ فىرانسىيە گۇيمېت ئاسىيا مۇزېيىغا تاپشۇرغان؛ يەنە بىر قىسمىنى، يەنى 204 ياپراقنى سابىق چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى يۈەن فۇلى ئەپەندى سېتىۋېلىپ، بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىغا ھەدىيە قىلغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پىروفېسسور فېڭ جياشېڭ تەرىپىدىن رەتلەنگەن، بۇنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى بىلەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلىكتە نەشر قىلغان. يەنە بىر قىسمى ھازىر رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى سانكىت پېتېربۇرگ شۆبىسى قولىيازمىلار بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتىدۇ، بۇ 94 ياپراق بولۇپ، «شۆەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ 5 ـ، 6 ـ، 8 ـ ۋە 10 ـ بابلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، 1991 ـ يىلى تولۇق نەشر قىلىنغان①.

«سەككىز يۈكمەك» ئەسلىي خەنزۇچە بۇ نوم بۇددا دىنى ساھەسىدە ساختا نوم دەپ قارالغان. ئەمما، بۇ نوم ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. بۇ نومدا بۇددا دىنىدىكى ئالتە ئەسلىيەت، سەككىز نىيەت قاتارلىق ئۇقۇملار ھەم بۇ نومنى «ئوقۇش، كۆچۈرۈشنىڭ ساۋابلىرى» مەزمۇن قىلىنغاندىن باشقا، يەنە جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئېتىقادچىلىقىدىكى يەر ـ جاي

① تۇگۇشېۋا: «ئۇيغۇرچە «شۆەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى، تەتقىقاتى»(رۇسچە)، موسكۋا، 1991ـ يىل.

پالچىلىقىغىمۇ خېلى كۆپ ئورۇن بېرىلگەن. جۇڭگونىڭ قەدىمـ
ـكى زامان پەلسەپەسىدىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى مۇزەكـ
ـكەر ـ مۇئەننەس، بەش ئاناسىر تەلىماتىدۇر. مۇزەككەر ـ مۇـ
ئەننەس، بەش ئاناسىر تەلىماتى ئاساسىدىكى يەر ـ جاي پالچىـ
لىقى (يەر شارائىتى نەزەرىيەسى، سىنچىلىق نەزەرىيەسى دېگەنـ
دەك ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ) قورۇ ـ جاي، قەبرىستانلىقنىڭ
جۇغراپىيەلىك شەكلى ۋە ئەتراپىدىكى مۇھىتنى كۆزىتىپ، بۇ
ئارقىلىق ياخشىلىق، يامانلىق ۋە شۇملۇقتىن بېشارەت بېرىدىـ
غان نەزەرىيە بولۇپ، ئەينى زاماندا ئوردا ۋە پۇتكۇل جەمئىيەت
بويىچە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇلار بۇ كىشىلەرنىڭ كۈندىـ
لىك تۇرمۇشى، ئۆلۈم ـ يېتىم، توي ـ تۆكۈنلىرىگىلا ئەمەس،
بەلكى جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشى، دۆلەتنىڭ
ئەمىنلىكىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان. بۇنىڭدىن باشقا يەـ
نە بۇ نومنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە ناھايىتى قويۇق قەدىمكى
پېرسىيە زوروئاستېر دىنىنىڭ ئامىللىرى بار. بۇ ئۇيغۇرلاردىـ
ـكى ئىدېئولوگىيە ۋە دىنىنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا
مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. ھازىرغىچە بۇ نومنىڭ 70
نەچچە خىل پارچىسى تېپىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قول يازما نۇسـ
خىسىمۇ، باسما نۇسخىسىمۇ بار. بۇنىڭ ئەڭ مۇكەممەل نۇسخىسىـ
ـنى ئاۋرېل ستەيىن دۇنخۇاڭ نوم غارىدىن تاپقان بولۇپ، ھازىر
بۈيۈك بىرىتانىيە كۇتۇپخانىسى شەرقشۇناسلىق بۆلۈمىدە
ساقلانماقتا. بۇ قولىيازمىنىڭ كۆچۈرۈلگەن دەۋرى بىرقەدەر بۇـ
رۇن، يۆگىمە كىتاب شەكلىدە تۈپلەنگەن. قەغىزى سۇس قوڭۇر
رەڭدە بولۇپ، قەدىمدە بىر قەدەر كۆپ قوللىنىلىدىغان سامان
قەغىزى ئىشلىتىلگەن، بىر قەدەر سىلىق، ئەمما قېلىنراق،
كەڭلىكى 27 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 43 سانتىمېتىر چوڭـ
لۇقتىكى 18 پارچە قەغەزنى چاپلاپ، ئۇلاشتىن پۈتكەن كىتابـ
ـنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 780 سانتىمېتىر ئەتراپىدا. ھازىر

466 قۇر خەت ساقلىنىپ قالغان. خەتلەر يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يېزىلىپ، قۇر تەرتىپى سولدىن ئوڭغا بولغان. دەسلەپكى ئۇس- لۇبتا قىلچە قېيىش بولمىسمۇ، يەنىلا ئەۋرىشىملىككە ئىگە نوم نۇسخىسى شەكلىدە پۈتۈلگەن بۇ قولىيازمىدا سوغدىچە خەت شەكلىنىڭ ئالاھىدىلىكى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، بۇ ۋەسىقىنىڭ ئارقا تەرىپىدە تۈرك يېزىقىدا «(مەن) قۇغۇر كۆچۈردۈم» دېگەن سۆز يېزىلغان. بۇ تۈرك يېزىقى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ئىسپات بولۇپ، بۇ كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ئۇيغۇر زىيا- لىيلىرى ئارىسىدا بۇ يېزىقنىڭ يەنىلا ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«مايترى سىمىت»، «مايترى سىمىت نوم بىتىك»مۇ دېيى- لىدۇ. ئەسلىي سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان بۇ ئەسەرنىڭ ئۇي- غۇرچىسى توخرى تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان. هازىرغىچە بىر نەچچە خىل پارچە قول يازما نۇسخىسى بايقالغان. بۇنىڭ تۆت خىلىنى گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى سىڭگىم ئېغىزى ۋە مۇرتۇقتىكى بۇددا خارابىسىدىن تاپقان، هازىر بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە ساقلانماقتا. ئەسەر بىر مۇقەددىمە ۋە 25 پەردى- دىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بەزى ئالىملار ئۇنى بۇددا مەدداھلى- قىنىڭ سىنارىيەسى دەپ قارايدۇ. مۇقەددىمە ئاساسىي بۇددا ئە- قىدىلىرى ۋە تىلاۋەت تېكىستلىرىدىن ئىبارەت. ئەسەر تېكىس- تىنىڭ ئۆزىدە ئاساسلىقى كەلگۈسى بۇددا مايترىنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇددىزمدىكى ھەممە مەۋ- جۇت دەپ قارايدىغان ۋايباچىكا مەزھىپىنىڭ مۇھىم كىلاسسىك ئەسىرى. يۇقىرىدىكى قولىيازمىلاردىن باشقا، 1959 - يىلى قو- مۇل شەھىرى تەڭرىتاغ يېزىسى تۆمۈرتى كەنتىدىكى ئۇيغۇر چارۋىچى يەھيا رەھىم قوي بېقىۋېتىپ، كىگىزگە ئورالغان قە- دىمكى ۋەسىقە پارچىسىنى ئۇچرىتىدۇ، بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى «مايترى سىمىت»نىڭ يەنە بىر قول يازما نۇسخىسى بولۇپ،

586 ياپراقلىق، ئۇنىڭدىن بىر قەدەر ياخشى ساقلانغىنى 114 ياپراق ئەتراپىدا، يوگەپ ئورالغان. ھەربىر بەت 47.5 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 21.7 سانتىمېتىر كەڭلىكتە. قەغىزى سۇس قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، قېلىن ھەم قاتتىق. خەتلەر سولدىن ئوڭغا تىك يېزىلغان، ھەربىر بەتكە 30 ياكى 31 قۇر خەت يېزىلغان. ھەربىر بەتنىڭ يەتتىنچى ۋە توققۇزىنچى قۇرلىرى ئارىسىغا قېنىق قارا ئىنچىكە سىزىق بىلەن يۇمىلاق بەلگە قويۇلغان، دىيامېتىرى 4.6 سانتىمېتىر، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە 0.5 سانتىمېتىر دىيامېتىرلىق يۇمىلاق بەلگە بار. بۇ نۇسخىنىڭ دەۋرى بىر قەدەر بۇرۇن بولۇپ، 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئاۋۋال تەرجىمە قىلىنغان. قومۇلدىن بايقالغان «مايترى سىمىت»نىڭ بۇ پارچىسى ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

«ئابھىدارما كوشا شاستىرانىڭ شەرھى» مۇھىم بۇددا يادىكارلىقىدۇر. دۇنخۇاڭ مىڭئۆي ئىبادەتخانىسىنىڭ نوم ساقلاش ئۆيىدىن بايقالغان بولۇپ، ھازىر بۈيۈك بىرىتانىيە كۇتۇپخانىسى شەرق قولىيازمىلىرى بۆلۈمىدە ساقلانماقتا. كىتاب ئىككى جىلدقا ئايرىلغان. بىرىنچى جىلدىنىڭ بىر قىسمى يەنە بىر مۇھىم قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقى — «ئاۋالوكىسۇۋارانىڭ تەقەززالىق ھەققىدىكى پەند ـ نەسىھەتلىرى»دىن ئىبارەت. بىرىنچى قىسىم 167 ياپراق، ئىككىنچى قىسىم 82 ياپراق. بىرىنچى قىسىمدىكى 12 ياپراقنى چىقىرىۋەتكەندە، قالغان قىسمى «ئابھىدارما كوشا شاستىرانىڭ شەرھى»گە تەۋە. كىتاب نېپىز ھەم ئەۋرىشىم قەغەزگە يېزىلغان بولۇپ، سارغۇچ رەڭدە. قەغەزنىڭ كەڭلىكى 13.7 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 19 سانتىمېتىر كېلىدۇ، مېتال قەلەمدە يېزىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىرماش خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان بولۇپ، ئارىلىرىدا خەنزۇ يېزىقىمۇ بار. كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى

مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ قولىيازمىنى يازغۇچى ئۇيغۇر
توغان تۆمۈر. ئەسلىي تېكىستىنىڭ ئاپتورى 5 — 6 - ئەسىر -
لەردە ھىندىستاندا ياشىغان مەشھۇر بۇددىست ئەنخۇي بولۇپ،
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى خەنزۇچە نۇسخىسىغا ئاساسەن ئىشلەن-
گەن.

«سىتۇرى ساكراسامۇارا» ۋاجرايانا مەزھىپىگە مەنسۇپ قە-
دىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقە بولۇپ، تىبەتچىدىن تەرجىمە قىلىن-
غان. دۇنخۇاڭ مىڭئۆي ئىبادەتخانىسىنىڭ نوم ساقلاش ئۆيىدىن
بايقالغان، ھازىر بۈيۈك بىرىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.
دەپتەر شەكلىدە تۈپلەنگەن بولۇپ، ئومۇمىي 63 ياپراق، ئىككىلا
يۈزىگە يېزىلغان. سۈپىتى بىر قەدەر تۆۋەن، سىلىقلانغان قە-
غەزگە يېزىلغان بولۇپ، قەغەز سۈس قوڭۇر رەڭدە. خەت مېتال
قەلەمدە تېز يېزىلىدىغان ئىرماش خەت نۇسخىسىدا تەكشى يې-
زىلغان. قەغەزنىڭ ئۇزۇنلۇقى 14 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 13.5
سانتىمېتىر. قولىيازمىدا يەنە خەنزۇچە يېزىلغان «善哉善哉»،
«了也»، «善哉了也娑土了也» دېگەن خەتلەر ئۇچرايدۇ. يەنە
بىر يەردە «七» دېگەن خەنزۇچە خەتمۇ بار. قولىيازمىدا ئەسەرنىڭ
ئاپتورى، تەرجىمان، ئەسەر مەزمۇنى، شۇنداقلا يېزىلغان دەۋرى-
گە ئائىت مەلۇماتلارمۇ بار. قولىيازمىنىڭ 46 - ياپراقتىكى ئال-
دى - ئارقا ئىككى يۈزىدە مۇنداق خاتىرىلەر بار: «ئۇلۇغ ئۇستاز
ناروپانىڭ ئۆز ئاغزىدىن نوملاپ، سۆزلىگەنلىرى قۇلاقتىن -
قۇلاققا، ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ تانتىرا بولدى. شاكا
مەزھىپىدىكى ئۇلۇغ ئۇستاز چوغچۇ فامىلىلىك، دارما توئارچى
چوسكى ئىرگەمسەن نوملۇغ تۇغ ئاتلىق ئۇستاز بۇنى رەتلەپ
يازغانىدى. تەگسىز تېرەن بۇ تانتىرانىڭ تىبەتچىسىنى كۆرۈپ،
بىلىمسىز كەمىنە قۇل قومۇللۇق ئاريا ئاچارى كامىل ئۇستاز
ئىستونپانىڭ رۇخسىتى بىلەن تەرجىمە قىلىشقا جۈرئەت قىل-
دىم. چى چېڭ ئونىنچى يىل، يەنى يولۋاس يىلى 6 - ئاينىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

4 ـ كۆنى ئۈچ لۈكچۈن شەھرىلىك قۇل مەن يېگى ئۇستاز سارىغ تۇتۇڭ شاھزادە ئاسۇداينىڭ بۇيرۇقى بىلەن يازدىم.» پۈتۈن كىتاب ۋاجرايانا مەزھىپىدىكى ناروپانىڭ «سىرى ساكراسامۋارا» ئەسىرىگە ۋارىسلىق قىلغان. كىتاب تۆت بۆلەككە بۆلۈنگەن: بىرىنچى بۆلىكى «ئۆلۈمنامە»، «ھايات ـ ماماتلىق ئارىلىقىدىكى ھالەتلەر، شۇنداقلا قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىش ئۇسۇلى» مۇھاكىمە قىلىنغان. ئىككىنچى بۆلەك «تۆت خىل تەرتىپتىكى مۇۋەپپەقىيەت ئۇسۇلى». ئۈچىنچى بۆلەك ناروپانىڭ «ئالتە قانۇن» تەلىماتىغا ئائىت «جاندىرا ئالتە خىل ئىستىقامەت ئۆلگىسى». تۆتىنچى بۆلەكتە بولسا «سىرى ساكراسامۋارا»نىڭ ئالتە خىل ئىبادەت ئۇسۇلى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ۋەسىقە تىبەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا بۇددا دىنى تارقىتىشى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى تەتقىق قىلىشتا كەم ئۇچرايدىغان ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

«خۇئاستۇانفت» ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان مانى دىنىغا ئائىت ۋەسىقىدۇر. دەسلەپكى نۇسخىسى قەدىمكى ئىران تىلىدا يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن. ھازىر بۇ كىتابنىڭ سوغدى يېزىقىدا پۈتۈلگەن پارچىلىرى تېپىلدى. ئۇ مانى مۇخلىسلىرىنىڭ گۇناھىغا توۋا قىلىپ، ئۆز ئىلاھىدىن مەغپىرەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان توۋىنامىدىن ئىبارەت. پۈتۈن تېكىست 16 بۆلەك بولۇپ، ھەربىر بۆلەكتە كىشىلەر گۇناھ سادىر قىلغاندىن كېيىن «تەڭرىم، بىز سەندىن مەغپىرەت تىلەيمىز، بىزنى گۇناھلىرىمىزدىن خالاس قىلغىن» دەپ توۋا ئوقۇيدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ مانىزمنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ۋەسىقە بولۇپ، بۇ ۋەسىقىنىڭ ئوخشاشمىغان ئۇيغۇرچە تەرجىمىلىرى بايقالغان، ئاساسلىق ئۈچ خىلى بار؛ بىرىنچى خىلى، مانى ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، كىچىك يۆگىمە كىتاب شەكلىدە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 454 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 10.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. قەغەز نا-

ھايىتى نېپىز، يۇمشاق سارغۇچ قوڭۇر رەڭدە. ناھايىتى چىرايلىق، رەتلىك كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، مانى دەستۇرلىرى ئۇسلۇبىدا، مىتال قەلەمدە يېزىلغان. كىتابنىڭ ئاخىرقى بېتىدە يەككە سىزىق بىلەن سىزىلغان مانى مۇخلىسىنىڭ رەسىمى بار. بۇ كىتاب تېكىستى ئالدى بۆلىكىنىڭ ئارقا يۈزىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا «bitigim»(كىتابىم) دېگەن خەت يېزىلغان، بۇ قول يازما ئىگىسىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىمۇ ئىشلىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بەلكى قوليازمىنىڭ ئىگىسى مانى دەستۇرلىرىنى كۆچۈرگەندە مانى يېزىقىنى، ئىجتىمائىي ئالاقىلەردە سوغدى يېزىقى ئاساسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكەن بولسا كېرەك. بۇ قوليازمىنى سىتەيىن دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆي ئىبادەتخانىسىنىڭ نوم ساقلاش ئۆيىدىن بايقىغان، ھازىر بۈيۈك بىرىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئىككىنچى قوليازمىنى چاررۇسىيەنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى دىياكوف 1908 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىدىن تاپقان بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان. ئۈچىنچىسىنى بولسا گېرمانىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1907 ـ يىلى تۇرپاندىن قېزىۋالغان.

قوچو ئۇيغۇرلىرى تىلىنىڭ مەنبەسىنى 3 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ تۇرپان ۋە بەشبالىق رايونلىرىدا پائالىيەت قىلغان دىڭلىڭ، تېلى ۋە قاڭقىللارنىڭ تىلىدىن سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى بۇ يەردىكى ئاھالىلەر تىلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى بۇ رايوندىكى باشقا تۈرك دىيالېكتلىرى ۋە توخرى قاتارلىق تىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن مانى دىنى ۋە بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرىدىن كۆرۈۋالالايمىز. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى مەيلى فونېتىكا، لېكسىكا ياكى گىراماتىكا جەھەتتىن بولسۇن، ئورخۇن

مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ تىلى، يەنى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدىن ۋە باشقا تۈركىي تىللاردىن بەلگىلىك پەرققە ئىگە بولغان. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلشۇناسى مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك چۈشەنچە بېرىدۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈرك تىلى»، «ئۇيغۇرلار... يىگىرمە تۆت ھەرپلىك تۈرك يېزىقى(قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى كۆرسىتىدۇ)نى ئىشلىتىدۇ»[1].

ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلار ئۆز ئەدەبىي تىلىنى بارغانسېرى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ بارغان، شۇنداقلا ئىلىم ساھەسى ۋە مەخسۇس كىتاب يازغۇچى «بىتىكچى»لەر پەيدا بولغان. ئۇلار سوغدى، توخرى، خەنزۇ ۋە تىبەت تىللىرىدىن كۆپلىگەن دىنىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. ئۇيغۇرلاردىكى چوڭ كۆلەمدىكى تەرجىمە ھەرىكىتى كېيىنكى چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىي تىلىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان.

---

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى، 2 ـ توم، 40 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل.

# 3. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى

## قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاك بولۇشى

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ناھايىتى مۇھىم بۇرۇلۇش دەۋرى بولغان. ئۇ بولسىمۇ، تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىق خەلقلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان دەۋر، يەنى 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربى ۋە پامىرنىڭ شىمالىي رايونلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان تۈرك قەبىلىلىرى قۇرغان قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدۇر. قاراخانىيلار خانلىقى گۈللەنگەن مەزگىللەردە ئۇنىڭ تېررىتورىيەسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمى، ئىلى ۋادىسى ۋە بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى، چۇ دەرياسى ۋادىسى ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپى، ئامۇ ـ سىر دەريالىرى ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ شەرقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پاسىلى كۇچا ئىدى. قاراخانىيلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمى ئەسلىدىكى ئۇيغۇر، ياغما، قارلۇق، ئوغۇز قاتارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ، بولۇپمۇ سامانىيلار خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، دەسلەپتە قاراخانىيلار «قوش خان تۈزۈمى»، يەنى چوڭ خان ۋە ئورۇنباسار خاندىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سىستېما بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنىدى. چوڭ خان «ئارسلانخان» دەپ ئاتىلاتتى، ئورۇن-

باسار خان بولسا «قادىرخان» دېيىلەتتى. قاراخانىيلارنىڭ ھۆ-كۈمرانلىقىدا كۆپلىگەن قەبىلىلەر ياشايتتى. خانلىق ھۆ-كۈمرانلىق قاتلىمىدا ئۇيغۇر، قارلۇق، ياغما قەبىلىلىرى ئاسا-سىي ئورۇندا تۇراتتى. ئۇيغۇرلار خانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تە-رەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

قاراخانىيلار خانلىقىنى قاچان، كىم قۇرغان، دېگەن مەسى-لىلەر ئۈستىدە ئىلىم - سىرتىدىكى ئالىملار تېخى ئورتاق قاراشقا كەلگىنى يوق. بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر: قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەمەلىيەتتە ساتۇق بۇغراخان، دەيدۇ. لېكىن 14 - ئەسىردە چاغاتاي خانلىقىدا يا-شىغان جامال قارشى دېگەن كىشى يازغان «مۇلھاقاتۇسسۇراھ» (سۇراھاقا لۇغىتىگە تولۇقلىما) دېگەن كىتابقا ئاساسلانغاندا، ساتۇق بۇغراخاننىڭ بوۋىسى كۆل بىلگە قادىرخان ئىدى. «مۇل-ھاقاتۇسسۇراھ»تىكى بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار قاراخانىيلار خانلى-قى دەۋرىدە كاشغەردە ياشىغان ئالىم ئەبۇل فۇتۇھ ئەبدۇلغەففار-نىڭ «كاشغەر تارىخى»دىن ئېلىنغان. قاراخانىيلار ساتۇق بۇغرا-خاننىڭ بوۋىسى كۆل بىلگە قادىرخان دەۋرىدىلا كىچىك دائىرى-دە بولسىمۇ بالاساغۇندا ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ بولغانىدى. كۆل بىلگە قادىرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىككى ئوغلى تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. چوڭ ئوغۇل بازىر بالاساغۇندا تۇردى، ئارسلانخان دەپ ئاتالدى. ئوغۇلچاق تالاستا تۇرۇپ، بۇغراخان دەپ ئاتالدى. 893 - يىلى ئوغۇلچاق بىلەن سامانىيلار ئارىسىدا ئۇ-رۇش پارتلاپ، سامانىيلار تالاسنى ئىشغال قىلدى ۋە ئوغۇلچاق-نىڭ خوتۇنى بىلەن 15 مىڭغا يېقىن ئەسكىرىنىمۇ ئەسىرگە ئالدى. ئوغۇلچاق پايتەختىنى كاشغەرگە كۆچۈردى.

ساتۇق تېكىن بازىرنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، ئەسلىي ئىسمى سالۇر تېكىن ئىدى. كېيىن ئۇ سامانىيلار خانلىقىدىكى ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ تەسىرى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل

قىلدى. خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەبۇ نەسىر سامانىي ساما-
نىيلار خانلىقىنىڭ شاھزادىسى بولۇپ، قېرىندىشى ئىسمائىل-
نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن نارازى بولۇپ، بۇگۈنكى ئاتۇش ئەتراپى-
غا كېلىپ تۇرغانىدى. ئوغۇلچاق پايتەختىنى كاشغەرگە يۆتكى-
گەندە، ساتۇق بۇغراخان ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. ساتۇق بۇغراخان
ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئوغۇلچاقنىڭ ئەتراپىدا
مەخپىي مۇرىت توپلاپ، تېزلا قۇدرەتلىك ھەربىي - سىياسىي
كۈچكە ئايلاندى. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئوغۇلچاق جا-
ھىل بۇددىست بولغاچقا، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا قەتئىي
قارشى تۇرغان. ساتۇق بۇغراخان كۈچىنى زورايتىۋالغاندىن كې-
يىن، 10 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا كەلگەندە ئوغۇلچاققا
قارشى قوراللىق ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇنىڭ قوشۇنىنى بىتچىت
قىلىپ، ئوغۇلچاقنى ئۆلتۈرۈپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. سا-
تۇق بۇغراخان خانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، ئاۋۋال ساما-
نىيلار خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ تالاس شەھىرىنى قايتۇرۇۋال-
دى. 10 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى بالاساغۇننى ئىگىلەپ،
كاشغەرنى پايتەخت قىلدى.

955 - يىلى(ھىجرىيە 344 - يىلى) ساتۇق بۇغراخان ۋاپات
بولغاندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى بايتاش تەختكە ۋارىسلىق قى-
لىپ، ئارسلانخان دەپ ئاتالدى. ئۇمۇ كاشغەردە تۇردى. ئۇنىڭ
ئىنىسى سۇلايمان بالاساغۇندا تۇراتتى. ئارسلانخاننىڭ ۋاقتىدا
200 مىڭ چېدىرلىق تۈرك خەلقى ئىسلام دىنىغا كىرگەنىدى.
960 - يىلى ئارسلانخان ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ
جاكارلىدى. ئارسلانخان ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا سو-
پىزم ئىشانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «غازات» نامى بىلەن بۇددا دىنى چوڭقۇر
يىلتىز تارتقان ئۇدۇندىكى لى جەمەتى خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش
قوزغىدى. 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، قاراخانىيلار خانلىقىدىكى

يۈسۈپ قادىرخان ئاخىر خوتەندىكى لى جەمەتىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىسلام دىنىنى بۈگۈنكى خوتەن رايونىغا ئېلىپ كىردى. 996 ـ يىلى قاراخانىيلار خانلىقى سامانىيلارغا يەنە ھۇجۇم قوزغىدى. ئاخىر سامانىيلار خانلىقى بىلەن شەرتنامە تۈزۈلدى، سىر دەرياسى ۋادىسىنىڭ جەنۇبى رايونلىرى قاراخانىيلار خانلىقىغا تەۋە بولدى.

ھارۇن بۇغراخان II زامانىدا ( 1074ـ 1102) دۆلەت مۇقىم بولۇپ، بۇددىستلار رايونىغا ئەسكەر چىقىرىپ، قورال كۈچى ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى تارقاتتى. قوشۇن ئىلى دەرياسى ۋە ئېمىل دەرياسىدىن ئۆتۈپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىنى بويلاپ، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن «ئادالەت ۋە دىنىنىڭ ھامىيسى»، «دىنىنىڭ شان ـ شەۋكىتى» دەپ ئاتالغانىدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە كاشغەردە مەدەنىيەت مىسلىسىز دەرىجىدە گۈللەنگەنىدى. بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدى. ئەبدۇلغەففارنىڭ «كاشغەر تارىخى»مۇ شۇ دەۋردە يېزىلغانىدى، ئەپسۇسكى، بۇ ئەسەر يوقىلىپ كەتكەن بولۇپ، ھازىر پەقەت جامال قارشىنىڭ « مۇلھاقاتۇسسۇراھ» دېگەن كىتابىدا مەلۇم بۆلەكلىرى ساقلىنىپ قالغان.

1102 ـ يىلى ھارۇن بۇغراخان II ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئورنىغا ئەھمەد ئىبنى ھەسەن چىقتى ۋە ئارسلانخان دەپ ئاتالدى. ئەھمەد ئىبنى ھەسەن ئارسلانخان بىرمۇنچە كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شۇ جايدىكى قەبىلىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىۋاتقان تۈرك قەبىلىلىرىنى مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا چاقىردى. 1128 ـ يىلى ئەھمەد ئىبنى ھەسەن ئارسلانخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلى ئىبراھىم ئىبنى

ئەھمەد تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئىبراھىم ئىبنى ئەھمەد ھۆ-كۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، ئۇنىڭغا تەۋە ھەرقايسى قەبىلىلەر قارشى چىقتى. بولۇپمۇ قارلۇق، قاڭقىللار ئىسيان كۆتۈرگەنلىكتىن، خانلىقنىڭ كۈچى تېخىمۇ ئاجىزلاپ كەتتى. مۇھەممەد ئىبنى يۈسۈپنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، خانلىق نامدا بار، ئەمەلدە يوق ھالغا كېلىپ قالدى. 1211 ـ يىلى نايمان شاھزادىسى كۈچلۈك قاراقىتانلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولىغا ئېلىۋالدى، ئاندىن ئۇ كاشغەرگە زور قوشۇن ئەۋەتىپ، كاشغەر ۋە خوتەننى ئۆز ھۆ-كۈمرانلىقىغا ئالدى. 1211 ـ يىلى مۇھەممەد ئىبنى يۈسۈپ يەر-لىك ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن 170 يىل ھۆكۈم سۈرگەن شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى ھالاك بول-دى.

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىدە ئىج-تىمائىي ئىگىلىك دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلاتتى. شەرقىي قاراخانىيلارغا تەۋە كاشغەر، خوتەن، ئاقسۇ، يەركەن قاتارلىق جايلار دېھقانچىلىق تەرەققىي تاپقان بوستان-لىقلار بولۇپ، بۇغداي، كېۋەز، ئارپا، كۆممىقوناق، ئاق قوناق، پۇرچاق تۇرىدىكىلەرگە ئوخشاش ئاشلىق زىرائەتلىرى، شۇنداقلا باشقا زىرائەتلەر ئۆستۈرۈلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، باغۋەنچىلىك-مۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانىدى. بەزى رايونلاردا، مەسىلەن، خوتەن، يەركەن، كاشغەر ئەتراپلىرىدا پىلىچىلىك ئىقتىسادىي جەھەتتە يەنىلا مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. بۇ رايونلاردىن چىقىدى-غان پاختىنىڭ سۈپىتى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ئوتتۇرا تۈز-لەڭلىك كىشىلىرى ئۇنى «پاكىز ھەم يۇمشاق، ئۇنىڭدىن يىپ ئېشىپ شوينا قىلغىلى، ئېسىل رەختلەرنى توقۇغىلى بولىدۇ» دەپ تەرىپلەيتتى. كېۋەز تېرىشمۇ كەسىپلىششكە يۈزلەنگەنى-دى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە «كەپەزلىك» (كېۋەزلىك)، «كە-

پەزلىك ئەر» (كېيۈنزى بار ئادەم) دېگەن سۆزلەر بار. ئۈزۈم، ئۆ-رۈك، نەشپۈت، قوغۇنلارمۇ ئوخشاشلا ھەممە جايدا مەشھۇر ئى-دى. يورۇڭقاش دەرياسى، يەركەن دەرياسى، كاشغەر دەرياسى ۋە ئاقسۇ دەريالىرىدا بىر قەدەر چوڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ھۆكۈمەت بىر تۇتاش تەشكىللەيتتى. خانلىقتىن مەخسۇس سۇ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھاشار بەلگىلەيتتى. توسما ياساش ياكى ئۆستەڭ چېپ-پىشقا تېگىشلىك كىشىلەر بارمىسا، كەنت باشلىقلىرى ئۇلاردىن ھاشار بېجى يىغىۋالاتتى. ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر ئۆستەڭلەرگە سۇ تۈگمىنى ياساپ، سۇ كۈچى بىلەن تۈگمەن تېشىنى چۆرگى-لىتىپ ئۇن تارتىشنى بىلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مېۋىلەردىن مۇراببا ۋە قاق ياسىيالايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە شاراب ئىش-لەپچىقىرىشمۇ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۈزۈم ۋە ئاشلىق زىرا-ئەتلىرىدىن ياسىلىدىغان تۈرلۈك شارابلار ۋە باشقا ئىچىملىك-لەرمۇ خېلى كۆپ ئىدى.

چارۋىچىلىق تاغلار ئارىسىدىكى ئويمانلىقلارغا ۋە تەڭرى-تاغ، قارا قۇرۇم تېغى ۋە ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدىكى يايلاقلارغا مەركەزلەشكەنىدى. چارۋىلاردىن ئاساسەن ئات، كالا، قوي، ئۆچكە، تۆگە، ئېشەك قاتارلىقلار بېقىلاتتى. چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن كۆن، سۈت مەھسۇلاتلىرى، كالا ـ قوي گۆشى مەھسۇلاتلىرى ۋە يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار بار ئىدى. ئات مىنىش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىپ قالماي، يەنە ھارۋىغا قېتىش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلەتتى. كالا ۋە تۆگە ھارۋىغا قېتىشتىمۇ، يەر ھەيدەش-تىمۇ ئىشلىتىلەتتى. سۈت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىر قەدەر داڭلىقلىرىدىن يېغى سۈت، قېتىق، ئى-رىمچىك، قىمىز قاتارلىقلار بار ئىدى. ئوۋچىلىقمۇ قاراخانىيلار خانلىقىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىشتا مۇھىم ئورۇن تۇ-تاتتى.

قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاراخانىيلار ئىگىلىكىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. كەسىپ تۈرلىرى كۆپ خىل بولۇپ، كان ئېچىش، مېتال تاۋلاش، توقۇمىچىلىق، ساپالچىلىق، ئەي-نەكچىلىك، قەغەزچىلىك قاتارلىقلار بار ئىدى. ئارخېئولوگىيە-لىك ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، شۇ ۋاقىتتىكى كانچىلىق تېخنىكىسى خېلى ئىلغار ئىدى. كان مەھسۇلاتلىرىدىن تۆمۈر، قەلەي، ئالتۇن، كۈمۈش، نۆشۈدۈر ۋە باشقا ياقۇتلار بار ئىدى. مېتال تاۋلاش تېخنىكىسى ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيەدە بولۇپ، ھەرخىل تۆمۈر ئەسۋابلارنى ياسىيالايتتى، كۈمۈش ئايرىيالايت-تى، ھەرخىل ئالتۇن بۇيۇملارنى ئىشلىيەلەيتتى. مېتال بۇ-يۇملار ئىچىدە يەنە قورال - ياراغ، ساۋۇت ۋە ئېگەر جابدۇقلىرى بار ئىدى. خەلق تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملاردىن ئىش-لەپچىقىرىش سايمانلىرى، قازان - قومۇچلار ۋە باشقا ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا قىزىل مىستىن پۇل ياسىلاتتى.

توقۇمىچىلىق يۇڭ توقۇمىچىلىقى ۋە پاختا توقۇمىچىلىقى دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. شەرقىي قىسىم رايونلىرىنىڭ پاختا رەختلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مەشھۇر ئىدى. پاختا رەختنى بو-يىغىلى ۋە گۈل باسقىلى بولاتتى. يىپنى ئېگىرىشتە قول بىلەن ئېشەتتى ياكى چاق بىلەن ئېگىرەتتى. رەخت توقۇشتا ياغاچتىن ياسالغان دەستىگاھ ئىشلىتەتتى. كاشغەر، ئۇدۇن، يەركەنلەردە رەڭگى ۋە نۇسخىسى ناھايىتى چىرايلىق گىلەملەر توقۇلاتتى.

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ رەڭلىك ساپاللىرىمۇ ناھايىتى نەپىس ئىدى. ساپال بۇيۇملارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ئىۋرىق، لوڭقا، خۇمرا، چىنە، تەخسە، كومزەك، كۈپ (كارسان)، پەتنۇس قاتارلىقلار بار ئىدى.

سودىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شەھەر قۇرۇلۇشلىرى-مۇ تېز تەرەققىي قىلدى. كاشغەر شەھىرى خانلىقنىڭ سىيا-

سي، ئىقتىسادىي مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. شەھەر ئىچىدە ئاساسلىق ئىمارەتلەر ئوردا، مەدرىسە، مازار ۋە مەسچىتلەردىن ئىبارەت ئىدى. بىنالارغا ئومۇمەن خىش ئىشلىتىلەتتى. ھەيۋەتلىك بىنالار گۈمبەزلىك بولاتتى. بەزى قۇرۇلۇشلارغا سىرلىق كاھىشلار ئىشلىتىلەتتى. قۇرۇلۇشلار ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا ياسىلاتتى.

قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار قەيسەر، جەسۇر، قەتئىي، كەسكىن كىشىلەرنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتى، بۇ خىل ھۆرمەت ئۇلارنىڭ ئۇنۋانلىرىدىمۇ ئۆز ئەكسىنى تاپقانىدى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، خاقانىيە خانلىرىنى «قادىرخان» دېيىش بۇ خىل خىسلەتنى ئىپادىلەيدىغان سۆزدىن كەلگەن (م. كاشغەرىي ئۆز دىۋانىدا «قادىر» سۆزىگە ئىزاھ بەرگەندە «قەيسەر، كەسكىن. خاقانىيە خانلىرىنى ‹قادىرخان› دېيىش شۇنىڭدىن كەلگەن. بۇ سۆز مەنە جەھەتتىن ئەرەبچىگە توغرا كېلىدۇ، چۈنكى قەيسەرلىك، كەسكىنلىك كۈچ ـ قۇدرەتتىن كېلىدۇ. قەيسەر، كەسكىن ئادەم خالىغان ئىشنى قىلالايدىغان كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولىدۇ» دەپ يازغان). ئۇنىڭدىن باشقا، دانىشمەنلەرنى چوڭ بىلىپ، ئاقىللارنى ھۆرمەتلەيتتى. دانىشمەنلەرگە ھۆرمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەزى خان، بەگ، ئاقسۆڭەكلەر «دانىشمەن» ياكى «ئالىم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم ياكى ئۇنۋانلار بىلەن، مەسىلەن، بەزى كىشىلەر «بىلگە بەگ»(بىلىملىك بەگ دېگەن مەنىدە) دەپ چاقىرىلاتتى؛ بەزى خانلار «كۆل بىلگە خان»(ئەقلى كۆلگە ئوخشاش كەڭ) ياكى «كۆل بىلگە قادىرخان»(پاراسەتلىك ۋە جاسارەتلىك پادىشاھ) دەپ ئاتىلاتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار ئافراسىياپقا، «تەڭرى»گە چوقۇناتتى. ئۇلار ئافراسىياپنى تۈركلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئۇلۇغ قاغانى دەپ بىلەتتى، ئافراسـ

ياپىنىڭ تۈركچە ئىسمى «ئالىپ ئەر تونگا» بولۇپ، مەنىسى «قاپلاندەك باتۇر ۋە قاپلاندەك جەسۇر» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇلار ئۆز ئەجدادلىرىنى بۇ ئەپسانىۋى قەھرىمانغا باغلاپ، ئۆزلىرىنى ئافراسىياپنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، تەڭرى نوھنى ياراتقان، نوھنىڭ ئوغلى يافەس تۈركنىڭ ئەجدادى ئىدى، تۈركلەر ئەنە شۇ «تۈرك» دەپ ئاتالغان ئىلاھىي قەھرىماننىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىدى. بۇ خىل «تەڭرى» ئۇقۇمى بۇددا دىنىدىكى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ قارىشىدىن روشەن پەرقلىنەتتى، ئەلۋەتتە. ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر ئاللاھنىڭ ئالەمنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، ھەممىگە قادىرلىقىنى، پۈتۈن ھەمدۇ سانا ۋە مەدھىيەلەرنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خاس ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقانىدى. بۇ قاراخانىيلار خانلىقىدىكى كىشىلەرنىڭ ئالەمنىڭ ئىگىسى ھەققىدىكى قاراشلىرىنىڭ ئىسلامىي چۈشەنچىلەرگە قاراپ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى، ئەمما بۇ ئۆزگىرىش تېخى تاماملانمىغانلىقتىن، «تەڭرى»نى ئەڭ ئالىي ئىلاھ دەپ قارايدىغان قاراش يەنىلا كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىدە ساقلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قاراخانىيلار تېررىتورىيەسى ئىچىدە، تۈركىي تىللىق ئۇيغۇرلار، ياغمىلار، قارلۇقلار ۋە يەنە شەرقىي ئىران تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەرمۇ بولغانلىقى ئۈچۈن، خانلىق ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن بىر تىل يوق ئىدى. ئۇيغۇر ۋە باشقا قەبىلىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىلىشىشى ۋە قوشۇلۇشى بىلەن، بىرلىككە كېلىش يۈزلىنىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلغانىدى. خانلىقتىكى مەركىزىي رايوننىڭ تىلى «خاقانىيە تىلى» دېيىلەتتى، بۇ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئەدەبىي تىلى ھېسابلىناتتى. خانلىقتا ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بىرگە ئەرەب يېزىقىمۇ ئىشلىتىلەتتى، كېيىنچە ئەرەب يېزىقى بارا ـ بارا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى.

قاراخانىيلار خانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار يىلنى ئون ئىككى مۇچەل بويىچە خاتىرىلەيتتى، كىشىلەرنىڭ يېشىنى، ئۇرۇش بولغان يىللارنى بۇ ئۇسۇل بويىچە خاتىرىلەيتتى؛ خەنزۇلارنىڭ ئون ئىككى مۆچىلى بىلەن ئوخشاشمايدىغىنى شۇكى، ئۇيغۇرلار خەنزۇلاردىكى ئەجدىھانى بېلىق دەپ ئالاتتى. ئون ئىككى مۆچەل مۇنۇلاردىن ئىبارەت ئىدى: چاشقان، كالا، يولۋاس، توشقان، بېلىق، يىلان، ئات، قوي، مايمۇن، توخۇ، ئىت، توڭگۇز. قاراخانىيلار خانلىقىدا ھىجرىيە كالېندارىمۇ ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىلەتتى، خەلق ئارىسىدىكى توختاملاردا بۇ خىل كالېندار كۆپ ئىشلىتىلەتتى[①].

قاراخانىيلار خانلىقىدا داۋالاش ـ سەھىيە ئىشلىرىمۇ راۋاجلىنىپ، مەخسۇس كەسىپ بولۇپ شەكىللەنگەنىدى. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە ئىچكى كېسەللىكلەر، تاشقى كېسەللىكلەر، كۆز كېسەللىكلىرى ۋە مال دوختۇرلۇقىغا ئائىت سۆزلەر بار، بۇ شۇ ۋاقىتتىكى تېبابەتنىڭمۇ تۈرلەرگە ئايرىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەينى چاغدىكى تېۋىپلار بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكتىن ئۈيىقۇ دورىسى ياسىيالايتتى، ئادەمگىياھ ئارقىلىق جىنسىي ئاجىزلىقنى داۋالىغانىدى، ئاتنىڭ قۇيرۇقىدا توقۇلغان كۆز ياپقۇچ ئارقىلىق كۆز ئاغرىقىنى داۋالايتتى، ئاياللارنىڭ تۇغۇت ۋاقىتلىرىدا مەخسۇس تۇغۇت ئانىلىرى بولاتتى. ئىبىن سىنانىڭ تېببىي نەزەرىيەسىمۇ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ كاشغەر رايونىدا تارقىلىشقا باشلىغانىدى.

## «قۇتادغۇبىلىك»ۋە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»

11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك»

---

① م.ئەردال: «بەركەندىن بايقالغان تۈركچە ھۆججەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات»، «لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا ـ ئافرىقا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»غا كىرگۈزۈلگەن. 47 ـ توم، 282 ـ بەت، 1984 ـ يىل.

داستانى ئۇيغۇر ئىدىئولوگىيە ۋە ئەدەبىيات تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. داستان 85 باب، 13 مىڭ مىسرا-دىن ئارتۇق. بۇ شاھانە ئەسەر ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشتىلا ئەمەس، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك. ئۇنىڭ ئاپتورى مەشھۇر ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپتۇر. شائىرنىڭ ھاياتىغا دائىر مەلۇماتلار ناھايىتى ئاز، بىز پەقەت ئەسەردىكى ئازغىنە ئۇ-چۇرلاردىن تۆۋەندىكىچە خۇلاسىگە كېلىشىمىز مۇمكىن: يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1018 ـ يىللىرى ئەتراپىدا مەرتىۋىلىك ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، كېيىن ئۆز ۋاقتىدىكى مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن مەركىزى ھېسابلانغان كاشغەرگە ئىلىم ئىزدەپ بارغان. بىر مەزگىل ئوردا ئىچىدە خىزمەتتە بولغان، بۇ ئۇنىڭ ھۆ-كۈمرانلار قاتلىمى ۋە يۇقىرى تەبىقە قاتلىمى بىلەن ئۇچرىشى-شىغا ئىمكانىيەت ياراتقان، كۆپ مىقداردىكى تارىخىي ماتېرى-ياللارنى ۋە مول خام ماتېرىياللارنى جۇغلىغان، شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆلمەس ئەسىرىنى تاماملىغان، كاشغەردە ۋاپات بولغان. ئۇ-نىڭ مەشھۇر ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئورۇنباسار خانى، كاشغەر ھۆكۈمدارى ھەسەن ئىبنى سۇلايمان بۇغراخانغا تەقدىم قىلىنغانىدى. بۇنىڭغا مۇكاپات ئورنىدا ئاپ-تورغا «خاس ھاجىپ» (خاننىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسى، خاس مەسلىھەتچى)لىق ئۇنۋانى بېرىلگەنىدى. يۈسۈپ بولسا ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئىدى. «قۇتادغۇبىلىك» بۇ دەۋرنىڭ ئىدىيەسى، قاراشلىرى ۋە ئېتىكا ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرىنى يىغىنچاقلاپ، سىستېمىلىق ۋە ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ بەرگەن. كىتابتىكى با-يانلارغا ئاساسلانغاندا، بىز ئەينى چاغدىكى كىشىلەر ھەققىدە شۇلارنى بىلەلەيمىز: پادىشاھلىق ئورنى ۋارىسلىق قىلىنىشى لازىم. بىر ياخشى پادىشاھ ئەقىل ۋە بىلىم ساھىبى بولۇشى، شۇنداقلا خۇشپېئىل، ئەخلاقى دۇرۇس بولۇشى، دانىشمەن كى-

شىلەرنى ئىشقا قويۇشى، پەسكەشلەردىن يىراق تۇرۇشى، ئاقىل كىشىلەر بىلەن يېقىن ئۆتۈشى كېرەك. پادىشاھنىڭ مەنسەپدار-لىرى ئىپسىلزادىلەردىن بولۇشى، ئەمەلدارلارمۇ ئوخشاشلا ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتنى ھازىرلىغان بولۇشى، ئاچكۆز ۋە شەھۋەتپە-رەس بولماسلىقى كېرەك. پادىشاھ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشى، ئەمەلدارلار ئۆز بىلىمى بىلەن پادىشاھقا ياردەملىشىشى كېرەك. پۇقرالار تۆۋەن تەبىقىگە مەنسۇپ قاتلام، ئۇلار ئاڭسىز بولۇپ، ئەدەپ ۋە قائىدىنى بىلمەيدۇ. ئىپسىلزادىلەر ئۇلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولماسلىقى كېرەك، ئۇلار بىلەن كۆپ سۆز-لەشمەسلىكى كېرەك، بولمىسا ئۆز سالاھىيىتىگە ماس كەلمەي قالىدۇ. ئەمما، يەنە بۇ كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى تۇرمۇش ئېھتى-ياجىنى قاندۇرۇش، يەنى قورسىقىنى تويدۇرۇش كېرەك. سەئىد-لەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى بولۇپ، ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە لايىق، ئۇلارغا ھەدىيە بېرىپ تۇرۇش لازىم. ئالىم، دانىشمەن، تېۋىپ، پېرىخون، تەبىرچى، مۇنەججىم، شائىرلار جەمئىيەتكە ئېھتىياجلىق بىر تەبىقىدىكى كىشىلەر، شۇڭا جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشى كېرەك. ئالىم، دانىشمەنلەرگە ھۆرمەت كۆرسىتىپ، ماددىي يار-دەم ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنى تەل قىلىش كې-رەك. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىلمى خەلققە «مەشئەل» بولىدۇ. بىلىم ھەقىقەتنىڭ ئاساسى. تېۋىپلار ناھايىتى لازىملىق كىشىلەر بو-لۇپ، ئۇلارغا ناچار مۇئامىلىدە بولۇشقا بولمايدۇ. كىشىلەر جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەنگەنلىكتىن، پېرى-خونلارنىڭ پېرە ئوينىشىمۇ زۆرۈر، ئۇنى چەتكە قېقىشقا بولماي-دۇ. چۈش قورقۇنچلۇق ئىش دەپ قارىلىدۇ، چۈشكە قانداق تە-بىر بېرىلسە، مەيلى ياخشىلىق مەيلى يامانلىق بولسۇن، بەلكىم بۇ بىر ئادەمگە نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا تەبىرچىلەرگىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. ئەينى چاغدا يىل

ھېسابلىرىنى مۇنەججىملەر بىلەتتى، شۇڭا مۇنەججىملەر ئاستـ ـرونومىيـەلىك بىـلىملـەردىن خەۋەردار دەپ قـارىلىـپ، قـانداق ۋاقىتتىنىڭ ياخشى، قانداق ۋاقىتتىنىڭ يامانلىقى ئۈلاردىن سو ـ رىلاتتى.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھـ ـرىدە يېزىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۇزۇن، قىسقا بوغۇملار ـ نىڭ پەرقى نىسبەتەن روشەن بولغاچقا، شېئىرىي ئىجادىيەتتە بۇ ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ئۇزۇن، قىسقا بوغۇملارنىڭ بىرىكىـ ـشى، ئالمىشىشى ۋە قائىدىلىك نۆۋەتلىشىشى رىتىمنى شەكىلـ ـلەندۇرىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرى مۇتەقارىپى مەقسۇر ۋەزنىدە يېزىلغان.

«قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى ۋە تىلى تارىـ ـخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ كىتاب قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىلا ئەمەس، بەلكى كېيىنكى دەۋرلەرگىمۇ خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى①.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئاپتورى مەھمۇد كاشغەرىيدۇر. ئۇنىڭ تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان يىللىرى ئېنىق ئەمەس، بىز پە ـ قەت ئۇنىڭ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسىدا تۇغۇلغانلىقىنى، بوۋىسىنىڭ مۇھەممەد بۇغراخان، ئاتىسىنىڭ بولسا بارسغان ھاكىمى ھۈسەيىن ئىكەنلىكىنىلا بىلىمىز. 11 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى ئۇ كاشغەردە مائارىپ تەربىيەسىدە بولغـان، كېيىنچە يەتتىسۇ رايونى، ئىلى دەرياسى ۋادىسى ۋە سىر دەرياسى بويلىرىدا ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ، ئەدەبىيات، تىل، تارىخ، جۇغراپىيە ۋە تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىيەتلەر ھەققىـ ـدە ماتېرىيال توپلاپ، 1074 ـ يىلى ئەرەب تىلىدا «دىۋانۇ لۇغاـ ـتىت تۈرك» ناملىق ئەسەرىنى يېزىپ چىققان.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناھايىتى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتـ

① يۇسۇپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»(خاۋ گۇەنجۇڭنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى)، 1 ـ 5 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل.

ـكە ئىگە ئەسەر بولۇپ، پۈتۈن كىتاب سەككىز بۆلۈمگە بۆلۈنـ.
ـگەن. ھەربىر بۆلۈم يەنە ئىسىملار، پېئىللار دەپ ئىككىگە ئايـ.
ـرىلغان؛ ھەربىر قىسىم يەنە بابلارغا ئايرىلغان، ھەربىر بابتىكى
سۆزلۈكلەر سۆز يىلتىزىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ يەنە ئىكـ.
ـكى ھەرپلىك سۆزلەر، ئۈچ ھەرپلىك سۆزلەر، تۆت ھەرپلىك
سۆزلەر، دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنگەن. ھەربىر تۈردىكى سۆز
يىلتىزى سۆز شەكلى ۋە تىل ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئورۇنلاشـ.
ـتۇرۇلغان. شۇڭا بۇ لۇغەتنىڭ قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، تەرتىپى
ئېنىق بولۇپ، بۇ دۇنيادىكى تۇنجى چوڭ تىپتىكى تۈركىي
تىللار لۇغىتى ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن كىتابتا چوڭ ھەجىمدىكى
مۇقەددىمىدىن باشقا، جەمئىي 7000 دىن ئارتۇق سۆز بار.
«دىۋان» بىزنى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا مۇناسىـ.
ۋەتلىك مول تارىخ، جۇغراپىيە بىلىملىرى ۋە تۈرلۈك كەسىپـ.
ـلەرگە ئائىت كەسپىي سۆزلەردىن خەۋەردار قىلىدۇ، شۇڭا ئۇنى
يەنە تۈركىي مىللەتلەرگە ئائىت ئامىباب ئېنسىكلوپېدىيە دېـ.
ـيىشكىمۇ بولىدۇ. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» كە بىر پارچە دۇگىلەك
خەرىتە قوشۇمچە قىلىنغان. بۇ خەرىتىدە مۇئەللىپ ئەينى
چاغدا ئۆزىگە مەلۇم بولغان جايلارنى تەسۋىرلەپ بەرگەن، بۇ بۇـ.
گۈنگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ بۇرۇنقى ۋە ئەڭ مۇكەممەل ئوتـ.
ـتۇرا ئاسىيا خەرىتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئەسلىي نۇسخىسى بۈگۈنگىچە
تېپىلغىنى يوق، ئۇنىڭ بۈگۈنگىچە مەلۇم بولغان بىردىنبىر
قول يازما نۇسخىسىنى مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەـ.
ـبۇلفەتھى كۆچۈرگەن، ئۇ ھازىر تۈركىيە ئىستانبۇل مىللىي
كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىـ.
ـنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «دىۋانۇ لۇغاتىت
تۈرك»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى نەشر قىلدى[1].

[1] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»(ئىبراھىم مۇتىئى قاتارلىقلار تەرجىمىـ.
ـسى)، 1 ــ 3 ـ توم، ئۈرۈمچى، 1981 ــ 1983 ـ يىللار.

## 4. قارا قىتان خانلىقى ۋە چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى

12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، بىر قىسىم قىستانلار لياۋ سۇلالىسى خان جەمەتىدىكى يوللۇغ تاشىنىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شەرقىي شىمالدىن غەربكە قاراپ كېڭىيىپ، تەڭرىتاغلىرىدىن هالقىپ، جەنۇبتا قاراخانىيلار خانلىقىغا تاجاۋۇز قىلدى. كاشغەر هۆكۈمدارى ئىلىكخان ئەھمەد ئىبنى ھەسەن قوماندانلىقىدىكى قوشۇن يوللۇغ تاشىنىنىڭ تاجاۋۇزچى ئارمىيەسىگە قارشى تۇردى. ئاخىردا يوللۇغ تاشىن يېڭىلىپ، ئېمىل (بۇگۇنكى دۆربىلجىن ناهىيەسى)غا چېكىنىپ، ئارام ئالغاچ پۇرسەت كۈتتى[1]. 1132 ـ يىلى ئۆزىنى پادىشاھ ئاتاپ، يېڭى قۇرۇلغان ئېمىل شەھرىدە تەختكە چىقتى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئادىتى بويىچە «گۈرخان» دەپ ئاتالدى، بۇنىڭ مەنىسى «چوڭ خان» ياكى «خانلارنىڭ خانى» دېگەنلىك بولاتتى. شۇ چاغقىچە، قارا قىتان خانلىقى قۇرۇلۇپ، سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى باشلىۋەتكەندى، شۇنداقلا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قوچو ئۇيغۇر خانلىقى، شەرقىي، غەربىي قاراخانىيلار خانلىقلىرى، خارەزىم خانلىقى ۋە قاڭلىلارنى بويسۇندۇرۇپ، زېمىنى كەڭرى، ئىرقىي ۋە تىل جەھەتتىن مۇرەككەپ بولغان ئىمپېرىيەگە ئايلانغانىدى[2]. قارا قىتان هۆكۈمرانلىرى ئۆز تېررىتورىيەسىدىكى رايونلارغا نازارەتچى ئەۋەتىپ، ھەر

[1] ۋېي لياڭتاۋ: «قارا قىتان تارىخى ئوچېرىكلىرى»، 36 ـ 39 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل.
[2] ۋېي لياڭتاۋ: «قارا قىتان تارىخى ئوچېرىكلىرى»، 63 ـ 43 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل.

www.uyghurkitap.com

قايسى جايلارنىڭ ھەربىي، مالىيە ئىشلىرىنى نازارەت قىلدى. قارا قىتان ھاكىمىيىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 80 يىل داۋام قىلدى. ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى ئىچىدە ھۆكۈمرانلار قىتانلاردىن بولسىمۇ، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۇيغۇر، قارلۇق، قىرغىز ۋە خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان ئىدى. قوچو، بەشبالىق، خوتەن، كاشغەر، ئالمالىق قاتارلىق ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلار قارا قىتان خانلىقىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت رايونلىرىدىن سانىلاتتى. ئۇيغۇرلار بۇ رايوندىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن ئورتاق ھالدا بۇ رايوننىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. بۇ دەۋردە، يەنى 12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى تۈركىي قەبىلىلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئىسلاملىشىپ بولغانىدى.

«ئەۋلىيا چيۇ چۇجىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزىگە يېقىن بەشبالىققىچە يېتىپ بارغان. ئۇيغۇر تىلى خانلىق ئىچىدىكى ئالاقە تىلى بولغان، قىتان ھۆكۈمدارلىرىمۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشىگە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشكە تىرىشقان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا يېزىلىشىچە،قارا قىتان خانى گۆرخان قوچو ئۇيغۇرلىرىدىن قارا يىغاچ بۇيرۇقنى ئەكەلدۈرۈپ، بالىلىرىغا ئۇيغۇر تىلى ۋە باشقا دەرسلەرنى ئوقۇتقۇزغان، بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. مەسىلەن، ئىسفىجابلىق سوفىستىك شائىر ئەھمەد يەسسەۋىي ئەسەرلىرىنىڭ تىلى خاقانىيە تىلىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ھەر-

قايسى تۈركىي قەبىلىلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تە-
سىر كۆرسەتكەنىدى.

قارا قىتان خانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ياشىغان مەش-
ھۇر شائىر ئەھمەد يۈكنەكى «ئەتەبەتۇلھەقايىق»(ھەقىقەتلەر بو-
سۇغىسى) ئاتلىق دىداكتىك داستانىنى يېزىپ، كاشغەر ئەمىرى
مۇھەممەدكە ھەدىيە قىلدى. ئۇ ئىشلەتكەن تىل دەل شۇ ۋاقىتتا
ئەڭ كەڭ قوللىنىلىدىغان ئالاقە تىلى — ئۇيغۇر تىلى ئىدى.
داستان 484 مىسرادىن تۈزۈلگەن بولۇپ، 14 بابقا بۆلۈنگەن،
يەنە كېيىنكىلەر تەرىپىدىن ئىلاۋە ئورنىدا قوشۇلغان 28
مىسرامۇ بار . «ئەتەبەتۇلھەقايىق» يۇقىرى ئەدەبىي ماھارەت بى-
لەن چوڭقۇر پەلسەپەۋى پىكىر ۋە جاھاندارچىلىق يولى ھەققى-
دىكى قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ئاچ كۆزلۈك، خەسىس-
لىك، تەكەببۇرلۇق، ساختىپەزلىك، ھۇرۇنلۇق قاتارلىق ئىللەت-
لەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن قامچىلاپ، مەردلىك، كەمتەرلىك،
ئەدەپ - قائىدىلىك بولۇشتەك ئېسىل پەزىلەتلەرگە قىزغىن
مەدھىيە ئوقۇغان.

قارا قىتان خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە كەلگەندە، قارا
قىتان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قوچو ئۇيغۇرلىرى ۋە تەڭرىتاغنىڭ
جەنۇبىدىكى ھەرقايسى بوستانلىق ئاھالىلىرىگە بولغان سىيا-
سىي زۇلۇمى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تالان - تاراجلىرى
چېكىدىن ئاشقاچقا، قوچو ئۇيغۇرلىرى قارا قىتانلارنىڭ ئاسا-
رىتىدىن قۇتۇلۇشنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلىشتى. بۇ ۋاقىتتا
چىڭگىزخان موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، موڭ-
غۇل يايلىقىدىن باش كۆتۈرۈپ، ئۆز زېمىنىنى كېڭەيتىش ئۈ-
چۈن ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. قوچو ئۇيغۇر خانى بارچۇق
ئارت تېكىن ئۆز ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كې-
يىن، موڭغۇل خانلىقىغا تايىنىپ قارا قىتان ھۆكۈمرانلىقىدىن
قۇتۇلۇشنى قارار قىلدى. ئۇلار قارا قىتان نازارەتچىسىنى ئۆل-

تۇرۇپ، چىڭگىزخانغا بويسۇندىغانلىقىنى ئىپادە قىلدى. 1210 ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ ئەلچىسى قوچوغا بارغاندا، ئۇيغۇر خانىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئۇيغۇر خانى چىڭ-گىزخانغا ئەلچىلەر ئۇەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ئىتائەت قىلىش ئارزۇسىنى بىلدۈردى. چىڭگىزخان ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلدى، شۇنداقلا قوچو ئۇيغۇر خانىدىن ئۆزى كېلىشنى تەلەپ قىلدى. 1211 ـ يىلى ئىدىقۇت تەكلىپكە بىنائەن موڭغۇل خانلىقىنىڭ مەركىزىگە كۆپلىگەن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن بېرىپ، چىڭ-گىزخان بىلەن كۆرۈشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى موڭغۇل خانلىقىغا بېقىندى دۆلەت بولۇپ قالدى.

چاغاتاي خانلىقى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغا-تايغا بۆلۈپ بېرىلگەن زېمىنلاردا قۇرۇلغان ھاكىمىيەت بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ تۆت چوڭ خانلىقىنىڭ بىرى ئىدى. 1225 ـ يى-لى چىڭگىزخان موڭغۇل خانلىقىنى ئۆزىنىڭ تۆت ئوغلىغا بۆ-لۈپ بەردى، ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا بۈگۈنكى ئامۇ ـ سىر دەرياسى ۋادىلىرى، ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرى ۋە چۇ دەرياسى ۋادىسى، ئىلى دەرياسى ۋادىسى، پەرغانە ۋە بەدەخشان ئەتراپلى-رىدىكى كەڭرى يايلاقلار بۆلۈنگەنىدى، خانلىقنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا قۇندۇز ۋە بەلخ رايونلىرىمۇ تەۋە ئىدى. چاغاتاي خانلى-قىنىڭ زېمىنى كەڭ بولۇپ، خانلىق تەۋەسىدىكى مىللەت تەر-كىبى مۇرەككەپ، تىل ۋە مەدەنىيەت پەرقى چوڭ ئىدى. چاغاتاي خانلىقىنىڭ مەركىزى دەسلەپتە ئىلى دەرياسى بويىدىكى غۇلجا بولۇپ، كېيىن ئالمالىققا كۆچۈرۈلگەنىدى. تارىم ئويمانلىقىدى-كى كاشغەر، يەركەن، ئۇدۇن ۋە ئاقسۇ قاتارلىق بوستانلىقلار چاغاتاي دوغلات جەمەتىگە ئىنئام قىلىنغانىدى، شۇڭا بۇ جايلار-مۇ چاغاتاي خانلىقى دائىرىسىدە ئىدى. موڭغۇل دۆلىتىنىڭ دۆ-لەت تۈزۈمى بويىچە بولغاندا، سۇيۇرغال خانلار پەقەت يايلاق رايونىنىلا ئىدارە قىلالايتتى، دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە شەھەر-

لەرنىڭ پۈتۈن ھوقۇقى مەركەزدىكى چوڭ خاننىڭ ئىلكىدە بولاتتى. چوڭ خان بەزىدە شەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاھالىلىرىنى سۇيۇرغال خانلارغا مالىيە مەنبەسى سۈپىتىدە بۆلۈپ بېرەتتى. لېكىن ئومۇمەن ئېيتقاندا، شەھەرلەر ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىنى يەنىلا چوڭ خان ئەمەلدار ئەۋەتىپ بىۋاسىتە باشقۇراتتى. مەسىلەن، ماۋەرائۇننەھر رايونى، بەشبالىق - تۇرپان، خوتەن، كاشغەر قاتارلىق دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە شەھەرلەر موڭغۇللارنىڭ چوڭ خانى تەيىنلىگەن ئەمەلدارلار ئارقىلىق ئىدارە قىلىنغان.

چاغاتاي 16 يىل تەختتە ئولتۇردى، 1241 - يىلى ئۇنىڭ نەۋرىسى قارا ھۇلاكۇ(چوڭ ئوغۇل مۇئاتۇغاننىڭ ئوغلى) تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. چاغاتاي خانلىقى ئۇزۇن مەزگىل ئۇرۇش بىلەن مۇقىملىقنىڭ كۆپ قېتىملاپ ئالمىشىشىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. 1320 - يىلىغا كەلگەندە، چاغاتاي خانلىقى شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ۋە غەربىي چاغاتاي خانلىقى دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ئالمالىقنى مەركەز قىلغان بولۇپ، كاشغەر، تۇرپان رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

1348 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈر ئاقسۇدا چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەختىگە چىقتى. ئۇ ئۆزىنى ئېسەن بۇقا (1309 — 1320 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ ئوغلى دەپ جاكارلاپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدا ئەمەلىي كۈچكە ئىگە دوغلات جەمەتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. تارىخنامىلەردە تۇغلۇق تۆمۈرخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلار شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەپ ئاتالغان. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى تۇغلۇق تۆمۈرخان تەختكە چىققاندىن باشلاپ 1513 - يىلى سەئىدخان يەركەننى پايتەخت قىلغۇچە 166 يىل داۋام قىلدى. بۇ دەۋردە چاغاتاي خانلىقىغا تەۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ھايات

كەچۈرۈپ كەلگەن قەبىلىلەر بارا ـ بارا دېھقانچىلىق بىلەن شۇ ـ غۇللىنىپ، ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچتى. ئىسلاملىشىش تېخىمۇ ئۇزۇل ـ كېسىل بولدى، ھەتتا نۇرغۇن موڭغۇل قەبىلىلىرىمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان چاغاتاي خان جەمەتىدىن تۇنجى بولۇپ ئاشكارا ھالدا ئىسلامنى قوبۇل قىلغان پادىشاھ ھېسابلىنىدۇ. تۇغلۇق تۆمۈرخان ھىج ـ رىيە 764 ـ يىلى (مىلادىيە 1362 ـــ 1363 ـ يىللىرى) ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خانلىقتا قالايمىقانچىلىقلار ئۆكسىمىدى. 1389 ـ يىلى دوغلات قەبىلىسىدىن بۇلاجىنىڭ ئوغلى ئەمىر خۇدايداد تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ كەنجى ئوغلى خىزىر خوجىنى تەختكە چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن چاغاتاي خان جەمەتىنىڭ ھۆ ـ كۈمرانلىقى قايتا تىكلەندى. خىزىر خوجا بەشبالىقنى پايتەخت قىلدى، شۇڭا «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»دا شەرقىي چاغاتاي خاند ـ لىقىنى «بەشبالىق دۆلىتى» دەپ ئاتىغانىدى.

خىزىر خوجا تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، مىڭ سۇلا ـ لىسىگە ئەلچى ئەۋەتتى. 1391 ـ يىلى ئەلچىلەر نەنجىڭگە يېتىپ بېرىپ، مىڭ تەيزۇنىڭ قىزغىن كۇتۇۋېلىشىغا ۋە ئىنئام بېرد ـ شىگە مۇيەسسەر بولدى، مىڭ تەيزۇمۇ زىيارەت ئۈچۈن جاۋابەن ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مىڭ سۇلالىسى بىد ـ لەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ئارىسىدا ئەلچىلەر ئۈزۈلمىدى، ئارىدا ئىزچىل قويۇق مۇناسىۋەت ساقلاندى. خىزىر خوجىمۇ تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى، ئۇ 1393 ـ يىلى تۇرپان رايونىنى قورال كۈچى بىلەن قوشۇۋېلىپ، بۇ يەردە ئىسلام دىنىنى ئو ـ مۇملاشتۇردى. خىزىر خوجا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، شەر ـ قىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ چېگراسى شەرقتە ئالتاي تاغلىرىدىن باشلىنىپ، غەربتە تالاس دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى موغۇلىستان ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارنى، شۇنداقلا تۇرپان رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ زېمىنلار كەڭرى يايلاق

ۋە ئورمانلارغا ئىگە بولۇپ، چارۋىچىلىق قىلىشقا ناھايىتى باب كېلەتتى؛ يەنە ئىللىق ئىقلىم، مۇنبەت تۇپراققا ئىگە بوستانلىقلار دېھقانچىلىققا ماس كېلەتتى. بۇ يەرلەردىكى ئاساسىي ئاھالە ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئىدى.

شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ دېھقانچىلىقى، چارۋىچىلىقى مۇقىم تەرەققىياتقا ئېرىشكەن دەۋر بولدى. سودا ئىشلىرىمۇ مۇناسىپ ھالدا تەرەققىي قىلدى، ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان سودا ناھايىتى قويۇق بولۇپ، ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئۆز رايونىنىڭ ئات، تۆگە، مويلۇق تېرە ۋە قاشتاش قاتارلىق ماللىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ شايى، تاۋار، گەزمال ۋە فارفور قاچا ـ قۇچا قاتارلىق بۇيۇملىرىغا تېگىشەتتى. 1419 ـ يىلىدىكى قومۇلدىكى بىر قېتىملىق سودىدا ئۇيغۇر سودىگەرلىرى 32 مىڭ يامبۇ قىممىتىدىكى 6345 ئات ۋە باشقا بۇيۇملارنى ساتقان.

مەدەنىيەت جەھەتتە، بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى ناھايىتى مۇھىم بىر باسقۇچ بولدى، يەنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى مۇشۇ دەۋردە ئىشقا ئاشۇرۇلدى. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى خاقانىيە يېزىقىنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلدى، بۇ يېزىق ئەرەب، پارس يېزىقلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەنىدى. ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن، 200 يىلدىن ئارتۇق تەرەققىياتنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، لېكسىكا ۋە ھەتتا گىرامماتىكىلىق شەكىللەردىمۇ ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. 15 — 16 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە چاغاتاي تىلى تارىم ئويمانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا كەڭ تارقالدى. ئەدىبلەر بۇ تىلدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى، ئالىملار بۇ تىل بىلەن ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى خاتىرىگە ئالدى، دىنىي ئۆلىمالارمۇ بۇ يېزىقتا چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە

تويۇنغان ئىلاھىيەتچىلىك، ئىسلام پەلسەپەسىگە ئائىت ئەسەر-لىرىنى ياراتتى. بۇ تىل ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلىغا ئايلاندى. ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەر خىل ۋەسىقىلەر خېلىلا كۆپ ساننى تەشكىل قىلىدۇ.

چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە، ھۆ-كۈمرانلىق گۇرۇھى ئىچىدە بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىپ، سىياسىي قالايمىقانچىلىقلار پاتقاققا پېتىپ قالدى. 1514 ـ يىلىغا كەل-گەندە، مەنسۇرخاننىڭ ئىنىسى سەئىدخان دوغلاتلاردىن بولغان ئەبۇ بەكرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ، يېڭى بىر ھاكىمىيەت قۇردى. شۇنىڭ بىلەن چاغاتاي خانلىقىدا ئىككى ھاكىمىيەت بىللە مەۋجۇت بولۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. 1516 ـ يىلى مەنسۇرخان سەئىدخانغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر رايونى يەركەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋ-رىگە قەدەم قويدى.

## 5. يەركەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى

### يەركەن خانلىقى ۋە خوجىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى

15 ـ ئەسىردە شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان يەرلىك ھاكىمىيەت بارلىققا كەلدى، بۇ تارىختا كاشغەر خانلىقى دەپ ئاتالدى، ھۆكۈمدارلار كېيىنچە يەركەندە تۇرغانلىقتىن، يەنە يەركەن خانلىقى دەپمۇ ئاتالدى. يەركەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سەئىدخان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى ئەھمەدخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئىدى. ئۇ 1490 ـ يىلى تۇرپاندا تۇغۇلدى. ئۇ ياشلىقىدا ئاتىسىغا ئەگىشىپ، ئۆزبېك خانى شايبانىخانغا قارشى جەڭلەرگە قاتناشتى، نەتىجىدە شەرقىي چاغاتاي خانلىقى يېڭىلىپ، سەئىدخان ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇ شايبانىخانغا بويسۇنغان بولۇۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا جەڭ قىلدى، كېيىن خارەزىمگە يۈرۈش قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تاغىسى مەھمۇدخاننىڭ قېشىغا قېچىپ باردى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ تاغىسىنىڭ نادان، قابىلىيەتسىز، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنى بىلمەيدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇنىڭ بىلەن چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا كۆزى يەتمەي، تاغىسىدىن ئايرىلىپ قىرغىزلار رايونىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىدە سەردار بولدى. 1508 ـ يىلى سەئىدخان مەھمۇدخانغا ھۇجۇم قىلدى، مەھمۇدخان شايبانىخاننىڭ قېشىغا قېچىپ بارغاندا ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ۋاقىتتا ئەھمەدخاننىڭ چوڭ ئوغلى مەنسۇرخان

ئەسكەر چىقىرىپ سەئىدخانغا ھۇجۇم قىلدى، ئۇرۇش مەنسۇرخاننىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشتى. سەئىدخان ئەللىككە يېقىن ئادىمى بىلەن قاتتىق مۇشكۇلاتلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ كابۇلغا يېتىپ بېرىپ، ئىمپېراتور بابۇرنىڭ ئىززەتلىشىگە سازاۋەر بولدى.

سەئىدخان ئادەملىرىنى باشلاپ تەڭرىتاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كاشغەر رايونىغا كىردى. 1514 ـ يىلى يازدا سەئىدخاننىڭ قىسمى ئاتۇشقا يېتىپ باردى. ئۇ بالا ـ چاقا، يۈك ـ تاقلىرىنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ، 4700 ئەسكىرى بىلەن كاشغەرگە ھۇجۇم قىلدى. سەئىدخاننىڭ ئارمىيەسى ھېچقانداق قارشىلىقسىزلا يەركەن شەھىرىگە بېسىپ كىردى، ئۇ دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن تەختكە چىقتى، يەركەننى پايتەخت قىلدى. سەئىدخان تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەنسۇرخانغا ئەلچى ئەۋەتتى، 1516 ـ يىلى ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ئاقسۇ بىلەن كۇچانىڭ ئارىلىقىدا كۆرۈشتى. شەكىل جەھەتتە تارىم ۋادىسىنىڭ بىرلىكى ئەسلىگە كەلدى. سەئىدخان قوشۇن تارتىپ، كەشمىر، لاداق، ھەتتا ئۇرسەڭ(تىبەتنىڭ بۇتخانىسى جايلاشقان يەرنى)غىچە باردى. ئۇ لاداقتىكى «غازات» جەريانىدا ئېگىز تاغ رېئاكسىيەسىنىڭ تەسىرىدە تۇتەك ئېلىپ كېتىپ ۋاپات بولدى.

سەئىدخان تارىختىكى بىر قەدەر تەرەققىيپەرۋەر خانلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇ دۆلەت باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ماھىر بولۇپ، شۇ زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئۇنىڭدەك پادىشاھ كەم تېپىلاتتى. ئۇ يېڭى ھاكىمىيەتنى قۇرغاندىن كېيىن، خانلىقنىڭ تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كېلىشى ۋە ئىگىلىكنىڭ ئەسلىگە قايتىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى.

1533 ـ يىلى ئابدۇرەشىدخان ئاتىسىنىڭ ئورنىغا تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ تەختكە چىقىش بىلەنلا دەرھال خانلىقنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى تىزگىنلىۋالغان دوغلات ئەمىرلىرىنى باس-

تۇرۇپ، دوغلات ئەمىرلىرىدىن سەئىد مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى قولغا ئالدى. ئەينى ۋاقىتتا دوغلات ئەمىرلىرىدىن يەنە بىرى مۇھەممەد ھەيدەر لەشكەرلىرى بىلەن كەشمىرنىڭ لاداق رايونىدا ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. مۇھەممەد ھەيدەر ئابدۇرەشىدخاننىڭ دوغلات ئەمىرلىرىنى باستۇرغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەركەنگە قايتالماي، يىگىرمە نەچچە كىشىنى ھەمراھ قىلىپ، تاغ ئارىسىدىكى چىغىر يول بىلەن ھىندىستانغا قاچتى، كېيىن يەنە كەشمىرنىڭ ھۆكۈمدارى بولدى. سەئىد مۇھەممەدنى ھىمايە قىلىدىغان بىرقانچە ئەمىر سەئىدخاننىڭ كىچىك ئوغلىنى خوتەنگە ئەپقېچىپ، ئاسىيلىق قىلدى. ئابدۇرەشىدخان ئەسكەر چىقىرىپ خوتەنگە ھۇجۇم قىلدى ۋە خوتەن خەلقىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى، ئاسىيلىق قىلغان ئەمىرلەرنى قولغا ئېلىپ ئۇلارنى چېگرا سىرتىغا قوغلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن دوغلات ئەمىرلىرى ئابدۇرەشىدخان تەرىپىدىن ئاساسەن يوقىتىلدى. 1560 ــ 1590 ـ يىللىرى ئابدۇرەشىدخان خوتەننى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن بارغاندا ۋاپات بولدى.

يەركەن خانلىقى زامانىدا خوجىلار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي كۈرەشلەردە مۇھىم بىر كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. «خوجا» سۆزى خەنزۇچە كىتابلاردا «加和»، «霍札»، «火者» دېگەندەك ناملار بىلەن خاتىرىلەنگەن، مەنىسى «ئېسىلزادە» دېگەنلىك بولاتتى. سوپىزمدىكى ئەڭ زور تەسىر كۈچكە ئىگە نەقشىبەندىيەچىلەر خوجىلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ قارايدۇ. سوپىزم سىستېمىلىق ئىدىيەۋى تەلىماتلىرى بىلەن ھەرىكەتنىڭ قېلىپلىشىشىنى تەرغىب قىلدى ۋە بۇ جەرياندا مۇستەقىل مەزھەپ بولۇپ شەكىللەندى. ئۇ ئالاھىدە مەقسەت ۋە كۈچلۈك ھاياتىي كۈچى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ نۇرغۇن مەزھەپلىرىدە ئۆز ئىزناسىنى قالدۇردى. ھەر قانداق سوپى بۇ مەزھەپنىڭ ئەقىدە پىرىنسىپ-

لىرىنى ساقلاپ قالغان ھالدا ھەرقانداق مەزھەپكە قاتنىشالايدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. نەقشىبەندىيە ئىشانلىرىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى پىرغا چوقۇنۇش ئىدى. خوجا ئۇلار تەرىپىدىن ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان پىر ئىدى، بۇ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس قالىدىغان ئورۇن ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرى ئارىسىدا خوجىلارنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە مۆجىزىلىرى توغرۇلۇق رىۋايەتلەر تارقىلىپ يۈرەتتى. بۇ كۆپلىگەن مۇرىتلارنىڭ ئۇلارغا چىن يۈرىكىدىن ئىتائەت قىلىپ، ئۇلارغا باش قويۇپ سەجدە قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى.

14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئەرشىدىن ۋە جالالىدىن خوجا ئاتا ـ بالا ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭغا كېلىپ، ئىسلام دىنى تارقىتىش جەريانىدا چوڭ رول ئويناپ، بارا ـ بارا كۈچى زورايغان بىر گۇرۇھقا ئايلاندى، ئەرشىدىن خوجا جەمەتى شۇنىڭدىن باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئاتا مىراس باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەخدۇم ئەزەم جەمەتى شىنجاڭغا كىردى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇلار ئەرشىدىن خوجا جەمەتىدىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدىكى دىنىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالدى، ھەتتا يەركەن خانلىقى ئوردىسى ۋە خان جەمەتىگىچە كېڭەيدى. دىنغا بولغان قىزغىنلىق ۋە ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشكە بولغان ئېھتىياج تۈپەيلى خوجىلار ئوردىغا تەكلىپ قىلىنىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇلدى. خوجىلار ئۆلگەندە خانلار ئايىماستىن پۇل خەجلەپ، ئۇلار ئۈچۈن ھەيۋەتلىك مازارلارنى ياساتتى. خوجىلارنىڭ قەبرىسى بولغان مازارلار نەچچە يۈز يىللىق تارىخ جەريانىدا كېڭەيتىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىلاھىيلاشتۇرۇلدى. مازارلارغا تېۋىنىش دىنىي پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلىنىپ، مازارلار تۇرۇشلۇق

جايلار مۇرىتلارىنىڭ دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزىدىغان سورۇنىغا ئايلاندى. يەركەندە خوجا شادى مازىرى، يەنى ئالتۇنلۇق مازىرى؛ كاشغەردە ئاپاق خوجا مازىرى قاتارلىقلار بار ئىدى. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، مەسچىت ئىسلام دىنىدىكى كوللىكتىپ دىنىي پائالىيەت ئورنى، لېكىن شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا مازار مەسچىتكە ئوخشاشلا مۇھىم پائالىيەت سورۇنى ھېسابلىنىدۇ. مازار ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرىنى تارقىتىش، ئەۋلىيالارغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرنى تەشۋىق قىلىپ، خوجىلارنىڭ نوپۇزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە مەسچىتلەرنىڭ قىلالمايدىغان مۇھىم رولىنى ئوينايتتى. مازارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئورنىنى مەسچىتلەر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. مۇرىتلارنىڭ نەزىرىدە مەسچىت ناماز ئوقۇيدىغان، دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىدىغان ئورۇن ئىدى، ئەمما مازار بولسا ئۆز روھىنى پاكلايدىغان، تۇرمۇشقا بەخت تىلەپ، ئاپەت، بالا ـ قازادىن پاناھ تىلەيدىغان جاي ئىدى. شۇڭا بۇ مازارلار ھەرقايسى دەۋرلەردە قايتا ياسالدى ياكى رېمونت قىلىندى. ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ قايتا قۇرۇلۇشى 1874 ـ يىلى پۈتكەنىدى. مازارلارنىڭ ئىشلىرىغا مەخسۇس شەيخلەر مەسئۇل بولاتتى، «شەيخ»نىڭ ئەسلىي مەنىسى مۆتىۋەر دېگەنلىك بولاتتى. يەنە دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ مەسئۇللىرى، ئالىم ۋە ئۇستازلارنىمۇ كۆرسىتەتتى. مازارلارنىڭ ۋەخپىلىرى ئىسلام خانىقالىرىنىڭ ئىقتىسادىدا مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. مازارلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە تەسىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋەخپىلەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىنى بەلگىلەيتتى. ۋەخپىلەرنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەسى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەدىيەلىرى، مۇرىتلارنىڭ ئاتىغانلىرى ۋە ئىگىسىز يەرلەر ئىدى.

«تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»دا خاتىرىلىنىشىچە، ئابدۇكېرىمخاننىڭ زامانىدا خوجا ئىسھاق ماۋەرائۇننەھردىن يەركەنگە كېلىپ

ئۆز سۇلۇكىنى تارقاتقان بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماي سەمەرقەنتكە قايتقان. مۇھەممەدخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئىسھاق خوجىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ سادىقلىق بىلەن ئۇ- نىڭغا باش قويۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن. ئىسھاق خوجىنىڭ ئوغلى شادى خوجا سەمەرقەنتتىن يەركەن خانلىقىغا كېلىپ، مۇھەممەدخاننىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان، مۇھەممەدخان ئۇنىڭغا چەكسىز ھۆرمەت كۆرسىتىپ، شەخسەن ئۆزى ئۇنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ ئوردىغا باشلاپ كىرىپ، ئۇنى ئە- زىز مېھمان قاتارىدا كۈتۈۋالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ خوجا ئىس- ھاقنىڭ تەسىر كۈچى يەركەن خانلىقىنىڭ ئوردىسىغا كىرگەن ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ قوللىشى بىلەن ھەرقايسى رايونلارغا كېڭەي- گەن. خوجا ئىسھاقنىڭ بۇ سۇلۇكى قارا تاغلىقلار سۇلۇكى دەپ ئاتالغان. كېيىنچە خوجا ئىسھاقنىڭ قېرىندىشى ئىشان كالان- نىڭ ئوغلى مۇھەممەد يۇسۇپمۇ ماۋەرائۇننەھردىن يەركەن خان- لىقىغا كېلىپ، كاشغەر رايونىدا ئۆز سۇلۇكىنى تارقاتتى، ئۇنىڭ سۇلۇكى ئاق تاغلىقلار سۇلۇكى دەپ ئاتالدى. بۇ ئىككى سۇلۇك- تىكى خوجىلارنىڭ كېڭىيىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمى- دىكى كۈرەش كۈنسېرى كەسكىنلەشتى، شۇنداقلا ئۆزئارا سى- غىشالمايدىغان سىياسىي رەقىبلەردىن بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ تىزگىنلىشىدىكى يەركەن خانلىقى ئوردىسىنىڭ ئىچىدىكى كۈ- رەشلەر بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، ھەرقايسى رايونلارنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسەتتى. قالايمىقان ئۇرۇشلار ئۆكسۈمى- گەنلىكتىن ئۇيغۇر خەلقىگە غايەت زور بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا زور دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلدى. يەركەن خانلىقى ئۇلارنىڭ قولىدا ۋەيران بولغاندىن كې- يىنمۇ، ئۇلار ھەرۋاقىت جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى.

يەركەن خانلىقىنىڭ ھەربىي كۈچى دەسلەپكى مەزگىللەردە

سەئىدخانغا ئەگىشىپ ئۇرۇش قىلغان دوغلات، چۇراس، بارلاس، قىرغىز قاتارلىق چارۋىچى قەبىلىلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھەرقايسى قەبىلە باشلىقلىرى باش چېرىكچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. ئابدۇرەشىدخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، يەنە چېگرا ئىچىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ۋە بوستانلىق ئاھالىلىرىدىن ئەسكەر قوبۇل قىلىپ، «مەھرەم»(ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى)، «زەربىدار»(بۆكتۈرمە قوشۇن)، «سەرباز»(ئاتلىق ئەسكەر)، «يىگىت»(پىيادە ئەسكەر) لەرنى تەشكىللىدى. بەزى ئەمىرلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ خاس ئەسكەرلىرى بولاتتى. مەسىلەن، ئېلى شاھبەگنىڭ 3000 كىشىلىك ياللانما ئەسكىرى بار ئىدى. خوجىلارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ يەركەن خانلىقىدا ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، سوپىزم مۇرىتلىرىدىن تەشكىللەنگەن دىنىي ھەربىي كۈچلەرمۇ مەيدانغا چىقتى. ئۇلار خاننىڭ ئارمىيەسىگە تەۋە ئەمەس، بەلكى خوجىلارنىڭ ئاتا مىراس ھۆكۈمرانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولاتتى. خانلىقنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە، دىنىي ھەربىي كۈچ ئاساسەن ھەممىنى بەلگىلىيەلەيدىغان كۈچكە ئايلاندى. خوجىلار بۇ كۈچ ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي كۈرەشلەرگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشتى.

ئابدۇللاخان ھۆكۈمرانلىقى زامانىدا، جۇڭغارلار كۆپ قېتىملاپ يەركەن خانلىقىغا تاجاۋۇز قىلىپ تاكى خوتەنگىچە يېتىپ باردى. جۇڭغارلار خوتەنگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە، ئابدۇللاخان ۋە ئوغلى يولۋاس يەركەن ۋە كاشغەر رايونىدىكى قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، ئۇلارنى چېكىندۈردى. يولۋاس ئاتىسىدىن ئۆزىگە يەنىمۇ چوڭ، يەنىمۇ كۆپ ھوقۇقلارنى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاتا - بالا ئارىسىدىكى ئىختىلاپ باشلاندى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئاق تاغلىقلارنىڭ قارا تاغلىقلاردىن تېخىمۇ كۆپ ھوقۇقلارنى تەلەپ قىلىشى ئىدى. ئاق تاغلىق

خوجىلار كۆچىنىڭ بارچە يەركەن خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت گۇ-رۇھىغا سىڭىپ كىرىپ، ئابدۇللاخاننىڭ خۇدۇكسىرىشىنى كەل-تۈرۈپ چىقاردى. نەتىجىدە نۇرغۇن ئەمىرلەر ئوغلى يولۋاس تە-رەپكە ئۆتۈپ كەتتى. 1667 ـ يىلى بىر توپ ئاسىيلارنىڭ قور-شاۋىدا قالغان ئابدۇللاخان خانلىق ئورنىدىن ۋاز كېچىپ، ئەرە-بىستانغا ھەج تاۋاپ قىلغىلى مېڭىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي يولدا ۋاپات بولدى.

1668 ـ يىل (ھىجرىيە 1078 ـ يىلى) يولۋاسخان ئاق تاغلىق خوجىلار ۋە ئەمىرلەر تەرىپىدىن خانلىق تەختىگە چىقىرىلدى. ئۇلار قارا تاغلىقلارغا ئەگەشكەن مۇرىتلار ۋە ئەمىرلەر-نى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈردى ھەمدە ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلدى. ئىككى مەزھەپتىكى خوجىلارنىڭ يەركەن خانلىقىنىڭ تەختىنى تالىشىش كۈرىشىدە جۇڭغارلاردىن يەلداڭ تەيجى ئىسمائىلخان-نى، سىڭگە تەيجى بولسا يولۋاسخاننى قوللىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشلاردا گەرچە يولۋاسخان غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، كاشغەر سىڭگە تەيجىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. يولۋاس ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ۋە خانلىق ھوقۇقىنىڭ سىمۋولىنى سىڭگە تەيجىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، يەركەنگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. سىڭگە يولۋاسخاننىڭ كىچىك ئوغلىنى خانلىق تەختكە چىقاردى ۋە ئۇنىڭغا ئاتالىق(ھامىي) تەيىنلىدى.

يولۋاسخان يەركەنگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، سىڭگە تەيجىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سەركەردىسى ئەركە بەگمۇ بۇ يەرگە يېتىپ باردى. ئۇ خەلقنىڭ نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ ئە-مىرلەرنى قۇترىتىپ ئىسيان كۆتۈرگۈزدى، يولۋاسخاننى ئۆلتۇ-رۇپ، يولۋاسخاننىڭ يەنە بىر ئوغلى ئابدۇلېتىپنى خان دەپ جاكارلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئابدۇلېتىپخان ئانىسى بىلەن بىر-لىكتە توپىلاڭ كۆتۈرگەن ئەمىرلەرنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىدى. ئەركە بەگ كاشغەرگە قېچىپ كەتتى، ئۇ يول ئۈستىدە ئاقسۇدى-

ـكى ئىسمائىلخاننى كىشى ئەۋەتىپ يەركەنگە لەشكەر تارتىشقا دەۋەت قىلدى. ئىسمائىلخان ئەسكەر چىقىرىشنى قارار قىلدى. يولبويى كۆپ قېتىملىق جاپالىق ئۇرۇشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزـ گەن ئىسمائىلخان قوشۇنى يەركەن شەھىرىگە قىستاپ كەلگەنـ دە، ئابدۇلېتىپخان كاشغەرگە قېچىپ كەتتى. 1670 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىسمائىلخان قارا تاغلىقلارنىڭ پىرى خوجا مۇھەممەد ئابدۇللا بىلەن بىرلىكتە يەركەن شەھىرىگە كىردى. ئىسمائىلخان ئەنئەنىۋى مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ خانلىق تەختىگە چىقتى. ئارقىدىنلا ئادەم ئەۋەتىپ يولۋاسخاننىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈردى، ئاق تاغلىقلارنى باستۇردى.

ئاق تاغلىقلارنىڭ پىرى ئاپاق خوجا كاشغەردىن قاچقاندىن كېيىن ئوغرىلىقچە كەشمىرگە بېرىپ، ئۇ يەردىن يەنە تىبەتكە كىردى. ئۇ تىبەتتە دالاي لاما V بىلەن كۆرۈشتى. دالاي لاما ئۆز قولى بىلەن خەت يېزىپ، ئۇنى جۇڭغارلارنىڭ ئاتامانى غالدان قۇنتەيجىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. 1678 ـ يىلى غالدان 12 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كاشغەرلەردىن ئۆتۈپ يەركەنگە يېتىپ باردى. كەسكىن جەڭلەر بولغان بولسىـ مۇ، ئاق تاغلىقلارنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا يەركەن ھاكىمى ئېۋەزبەگ ئۇرۇشتا ئۆلدى، شەھەر قولدىن كەتتى، ئىسمائىلخان بالا ـ چاقىلىرى بىلەن ئىلىغا سۈرگۈن قىلىندى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى جۇڭغارلارغا تەۋە بولدى[1].

## مىرزا ھەيدەر ۋە «تارىخى رەشىدىي»

سەئىدخان ۋە ئابدۇرەشىدخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرـ لەردە، يەركەن خانلىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىگىلىك تەـ

[1] ئىليا ياكوۋلېۋىچ زىلاتكىن: (Илъя Яковлевич Златкин) «جۇڭغارىيە تارىخى»(خەنزۇچە تەرجىمىسى)، 215 ـ 250 ـ بەتلەر؛ ۋېي لياڭتاۋ: «يەركەن خانلىـ قىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، 144 ـ بەت، خېيلۇڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1994 ـ يىل.

رەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بۇ خانلىق قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تۇنجى گۈللىنىش دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. سەئىدخان بىلەن ئابدۇرەشىدخان خانلىق ئىچىنىڭ تىنچلىقىغا كۆڭۈل بۆلەتتى، شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆسۈشى ۋە تەرەققىياتىغا كۈچ چىقارغانىدى. چاغاتاي تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا خاتىرىلىنىشىچە، سەئىدخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى ھۆكۈمران ئەبۇ بەكرىنىڭ دەۋرىدە ئالۋان - ياساقنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپلۈكىدىن ئىگىلىكنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈپ، خەلقنىڭ تىرىكچىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ئون يىللىق باجنى كەچۈرۈم قىلغانىدى. بۇ سىياسەت نەتىجىسىدە خانلىقنىڭ ئىگىلىكى ئەسلىگە كېلىپلا قالماي، چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرىدىكىدىنمۇ بەكرەك تەرەققىي قىلغانىدى.

يەركەن خانلىقى مەزگىلىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، ھازىرقى ئۇيغۇر مەدەنىيەت سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. بۇ مەزگىلدە تالانت ئىگىلىرى ئارقىمۇئارقا مەيدانغا كېلىپ، ئەدەبىيات، تارىخ، سەنئەتكە ئائىت كۆپلەپ ئەسەرلەرنى ياراتتى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن چوڭ رول ئوينىدى. بولۇپمۇ تارىخىي ئەسەرلەر كىشىنى جەلپ قىلىدۇ.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تارىخى رەشىدىي»دۇر[1].

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ئاپتور ھىجرىيە 905 - يىلى (مىلادىيە 1499 — 1500 - يىللىرى) تاشكەنتتە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان بۇ رايوننىڭ باشقۇرغۇچىسى ئىدى، ئا-

[1] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي» (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى تەرجىمە قىلغان، ۋاڭ جىلەي بېكىتكەن I، II توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل.

نسى موغۇل خانى يۇنۇسخاننىڭ قىزى بولۇپ، ئىمپېراتور با-بۇرنىڭ ئانىسى قۇتلۇق نىگار خانىمنىڭ سىڭلىسى ئىدى. مىرزا ھەيدەرنىڭ ئاتىسى بابۇرغا قارشى ھەرىكەتكە قاتناشقان-لىقتىن قولغا ئېلىنغان، كېيىن بابۇرنىڭ يېقىن تۇغقىنى بول-غاچقا كەچۈرۈمگە ئېرىشكەن. كېيىنچە ئۆزبېك خانى شەيبانى-خاندىن پاناھ ئىزدەپ بارغان، ئۇزۇن ئۆتمەيلا شەيبانىخاننىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويۇپ، قېچىشقا مەجبۇر بولغان. شەيبانىخان مەخپىي كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنى ھىراتتا ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ئۇ چاغدا تېخى كىچىك بولۇپ، نۆكەر-لىرى ئۇنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن قورقۇپ، بۇخاراغا ئېلىپ بې-رىپ يوشۇرۇپ قويغان. 1508 ـ يىلى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر توققۇز يېشىدا ئاتىسىنىڭ ئۇستازى موللا مۇھەممەدنىڭ ئا-تىدارچىلىقىغا ئېرىشكەن. بۇ بالىنى ئۆزبېكلەرنىڭ قەستىدىن ساقلاش ئۈچۈن ئۇلار تاغلار ئېشىپ، سۇلار كېچىپ، تاغ ئارد-سىدىكى يوللار بىلەن مېڭىپ، خەۋپ ـ خەتەرنى بېشىدىن ئۆت-كۈزۈپ، ئاخىر ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بەدەخشانغا يېتىپ كەل-گەن. بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمدارى مىرزاخان بابۇرنىڭ يېقىن تۇغقىنى ئىدى. ئۇ بۇ ئىككى قاچقۇننى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالغان. ئۇلار بۇ يەردە بىر يىل تۇرغاندىن كېيىن، بابۇر تەرىپىدىن كا-بۇلغا چاقىرتىلغان. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ئىززەت ـ ھۆرمەت-كە ئېرىشىپ، پادىشاھ جەمەتىنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلانغان. 1514 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئۇ ئەندىجانغا بېرىپ بىر نەۋرە قې-رىندىشى سۇلتان سەئىدخاننىڭ قوشۇنىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن. ئۇ كاشغەر، موغۇلىستان، بەدەخشان ۋە لاداقلاردىكى ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. 1533 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر باشچىلىقىدىكى يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن لىخاساغا يۈ-رۈش قىلغان، ھەربىي يۈرۈش جەريانىدا نېپال ۋە ھىندىلارنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كەلگەن، 1534 ـ يىلى يېڭىلىپ يارىدار ئەس-

كەرلىرى بىلەن لاداققا قايتقان. ئابدۇرەشىدخان كاشغەردە تەختكە چىققاندىن كېيىن، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ تاغىسى سەيىد مۇھەممەد مىرزا سەئىدخاننىڭ كەنجى ئوغلى ئىسكەندەرنى قوللاپ، خانلىقنى تارتىۋېلىش سۇيىقەستىنى پىلانلىغان دېگەن گۇمان بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ رەھىمسىز سىياسىي كۈرەشلەر ئۇنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، شۇڭا ئۇ ئەسىرىدە كۆپ قېتىم ئەلەملىك تىل بىلەن بۇ تارىخىي مەنزىرىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ تاغىسى سۇلتان سەئىدخانغا كۆپ يىللار خىزمەت قىلغان بولۇپ، كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى كۆرۈنەرلىك ئىدى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر بولسا سەئىدخانغا ئەگىشىپ ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، خانلىقنىڭ قۇرۇلۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ئەمما سەئىدخاننىڭ چوڭ ئوغلى تەختكە چىقىپلا، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇلارنى ئۆلتۈرگەندە، ئۇ بۇ خىل ۋاپاغا جاپا قىلغان قىلمىشقا چوڭقۇر ئېچىندى ھەمدە ئۇنىڭ بۇ خىل ھېسسىياتى كېيىنكى ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. كېيىنرەك ئۇ ئۆز ھەمراھلىرىغا باشچىلىق قىلىپ لاھورغا باردى، بابۇرنىڭ ئوغلى كامران مىرزىنىڭ دوستانە كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى، يەنە بىر قېتىم داڭلىق شەخسكە ئايلاندى. 1540 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، ئۇ ئازلا ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىپ كەشمىر داۋىنىدىن ئۆتتى. ئۇلار ئېگىزلىكتىن كەشمىرگە بېسىپ كىردى، يەرلىك ئاھالىلەر ۋە قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ قارشىلىقىسىز قان تۆكمەيلا بۇ دۆلەتنى ئىگىلىدى. ئۇ بۇ يەردە ئون يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى، بۇ مەزگىلدە ئۇ خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ۋە سودىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا، بايلىقلارنى ئېچىشقا مەدەت بەردى. ئۇ ھاكىمىيەتتە ئادىل، مۇئامىلىدە ئىللىق بولۇشى بىلەن مەدھىيىلەندى. ئۇ كەشمىردە ھاكىمىيەتتىكى مەزگىلدە، ئۆزىنىڭ ئۆلمەس تارىخىي ئەسىرى «تارىخى رەشىدىي»نى يېزىپ چىقتى. ئۇ بۇ ئەسەرنى يازغاندا،

ئۆزىنىڭ نەۋرە قېرىندىشى بابۇر تەرىپىدىن يېزىلغان «بابۇرنامە»دىكى ماتېرىياللاردىن كەڭ پايدىلاندى. 1551 ـ يىلى ئۇ موغۇل خانلىقىنىڭ سەردارلىرىدىن چىلان باھادىرنى بېرىبال رايونىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا تەيىنلىدى، بۇ بۇيرۇق شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ئۆز سەردارىنى قوللاش ئۈچۈن، قوشۇن باشلاپ يۈرۈش قىلدى. يۈرۈش داۋامىدا ئۇنىڭ تۇرالغۇسى ھۇجۇمغا ئۇچرىدى، موغۇل قوشۇنى يېڭىلدى. ئۇ ئۆزى شىددەتلىك جەڭدە ئوق تېگىپ قازا قىلدى.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كەشمىردە تەختتىكى ۋاقتىدا، ئۆز ھاياتىدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ سەرگۈزەشتىلىرىنى ۋە ئوردىدىكى سىياسىي كۈرەشلەر داۋامىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى مول تىل بايلىقى ۋە يېزىقچىلىق ئىقتىدارىغا تايىنىپ، ئوردا ئارخىپلىرى ۋە خەلق ئىچىدىكى خاتىرىلەردىن پايدىلىنىپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ۋە يەركەن خانلىقىغا ئائىت مۇھىم تارىخ كىتابى «تارىخى رەشىدىي»نى يېزىپ پۈتتۈردى. ئۇ كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە، بۇ كىتابنى ئۆز ۋەتىنىنىڭ ھۆكۈمدارى ئابدۇرەشىدخانغا تەقدىم قىلغانلىقىنى، بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مەقسىتىنىڭ موغۇل خانلىرىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئىمكانلىكىنى يازىدۇ. بۇ ئەسەر پارس تىلىدا يېزىلغان. بۇ كىتابنى 1321 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ماۋەرائۇننەھردىكى چاغاتاي خانلىرىدىن بۆلۈنۈپ چىققان موغۇل خانلىرىنىڭ تارىخى دېيىشكە بولىدۇ. چاغاتاي خانلىقى ئىچكى نىزا ۋە سىياسىي چىرىكلىك تۈپەيلى تېزلا پارچىلىنىشقا يۈز تۇتتى. ئايرىلىپ چىققان بۇ تارماق ئاقسۆڭەكلەر شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمدارلىرى بولدى. «تارىخى رەشىدىي» ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان. مىرزا ھەيدەر بىرىنچى قىسمىنى 1544 ـ يىلىدىن 1546 ـ يىلى 2 ـ ئايلار-

غىچە بولغان ئارىلىقتا كەشمىردە تاماملىغان. بۇ قىسمىنى ئا-ساسلىق موغۇل خان جەمەتى ئەزالىرى ھەققىدە تارقىلىپ يۈر-گەن رىۋايەتلەر ۋە شەرەفىددىنىنىڭ «زەپەرنامە» سىگە ئاساسلى-نىپ يازغان. ئىككىنچى قىسمى بولسا ئاپتورنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋە ئاڭلىغان تارىخىي ۋەقەلەردىن ئىبارەت. بۇ قىس-مىدا ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ كەشمىرگە كىرگۈچىلىك بولغان جەرياندىكى ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. بۇ قىسىم 1541 ـ يىلى يېزىشقا باشلىنىپ، 1544 ـ يىلى پۈتتۈرۈلگەن. بۇ كىتاب ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا كەڭ تارقالغان. رۇسىيەلىك ئالىم بار-تولدنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئىككى خىل تۈركىيچە تەرجىمىسى بار. بىرى تەرجىمان مۇھەممەد سا-دىق كاشغەرىي تەرىپىدىن 19 ـ ئەسىردە تەرجىمە قىلىنغان. يە-نە بىرىنىڭ تەرجىمانى نامەلۇم، 1848 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى خوتەندە تەرجىمىسى پۈتكەن. مەزكۇر كىتاب يۇقىرى تا-رىخىي ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە بولغانلىقتىن، 19 ـ ئە-سىردىن باشلاپ شەرقشۇناسلار تەرىپىدىن ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىندى ۋە شەرھلەندى. ئىككىنچى قىسمىنىڭ ھەجمى بىرىن-چى قىسمىدىن بىر ھەسسە كۆپ، مەزمۇنى مول، ئۇنىڭدا ئىجتى-مائىي تۇرمۇش، سىياسىي كۈرەش، ھەربىي پائالىيەتلەرگە دائىر كۆپلىگەن جانلىق ماتېرىياللار بار. ئۇنىڭدا يەنە خانلارنىڭ يۈ-رۈش ـ تۇرۇشىغا ئائىت خاتىرىلەرمۇ بار.

تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر ئەسەر شاھ مەھمۇد چۇراسنىڭ «تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدۇر. بۇ يەركەن خانلىقىنىڭ يىلنامىلىك تارىخى ھېسابلىنىدۇ. ئاپتورنىڭ ئەجدادلىرى سەئىدخانغا ئەگىشىپ، كاشغەر يۇرۇشىگە قاتناشقان ئەمىرلەردىن بولۇپ، ئۇلارغا ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ رايونىدىكى جايلار سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن. مۇھەممەدخاننىڭ زامانىدا، چۇراس قەبىلىسىدىكى ئەمىرلەرنىڭ ئورنى ئۆسكەن، كېيىنكى

يىللاردىكى ئۆزبېكلەرگە قارشى ئۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان.
ئاپتور يەركەن خانلىقى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان دەۋردە ياشىغان.
ئۇ توققۇز خاننىڭ تەخت ئالمىشىشىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن،
جۇڭغارلار قوشۇنىنىڭ يەركەن خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ كىر-
ىپ، خانلىقنى ھالاك قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن.
شاھ مەھمۇد چوراس تەخمىنەن 17 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى
تۇغۇلغان. «تەۋارىخ»نىڭ مەزمۇنىدىن ئۇنىڭ قارا تاغلىقلارنىڭ
مۇرىتى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

«تەۋارىخ» «تارىخى رەشىدىي»نىڭ داۋامى سۈپىتىدە يېزىلىپ
1676 ـ پۈتتۈرۈلگەن. بۇ كىتابنىڭ ئالدىنقى قىسمى «تارىخى
رەشىدىي»دىن ئېلىنغان، كېيىنكى يېرىمىنى ئاپتور ئۆزى ياز-
غان، ئابدۇرەشىدخاننىڭ تەختكە چىقىشىدىن ئىسمائىلخاننىڭ
ھۆكۈمرانلىق مەزگىللىرىگىچە بولغان ۋەقەلەر يېزىلغان. «تەۋا-
رىخ»نىڭ كېيىنكى يېرىمى ئاپتورنىڭ جەمەتىدە تارقالغان رىۋا-
يەتلەر، بەزى ۋەقەلەرنىڭ قاتناشقۇچىلىرىدىن ئاڭلىغان
ئەھۋاللار ۋە ئۇنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرى ئاساسىدا يېزىلغان،
شۇڭا تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى. «تەۋا-
رىخ» پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبى ئانچە
ياخشى ئەمەس، بىر تارىخىي ئەسەرگە نىسبەتەن كىچىككىنە ئە-
يىبى شۇكى، «تەۋارىخ»تا بايان قىلىنغان كۆپىنچە ۋەقەلەرنىڭ
يىل، ئاي، كۈنلىرى خاتىرىلەنمىگەن، باشقا تارىخىي كىتابلار-
دىن پايدىلانغاندىلا ئاندىن بۇ تەخمىنىي يىل دەۋرىنى بەلگىلى-
گىلى بولىدۇ.

شاھ مەھمۇد چوراسنىڭ يەنە بىر ئەسىرى «رەفىقۇتتالىد-
بىن» (ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر دوستى دېگەن مەنىدە ــ ت)،
مىلادىيە 1672 ــ 1679 ـ يىللىرى ئارىسىدا پارس تىلىدا
يېزىلغان. ئۇنىڭدا يەركەن خانلىقىدىكى بەزى ئىسلام دىنى

سەردارلىرىنىڭ تارىخى، قارا تاغلىقلار بىلەن ئاق تاغلىقلار ئوت-تۇرىسىدىكى كۈرەش بايان قىلىنىپ، شۇ زاماندىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ بەزى تەرەپلىرىمۇ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ كىتاب كېيىنچە يەركەندە ئەبۇ مەنسۇر تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىن-غان.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# 6. يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى كۆرەشلىرى ۋە ئۇيغۇرلار رايونىدىكى جەمئىيەت تەرەققىياتى

## ئەپيۇن ئۇرۇشىنىڭ ئالدىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە فېئودالىزمغا قارشى كۆرەش

16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا موڭغۇللارنىڭ ئويرات قەبىلىسى ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئويراتلار جۇڭغار، تورغۇت، دۆربۆت، خوشۇت دېگەن تۆت قەبىلىگە بۆلۈنەتتى. جۇڭغارلار بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي شىمالى ۋە ئىلى رايونلىرىغا ئورۇنلاشقانىدى، تورغۇتلار تارغاباتاي رايونلىرىدا، دۆربۆتلەر ئېرتىش دەرياسى ۋادىلىرىدا، خوشۇتلار بوگدىنىڭ ئۈرۈمچى رايونىدا تۇراتتى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، جۇڭغارلارنىڭ يولباشچىسى باتۇر قۇنتەيجى تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىپ، تورغۇتلارنى روسىيەگە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى. دۆربۆتلەر تەسلىم بولدى، دۆربۆتلەرگە تەۋە خويتلار تارباغاتايغا كۆچۈپ باردى، خوشۇتلار چىڭخەيگە كۆچۈپ كەتتى. بۇ تۆت قەبىلىگە تەۋە جايلار ئاساسەن جۇڭغارلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى. 1618 ـ يىلى غالدان جۇڭغارلارنىڭ خانلىق تەختىگە چىقتى، ئۇ ناھايىتى قارا نىيەت كىشى ئىدى. ئۇ چىڭخەيدىكى خوشۇت قەبىلىسىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، نىشانىنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى — تارىم ئويمانلىقىدىكى

ئۇيغۇرلار رايونىغا قاراتتى. يەركەن خانلىقى ئىلگىرىمۇ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكى ۋە بۇلاڭچىلىقىغا كۆپ قېتىم ئۇچرىغانىدى. غالدان تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلارنى پۈتۈنلەي ئۆز كونتروللۇقىغا كىرگۈزۈشنىڭ قەستىنى قىلىۋاتقان چاغدا دەل يەركەن خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى «قارا تاغلىقلار» بىلەن «ئاق تاغلىقلار»نىڭ كۈرىشى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆتكۈرلەشكەنىدى. «ئاق تاغلىقلار»نىڭ پىرى ئاپاق خوجا غالداندىن ياردەم تىلىدى، بۇ غالدانغا تېپىلغۇسىز بىر پۇرسەت بولدى. 1678 ـ يىلى غالدان ئەسكەر باشلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلدى، يەركەن خانلىقىنىڭ خانى ئىسمائىلخاننى پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن ئەسىرگە ئېلىپ، ئاپاق خوجىنى خان قىلىپ تىكلىدى، شۇنىڭ بىلەن «قارا تاغلىقلار» تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنغان چاغاتاي خان جەمەتىنىڭ ئاخىرقى ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاياغلاشتۇردى[1].

غالدان ئۆلگەندىن كېيىن، يەركەن خانلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە ئاپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى ئەھمەد خوجا جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى. بۇ جۇڭغار غالداننىڭ ئورنىغا چىققان سېۋان ئارابدان تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن جۇڭغارلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزگەن ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقى داۋام قىلىۋەردى[2]. سېۋان ئارابدان ئەھمەد خوجىنى ئىلىغا ئېلىپ چىقىپ نەزەربەنت قىلدى.

جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى خوجىلاردىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى، بەگلەرنى گۇماشتىلىقىقا قويۇپ، باج ـ سېلىق يىغىش ۋە كونترول قىلىش مەقسىتىگە يەتتى.

① فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلو، مۇ گۇاڭۋېن: «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»، 190 ـــ 194 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىل.

② فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلو، مۇ گۇاڭۋېن: «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»، 190 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىل.( 1700 ـ يىلى)

جوڭغارلار ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىغا نىسبەتەن «بارىمتايلىق تۈزۈمى»نى يۈرگۈزدى، يەنى ئۇيغۇر خانلىرى ئۆزىنىڭ بىر ياكى بىر نەچچە ئوغلىنى ئىلىغا بارىمتايلىققا ئەۋەتەتتى؛ بەزىدە ھەتتا خانلارنىڭ ئۆزىمۇ بارىمتاي بولۇپ قالاتتى. ئەگەر كىمىكى قارشىلىق كۆرسەتسە، ئۇلارنى ئەسىرگە ئېلىپ ئىلىغا پالايتتى، ئاندىن ئورنىغا يېڭى خان تىكلەيتتى. مەسىلەن، ئەھمەد خوجا ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن، جوڭغارلار ئۇنىڭ ئورنىغا قارا تاغلىقلارنىڭ پىرى دانىيال خوجىنى يىلدا 100 مىڭ تەڭگە كۈمۈش ئولپان تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن خان قىلغانىدى. 1730 ـ يىلى دانىيال خوجا ئۆلگەندىن كېيىن، جوڭغارلار ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا ياقۇپنى يەركەنگە ھۆكۈمران قىلدى، كاشغەر، ئاقسۇ، خوتەنلەرگىمۇ باشقا خوجىلارنى تەيىنلىدى. بۇ ئەھۋال 1755 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ئارمىيەسى جوڭغارلارنى تىنجىتقانغا قەدەر داۋاملاشتى.

جوڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر رايونىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 73 يىل داۋام قىلدى. ھەريىلى ئۇيغۇر خەلقىدىن كۆپ مىقداردا ئولپان يىغىۋالاتتى. غالدان سېرىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە (1727 ـ 1745) يالغۇز يەركەن رايونىلا يىلدا 100 مىڭ تەڭگىگە يېقىن ئولپان تاپشۇراتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى بىر تەڭگە بىر سەر كۈمۈشكە باراۋەر ئىدى. ئۇيغۇرلار نۇرغۇن ئولپان تاپشۇرغاندىن باشقا، جوڭغار ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇرلارنى ھەقسىز ئەمگەك قىلىپ بېرىشكە مەجبۇرلايتتى، شۇنداقلا بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى ئىلىغا كۆچۈرۈپ چىقىپ يانچى قىلىۋالغانىدى. جوڭغارلار ھۆكۈمدارلىرى ھەربىر يېڭى تەيجى تەختكە چىققاندا كونا پۇل ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېڭىدىن پۇل قۇيۇلىدۇ دەپ بەلگىلىگەنىدى. ئىككى كونا پۇل يېڭى چىقارغان بىر پۇلغا تېگىشىلەتتى، بىر ياندىن قۇيۇلۇپ، بىر ياندىن ئالماشتۇرۇلاتتى،

كونا پۇللار تۈگەپ بولغاندا ئاندىن يېڭى پۇلنى قويۇش توختىلاتتى. بۇ خىل پۇل تارقىتىش ئۇيغۇرلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى زور دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىتىپ، قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى.

1700 ـ يىلى جۇڭغار ھۆكۈمرانى ئەھمەد خوجىنى ئىلىغا سۈرگۈن قىلدى. ئەھمەد خوجىنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. چوڭىنىڭ ئىسمى بۇرھانىدىن(چوڭ خوجا)، ئىككىنچىسى خوجا جاھان(كىچىك خوجا) ئىدى. ئەھمەد ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلار يەنىلا نەزەربەند ئاستىدا تۇرۇۋەردى. 1754 ـ يىلى جۇڭغارلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن داۋاچى بىلەن ئامۇرسانا ئارىسىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى يۈز بەردى. ئامۇرسانا چىڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى. ئۇزۇندىن بۇيان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ھازىرلانغان چىڭ سۇلالىسى بۇ ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭغارلارغا قارشى يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى. 1755 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ئىككى يولغا بۆلۈپ ئەسكەر چىقاردى، شۇ يىلى 5 ـ ئايدا داۋاچى گېدىن تېغىدا تەلتۆكۈس يوقىتىلدى. چىڭ سۇلالىسى داۋاچى ئۈستىدىن غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئۇچتۇرپان بېگى خوجەس بەگ ۋە ئاقسۇ ھاكىمبېگى ئابدۇۋاھابنىڭ تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلىپ، چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنى نەزەربەنتتىن بوشىتىپ، بۇ ئىككى خوجىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا قوشۇلدى. بۇنىڭدىن چوڭ خوجا ناھايىتى مىننەتدار بولدى. ئۇ مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، قارا تاغلىقلار ئىگىلەپ ياتقان ئۇچتۇرپاننى بىسىۋالدى، ئارقىدىنلا كاشغەرنىمۇ ئىشغال قىلدى. ئۇ كاشغەردە لەشكەرلىرىنى كۆپەيتكەندىن كېيىن، قارا تاغلىقلارنىڭ قورغىنى بولغان يەركەنگە ھۇجۇم قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا يەركەننىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارى قارا تاغلىقلارنىڭ پىرى خوجا جاھان(خوجا ياقۇپ) ئى-

ـدى. خوجا جاھان چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتۈش توغرىسىدىكى نەسىھەتكە پەرۋا قىلماي، يەركەندە كەسكىن ئېلىشتى، ئۇرۇش چوڭ خوجىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشتى. چوڭ خوجا خوجا جاھان(خوجا ياقۇپ) نى ئەسىرگە ئېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە «زاما ـ نە زامانىنىڭ، زامانى خاقانى چىنىنىڭ» دەپ جاكار قىلغۇزدى.

بۇرھانىددىن خوجا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى بارلىق قارا تاغلىق خوجىلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، جۇڭغارلارنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بەردى، ئەسلىي چىڭ سۇلالىسىگە بويسۇنغان ئامۇرسانا يۈز ئۆرۈدى. ئامۇرسانانىڭ ھەرىكىتى كىچىك خوجىغا تەسىر كۆرسەتتى. چوڭ خوجا چىڭ سۇلالىسى ئارمىيەسىنى ئۆزلىرىنى نەزەربەنتتىن قۇتقۇزدى، شۇڭا ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، قارشى تۇرماسلىق كې ـ رەك، دەپ قارايتتى. كىچىك خوجا بولسا چوڭ خوجىنىڭ ئەك ـ سىچە، ئەسلىدىكى ۋەدىسىدىن تامامەن ۋاز كېچىپ، ئۆز ئالدىغا دۆلەت قۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسىگە بولغان تەۋەلىك مۇناسىۋەتنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئۈزۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى، چوڭ خوجا ئا ـ رىسالدى بولۇپ قالغانلىقتىن، كىچىك خوجا گۇرۇھى ئۈستۈن ـ لۈكنى ئىگىلىدى، 1757 ـ يىلى كىچىك خوجا «باتۇرخان دۆلە ـ تى»دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، چىڭ سۇلالىسى مەركە ـ زىي ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى.

كىچىك خوجا خان بولغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى مۇ ـ ئاۋىن باشبۇغ ئامىنداۋ باشچىلىقىدىكى يۈزدىن ئارتۇق چېرىك ـ نى تەسلىم بولۇشقا دالالەت قىلىشقا ئەۋەتتى. كىچىك خوجا ئا ـ مىنداۋ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. چىڭ گاۋزۇڭ تەسلىم بولۇشقا ئۈندەشتىن ئۈمىد يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كې ـ يىن، جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، مەسىلىنى ھەربىي كۈچ بىلەن ھەل قىلىشنى قارار قىلدى. كىچىك خوجا موڭ ـ غۇللارنىڭ ئويرات قەبىلىسى ۋە ئەنجان، بۇخارا قاتارلىق جايلار ـ

دىكى فېئوداللار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۆز كۈچىنى كۈچەيت-تى. 1758 ـ يىلى 5 ـ ئايدا چىڭ سۇلالىسى يارخاشەننى تۇمەن-دىن ئارتۇق لەشكەرنى باشلاپ، تۇرپاندىن يولغا چىقىشقا بۇيرۇ-دى. 8 ـ ئايدا كۇچا ئىشغال قىلىندى. 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى جاۋخۇينىڭ قوماندانلىقىدىكى ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەردىن 3000 ى يەركەنگە يېتىپ كەلدى، 13 ـ چېسلا جاۋخۇي مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق چېرىكنى باشلاپ، شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدىكى يېڭى چىپان تېغىغا باردى. كىچىك خوجا 5000 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەر، تۇمەندىن ئارتۇق پىيادە لەشكەر بىلەن چىڭ ئارمىيەسىنى قورشىۋالدى. 1759 ـ يىلى 1 ـ ئايدا 5000 چىڭ ئەسكىرى ياردەمگە كەلدى، جاۋخۇي مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چى-قىپ، ياردەمچى قوشۇن بىلەن ئۇچرىشىپ ئاقسۇغا چېكىندى. 6 ـ ئايدا چىڭ سۇلالىسى فۇدېنى خوتەن تەرەپتىن يەركەنگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، جاۋخۇي ئۇچتۇرپاندىن كاشغەرگە ھۇجۇم قىلدى. چوڭ ـ كىچىك خوجىلار بەدەخشانغا قېچىپ كەتتى. 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى چىڭ ئارمىيەسى بەدەخشان چېگراسىغىچە قوغلاپ بېرىپ، خوجىلارنى چوڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى، خوجىلارغا ئەگەشكەن ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى چىڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى، ئىككى خوجا بالا ـ چاقىلىرى ۋە يۈز نەچچە ئىشەنچلىك ئادىمى بىلەن بەدەخشانغا قېچىپ باردى. چىڭ سۇلالىسى بەدەخشانغا سىياسىي ۋە ھەربىي بېسىم ئىشلى-تىپ، ئۇلارنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بەدەخشاننىڭ سۇلتان شاھى قوشۇن ئەۋەتىپ، ئىككى خوجىنى ئەسىرگە ئې-لىپ ئۆلتۈردى. يەنە تېخى كىچىك خوجىنىڭ كاللىسىنى چىڭ ئارمىيەسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئىناق قوشنا بولۇپ ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا ھۆ-كۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئەسلىدىكى

ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ئاساسىي جەھەتتىن تەگمەي، بەگلەرنىڭ مىراس قىلىش تۈزۈمىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش تۈزۈمىگىلا ئۆز-گەرتىپ قويىدى. شۇڭا، شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغانغا قەدەر، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى يەنىلا يەككە دېھ-قانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئاساسىدىكى فېئودال خوجى-لىق تۈزۈم ئىدى. بۇ تۈزۈم بويىچە جەمئىيەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى ھەر دەرىجىلىك چوڭ - كىچىك بەگلەردىن تەركىب تاپاتتى. ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى قورالى بولۇپ، نۇرغۇن بەگلەر بىر رايوننى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان فېئوداللاردىن ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بەگلىك تۈزۈمى تارىم ئويمانلىقىدىكى بوس-تانلىقلاردا يولغا قويۇلدى. بەگلەرنىڭ ئەڭ چوڭى ھاكىمبەگ دېيىلەتتى. ئۇ شەھەر، بازارلارنىڭ ۋە ئۇلارغا قاراشلىق يېزىلار-نىڭ چوڭ - كىچىك ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ھاكىمبەگدىن قالسا ئىشىكئاغا بەگ بولۇپ، ئۇ ھاكىمبەگكە ياردەملىشىپ كۈندىلىك ئىشلارنى بېجىرەتتى. بۇلاردىن باشقا جايلاردا يەنە ھەرخىل ناملاردا بىرمۇنچە بەگلەر بولۇپ، بۇ بەگلەر مەخسۇس بىر ئىشنى ياكى بىرەر يېزىنى باشقۇراتتى. ئۇلارنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى ئېنىق بولۇپ، تەشكىلىي قۇرۇلمىسى پۇختا ئىدى. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ۋە «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ نامى ۋە خىزمەت ۋەزىپىلىرى تۆۋەندى-كىچە[1]:

1. تېرىلغۇ يەرلەر، باغۋەنچىلىك، سۇچىلىق ۋە يېزا ئىگى-لىك ېيجىنى باشقۇرىدىغان بەگلەر:

خەزىنىچى بەگ: خەزىنە ۋە مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.

[1] فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلو، مۇ گۇاڭۋېن: «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»، 228 - 231 - بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 - يىل.

شائبېگى: غەللە ـ پاراق يىغىۋېلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل.
مۆتىۋەللى بەگ: ئېتىز ـ ئېرىق، باغ ـ ۋاران، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى بېرىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.
ئەرباب بەگ: ھاشار ـ سەيسىلەرنى باشقۇرىدۇ.
باقماتار بەگ: مېۋىلىك باغلارنى باشقۇرىدۇ.
دوپ بېگى: 2000 تۈتۈندىن غەللە ـ پاراق يىغىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.
يۈز بېگى: يۈز تۈتۈندىن غەللە ـ پاراق يىغىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.
ئارچىنبەگ: ئون نەچچە تۈتۈندىن غەللە ـ پاراق يىغىدۇ.
مىراپ بەگ: سۇ ئىنشائاتى ۋە سۇغىرىش ئىشلىرىغا مەسئۇل.
2. ھەر تۈرلۈك قول سانائەت ۋە ھەربىي ھازىرلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگلەر:
ناقىپ بەگ: ئۇستىلارنى ئىشقا سېلىپ، خىلمۇخىل نەرسىلەرنى ياسىتىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.
قارا دوگان بېگى: ئۆتەڭلەرنى قۇرۇش، قورال ـ ياراغ رېمونت قىلىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.
جەپ بېگى: مەخسۇس قورال ـ ياراغ ياساش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.
قاش بەگ: مەخسۇس قاشتاش قېزىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.
كاتىۋال بەگ: قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ.
3. تىجارەت ۋە سودا بېجىنى باشقۇرىدىغان بەگلەر:
كېرەك ـ ياراغ بېگى: سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.
باجگىر بەگ: باج يىغىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.
بازار بېگى: بازار ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.

4. ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ۋە ئامانلىقنى ساقلاشقا مەسئۇل بەگلەر:

قازى بەگ: بارلىق قانۇنغا ئالاقىدار ئىشلارغا مەسئۇل.

سىپاھ قازىبەگ: يۇرت چوڭلىرىنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.

رەئىس قازىبەگ: پۇقرالارنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.

پاشىشاپ بېگى: ئەسكى ئادەملەرنى تەكشۈرۈش، ئوغرىلارنى تۇتۇش، گۇندىپايلارنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل.

سىدىر بەگ: كوچىلارنى، باغ ـ ۋارانلارنى چارلىغۇچى

5. ھەربىي ئىشلار، ئالاقە ۋە قاتناش ئىشلىرىغا مەسئۇل بەگلەر:

دىۋان بېگى: جايلارنىڭ خەت ـ ئالاقە، ئارخىپ، كاتىباتلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل.

مىڭ بېگى: جايلارنى بۆلۈپ باشقۇرىدىغان باشلىق.

شىغاۋۇل بەگ: ئۆتەڭلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەمىناتىغا مەسئۇل.

سىدىر بەگ: يول ياساش ۋە ئاسراشقا مەسئۇل.

6. دىن ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگلەر:

مۆتىسىپ بەگ: دىنىي كىتابلارنى باشقۇرۇش، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىشقا مەسئۇل.

زەپتى مەكتەپ بېگى: مەدرىسەلەرنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى، بەگلەرنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ سانىغا چەك قويۇلمىغانىدى. بەگلەرنىڭ مال ـ مۈلكى، سۇيۇرغال يەرلىرىمۇ چەكلەنمەيتتى. بەزى بەگلەرنىڭ قول ئاستىدا نەچچە تۈمەن تۇتۇنلۇك كىشى بولۇپ، بىر ياكى بىر نەچچە بوستانلىقلارغا ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭغا تەۋە

ئاھالە ۋە مال ـ مۈلۈك ھەيران قالارلىق دەرىجىدە كۆپ ئىدى. مەسىلەن، قومۇلنىڭ بېگى يۈسۈپنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ئەبەيدۇللا، ئەسلىدىلا بۇ يەرنىڭ بېگى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قومۇلدا جاساق تارخان بەگلىك تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئەبەيدۇللانى بىرىنچى دەرىجىلىك «جاساق تارخان» قىلىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن قومۇلدىكى يەر ـ زېمىن ۋە يانچىلارغا بولغان ئىگىدارچىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدى. يۈسۈپكە قومۇلنىڭ ئاغلاقچى ئامباللىق ۋە يەركەننىڭ ھاكىمبەگلىك مەنسىپىنى بەردى.

بۇنىڭدىن باشقا، تۇرپاندىكى ئەڭ چوڭ فېئودال ئىمىن خوجا (1787 ـ ؟) ئىدى. ئۇنىڭ بوۋىسى سوپى خوجا قاراغوجىدىكى چوڭ ئاخۇنلاردىن ئىدى. 1720 ـ يىلى ئىمىن خوجا پىچانغا ھاكىمبەگ بولدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا جۇڭغارلارنىڭ تەھدىتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قول ئاستىدىكى 5000 كىشىنى باشلاپ گەنسۇنىڭ ئەنشى دېگەن يېرىگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقانىدى. جۇڭغارلار تىنجىتىلغاندىن كېيىن، يەنە تۇرپانغا قايتىپ كېلىپ، 1757 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بەيسىلىككە تەيىنلەندى. ئۇ پىچاندىن قاراغوجىغىچە بولغان جايلارنى باشقۇراتتى. تۇرپاننىڭ غەربىدىكى ئىلانلىقتىن ئاستانىگىچە بولغان جايلار يەنە بىر خوجا مەھەللىككە قارايتتى. كېيىنچە، مەھەللىك چىڭ سۇلالىسىگە ئاسىيلىق قىلىپ ئۆلتۈرۈلدى. چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا قاراشلىق زېمىن ۋە ئاھالىسىنى ئىمىن خوجىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىمىن خوجىغا قاراشلىق زېمىن تېخىمۇ چوڭايدى.

ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ رايونىنىڭ بېگى خوجەس بەگ (1787 ـ ؟) ئىدى. خوجەسنىڭ زېمىنى تېخىمۇ چوڭ بولۇپ، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، خوتەندىن ئىبارەت ئۈچ بوستانلىقتىكى ياز-

چىلار ئۇنىڭ يېرىنى تېرىيتتى.
بۇلاردىن باشقا، كاشغەر، يەركەن بوستانلىقلىرىدىمۇ زور تەسىر كۆچكە ئىگە ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارمۇ نۇرغۇن يەر – زېمىن، خانىقا، مازار، ۋەخپە يېرى ۋە مۇرىتلارغا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپىنى تەشكىل قىلاتتى.
1759 – يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى فېئودال بەگلەرنى دەرىجىگە بۆلۈشنى يولغا قويۇپ، بەگلەرنىڭ زېمىنى ۋە يانچىلىرىنىڭ سانىنى قانۇنىيلاشتۇردى. چىڭ سۇلالىسى ئۆزىگە سادىق بەگلەرگە يۇقىرى تەمىنات بەرگەنلىكتىن، بەگلەرمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن چىڭ ھۆكۈمىتىنى قوللىدى. ئۇلار ئادەتتە خەلقنىڭ ئارىسىدا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى گەپ – سۆزلەرنىڭ بار – يوقلۇقىنى تەكشۈردى. خەلق زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، بەگلەر چىڭ ھۆكۈمىتىنى قوللاپ، خەلقنى باستۇراتتى. ھاكىمبەگلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قوراللىق قىسىملىرى بولاتتى، يانچىلارنى ئۆلتۈرۈش ياكى ھايات قالدۇرۇش ھوقۇقى بولاتتى، شۇنداقلا ۋەھشىيانە ئۇسۇللار بىلەن جازالىيالايتتى. كاشغەرنىڭ ھاكىمبېگى يۇنۇس ۋەھشىيانە جازا بىلەن تۆت كىشىنى مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. ھاكىمبەگلەرنىڭ كونتروللۇقىدىكى قازىلار ئەدلىيە ئىشلىرىنى مونوپول قىلىۋالغان بولۇپ، جىنايى ئىشلار ۋە ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ ھەممىسىگە ئۇلار قارار چىقىراتتى. ھاكىمبەگلەرنىڭ يەنە قىيىناپ سوراق قىلىش ھوقۇقىمۇ بولاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار رايونىدا يۈرگۈزۈلگەن شەرىئەت ئۇيغۇر ئادەتلىرى بىلەن بىرىكىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەنىدى. كېيىن چىڭ ھۆكۈمىتى دۆلەتنىڭ قانۇن – تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەقسىتىنى چىقىش قىلىپ، شىنجاڭدا بارا – بارا چىڭ سۇلا-

لىسى قانۇننى يولغا قويىدى ۋە چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تە-يىنلەنگەن يەرلىك ئەمەلدار تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلدى. «سۈيىقەست پىلانلاش، ئىسيان كۆتۈرۈشنى پىلانلاش» قاتارلىق قىلمىشلار بىردەك چىڭ سۇلالىسى قانۇنى بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. مەسىلەن، بۇ جىنايەتنى سادىر قىلغان چوڭ ـ كىچىك خو-جىلارمۇ كەچۈرۈم قىلىنمىغانىدى. بەزى چوڭ دېلولار شەرىئەت-كە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكتىن، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىناتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە «بۈيۈك چىڭ قانۇنىدىن ئۆرنەكلەر»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ئويما مەتبەئەدە باستۇردى، ئۇ ئۇيغۇر رايونىدا ئېلان قىلىنىپ، يولغا قويۇلدى. لېكىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە سىياسىي ۋەزىيەت داۋالغۇش ئىچىدە تۇرغانلىق-تىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ تۈزۈمى كۆزلىگەن مەقسەتكە يې-تەلمىدى.

يەرلىك فېئوداللار ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ فېئودال بەگلى-رىنىڭ خەلققە قارىتا يۈرگۈزگەن ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقى تۈ-پەيلى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇر خەلقى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش قىلدى. بۇلاردىن ئاساسلىقى 1765 ـ يىلىدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى ۋە 1815 ـ يىلى كاشغەردە يۈز بەرگەن زىياۋۇدۇن ۋەقەسى بار ئىدى.

ئۇچتۇرپاننىڭ ھاكىمبېگى ئابدۇللا چىڭ سۇلالىسى تەرە-پىدىن قومۇلغا ۋالىڭ قىلىپ تەيىنلەنگەن يۈسۈپنىڭ ئىنىسى بو-لۇپ، ئۇ چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى ۋە ئاكىسىنىڭ ھوقۇقى-غا تايىنىپ، خەلقنىڭ بېشىدا قانلىق قامچىسىنى ئوينىتىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئۇ يەنە ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن خەلقنى قاقتى ـ سوقتى قىلاتتى. ئۇنىڭ غالچىلىرى ئۆز مەيلىچە خەلق-

نىڭ مال ـ مۈلكىنى تالان ـ تاراج قىلاتتى، بۇ ئۈچتۇرپاندىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قاتتىق غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۈچتۇرپاندا تۇرۇشلۇق خان ئامبىلى سۇ چېڭمۇ گالۋاڭ، ئىقتىدارسىز ئەمەلدار بولۇپ، خەلققە ھەرخىل ناملاردا سېلىق چاچاتتى، خەلقنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنى خالىغانچە ئا ـ ياغ ـ ئاستى قىلغانىدى. رەھمىتۇللا بەگنىڭ خوتۇنىنى يامۇلدا قوندۇرۇپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭ قاتتىق ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى. ئۇ 1765 ـ يىلى يەرلىك خەلقتىن 240 كىشىنى مەجبۇ ـ رىي ھاشارغا تۇتۇپ جىگدە كۆچىتى توشۇشقا سالدى ۋە ئوغلىنى نازارەتچىلىككە قويدى. ئۇ ھاشارچىلارنى ئۆز يۈك ـ تاقلىرىنى يۈدۈپ مېڭىشقا مەجبۇرلىدى، لېكىن نەگىچە توشۇپ ئاپىرىش ئېنىق ئەمەس ئىدى، ئۇلار بۇ ھەقتە ھاكىمبەگ ئابدۇللادىن كۆرسەتمە سورىغاندا، ئۇ ھاشارچىلارنى تەنبىھ بېرىپ نەچچە ئون قامچا ئۇردى. ئۇلار خان ئامبىلىنىڭ يامۇل بېگىدىن سو ـ رىغانىدى، ئۇ مۇۋاپىق جاۋاب بەرمەستىن، ئەكسىچە ئۇلارنى 30 دەررە ئۇرغۇزدى. بۇنىڭ بىلەن زۇلۇم كونا ئاداۋەت ۋە ئۆچمەن ـ لىكلەرگە قوشۇلۇپ، چىدىغۇسىز دەرىجىگە باردى، خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى چېكىگە يەتتى. 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كې ـ چىدە، ھاشارچىلار رەھمىتۇللا بەگنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئابدۇللانى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈ ـ ۋەتتى، ئامبال يامۇلىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، سۇ چىڭ ئاتا ـ بالىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى يوقىتىپ، يامۇلنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. دەسلىپىدە قوزغىلاڭغا قاتناشقۇچىلار نەچچە يۈز ئادەم ئىدى، كېيىن ئاقسۇ خان ئامبىلى بىيەن تاخەي قوشۇن باشلاپ كېلىپ شەھەرنى ئوققا تۇتۇپ، خەلققە ھەيۋە كۆرسىتىپ تەھدىت سالغانلىقتىن، ئۈچتۇرپان خەلقى قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، چىڭ ئارمىيەسىگە ئۈدۈلدىن زەربە بېرىپ، شەھەر

سىپىلىنى يېرىم يىل ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇردى.

قوزغىلاڭ يۇز بەرگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى كاشغەر، ئىلىدىن چوڭ قوشۇن يۆتكەپ، ئۇچتۇرپان شەھىرىنى قورشىۋالدى. كۇچا، ئاقسۇ، يەركەن قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر فېئودال بەگلىرى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشماقچى بولغان ئاممىنى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىپ، ئۇچتۇرپانغا سىرتتىن كېلىدىغان ياردەمنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇزاققىچە مۇھاسىرىدە قالغانلىقتىن، ئۇچتۇرپاندا ئوق ـ دورا ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك يېتىشمىدى، رەھمەتۇللا بەگكە ئوق تېگىپ قۇربان بولدى. ئىچكى قىسىمدا ئىختىلاپ كېلىپ چىقتى، 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۇرۇش توختىدى. ئۇچتۇرپان شەھىرىدە جۇڭغارلار ھۆكۇمرانلىق قىلغان چاغدىن باشلاپلا 20 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە بار ئىدى، چىڭ سۇلالىسى شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلارغا قارىتا چوڭ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى، نەتىجىدە ئاران نەچچە مىڭلا ئادەم قالدى. ئىلى جياڭجۇنى مىڭرۇي بۇ نەچچە مىڭ ئادەمنى ئىلىغا كۆچۈرۈشنى ئويلىغان بولسىمۇ، چىڭ گاۋزۇڭنىڭ ھەربىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش بۇيرۇقى بويىچە، ئەرلەر يالاپ ئېلىپ ماڭغاندا ئۆلتۈرۈلدى، ئاياللار سولۇن، چاخار، ئويرات ئەسكەرلەرگە خوتۇن قىلىپ بېرىلدى. ياشانغان ئاياللار ۋە باللار ئەسكەرلەرگە قۇل قىلىندى[①]. ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ نىشانى چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى ۋە فېئودال بەگلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، زۇلۇمغا، فېئوداللىزمغا قارشى تۇرۇش خاراكتېرى بىلەن ئۇيغۇر تارىخىدا شانلىق

---

① فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلۇ، مۇ گۇاڭۋېن: «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»، 319 ـ 323 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىل.

سەھىپە ياراتتى.

1815 ـ يىلى كاشغەردىكى ئۇيغۇر خەلقى زىياۋۇدۇننىڭ رەھبەرلىكىدە يەرلىك فېئودال بەگلەرگە ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەبىھ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى يەنە بىر قېتىم قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ خەنزۇچە تارىخنامىلەردە «زىياۋۇدۇن ۋەقەسى» دەپ ئاتالدى. قوزغىلاڭ جەريانىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاشغەردىكى بەزى ئەمەلدارلىرى ۋە ئەسكەرلىرى ئۆلتۈرۈلدى، مەھكىمىنىڭ ئاتخانىسى كۆيدۈرۈلدى. لېكىن زىياۋۇدۇننىڭ قوشۇنىدا بىر نەچچە يۈزلا ئادەم بولغاچقا، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يۆتكەپ كەلگەن زور كۆلەملىك قوشۇنىغا تەڭ كېلەلمەي، بىر ئايدىن كېيىن مەغلۇپ بولدى، زىياۋۇدۇن تۇتۇپ ئۆلتۈرۈلدى[①].

ئۇچتۇرپان ۋە زىياۋۇدۇن قوزغىلاڭلىرىدىن باشقا، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسى فېئودال ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان نارازىلىقى 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىكى نەچچە قېتىملىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بۇ بىرنەچچە قېتىملىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقان خانلىقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن جاھانگىر خوجا گۇرۇھىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەچكە، خەلقنىڭ ھەققانىي قارشىلىق كۈرەشلىرى دىنىي ۋە غازات تۈسىنى ئالغانىدى.

1820 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاشغەردە تۇرۇشلۇق مەسلىھەتچى ئامبىلى بىن جىڭنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى، ئۇ يۇقىرىلارنىڭ قىزلىرىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالدى، قول ئاستىدىكىلەرگە تايىنىپ خەلقنى قاقتى ـ سوقتى قىلدى. بىر قىسىم بەگلەر خەلقنىڭ ھەققانىي غەزەپ ـ نەپرىتىنىڭ

① فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلۇ، مۇ گۇاڭۋېن: «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»، 311 ـ، 317 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىل.

تۈرتكىسىدە بىرلىكتە ئىمزا قويۇپ، ئىلى جياڭجۈنى چىڭ شياڭغا بىر جىلىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلدى، چىڭ شياڭنىڭ بىر جىڭنى قانات ئاستىغا ئېلىشى خەلقنىڭ تېخىمۇ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. 1826 ـ يىلى يازدا، جاھانگىر خوجا 500دىن ئارتۇق بۇيرۇت (قىرغىز)نى باشلاپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىش باھانىسىدە مازارلارغا بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاق تاغلىقلارنى غازاتقا چاقىردى. بۇ دەل جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەلقتە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كەيپىيات پەيدا بولغان ۋاقىت بولۇپ، كاشغەر، يەركەن، يېڭىسار، خوتەندىكى ئاق تاغلىق ئۇيغۇرلار بۇنىڭغا تەرەپ ـ تەرەپتىن ئاۋاز قوشتى، بۇنىڭ بىلەن جاھانگىر خوجا شۇ يىلى ناھايىتى تېزلا بۇ تۆت شەھەرنى ئىشغال قىلدى. ئىلى جياڭجۈنى چىڭ شياڭ ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى، چىڭ ئەسكەرلىرىدىن نەچچە يۈز كىشى تىرىك قولغا چۈشتى.

1826 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى جىلىن، خېيلۇڭجياڭ، شەنشى، گەنسۇ، سىچۈەن بەش ئۆلكىدىن توپلىغان قوشۇن ئاقسۇدا ئۇچراشتى. چوڭ قوشۇن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، كاشغەر قاتارلىق شەھەرلەرنى ئۇڭۇشلۇق ئالدى، جاھانگىر خوجا ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، قوقانغا قېچىپ كەتتى. 1828 ـ يىلى باھاردا، ئۇ شىنجاڭنىڭ چېگرا قاراۋۇلخانىسىغا كېلىپ يەنە بىر قېتىم پاراكەندىچىلىك تېرىدى. بۇ قېتىم قارا تاغلىقلار ئۇنىڭغا قارشى چىقتى، ئاق تاغلىقلار ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئۇ يېڭىلگەندىن كېيىن، قارا تېكىن تېغىغا قېچىپ بېرىۋالدى ۋە تۇتۇلۇپ، شۇ يىلى بېيجىڭغا ئاپىرىلىپ قاتتىق قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى[1].

[1] فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلۇ، مۇ گۇاڭۋېن:«ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»، 319 ـ 323 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىل.

## 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فېئودالىزمغا قارشى قىلغان كۈرەشلىرى ۋە ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، غەربتىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر مەملىكىتىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ ئەپيۇن ئۇرۇشىنى قوزغىدى. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئاسارەت ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. ئېغىر ئاپەت ئىچىدە قالغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سەۋر ـ تاقىتى چېكىگە يەتتى ، شۇنىڭ بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشلەرنى باشلىۋەتتى. 1851 ـ يىلى تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابى پارتلىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ شۇنىڭ تەسىرى بىلەن كۇچادا قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

1864 ـ يىلى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت دېھقانلىرى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى چوڭ كۆلەملىك قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ فېئودالىزمغا قارشى كۈرىشىنى يېڭى دولقۇنغا كۆتۈردى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى كۇچادىكى ئۆگەن دەرياسى ئەتراپىدا ئاشلىق بېجىنى تاپشۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان دېھقانلار باشلىغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئۆستەڭ چېپىپ، بوز يەر ئېچىۋاتاتتى، ئاچ ـ يالىڭاچ قېلىپ ئۆلگەن ئادەملەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كۇچادىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ دېھقانلىرى ئاۋاز قوشتى، قاتناشنى ئۈزۈپ، كۇچا شەھىرىنى ھۇجۇم قىلىپ ئالدى. خان ئامبىلى سالىڭئا قاتارلىق چىڭ سۇلالىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلىرىنى ۋە كۇچا ۋاڭى ئەھمەدنى ئۆلتۈردى. 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قوزغىلاڭچى قوشۇن بۈگۈرنى ئىشغال قىلدى. قوزغىلاڭ ناھايىتى تېزلا باشقا جايلارغىمۇ تەسىر كۆرسەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تى، كورلا خەلقى قاتناشنى ئۈزۈپ، كورلا شەھىرىگە ھۇجۇم
قىلدى. ئاقسۇنىڭ قارا يۇلغۇن قاتارلىق جايلىرىدىمۇ 2000 دىن
ئارتۇق ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ دېھقان قوزغىلاڭ كۆتۈردى. شۇ-
نىڭدىن باشلاپ قوزغىلاڭ ئوتى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىما-
لىدىكى كەڭرى رايونلاردا يالقۇنجاپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىن-
جاڭدىكى فېئودالىلىق ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق تەھدىت پەيدا
قىلدى. 1864 - يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچىدە خۇي-
زۇ، ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى. قوزغىلاڭچىلار
ئۈرۈمچى شەھىرىنى ئېلىپ ئەتراپتىكى شەھەرلەرگە كېڭەيدى.
گۇچۇڭ، مورى، داۋانچىڭ، جىمىسار، قارا شەھەر، سانجى، قۇتۇ-
بى، شىخو، ماناس قاتارلىق جايلاردىكى خۇيزۇ، ئۇيغۇر خەلقىمۇ
ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. جەنۇبىي شىن-
جاڭدىكى يەركەن خەلقى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، يېڭىساردىكى
مۇھاپىزەتچى قىسىمدىكى لەن فاچۇن 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى،
قومۇلدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇلار 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قوزغىلاڭ
كۆتۈردى. 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۈرۈمچىدىكى قوزغىلاڭچى
قوشۇن مانجۇ شەھىرىنى ئىگىلىدى، 10 -، 11 - كۈنى كېچىدە
چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق مەركىزى ئى-
لىدا ئۇيغۇر، خۇيزۇ خەلقىدىن بولۇپ نەچچە مىڭ ئادەم شەھەر
سېپىلىغا ھۇجۇم قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى ئارمىيەسىنى مەغلۇپ
قىلدى، ئاغلاقچى ئامبالنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. قوزغىلاڭچى قو-
شۇن تېز سۈرئەتتە كېڭىيىپ، نەچچە تۈمەنگە يەتتى، ئۇلار ئور-
تاق ھالدا مەزەمزات ھېكىمبەگنى رەھبەرلىككە سايلىدى.
1865 - يىلى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كېچىدە قوزغىلاڭچى قو-
شۇن نەچچە قىسىمغا بۆلۈنۈپ بايانداي قورغىنىغا ھۇجۇم قىل-
دى. ئۇلار ئاۋۋال جەنۇبىي دەرۋازىغا تېگىش قىلدى، چىڭ سۇلا-
لىسىنىڭ ئەمەلدار - ئەسكەرلىرى قورغاننى تاشلاپ قېچىپ
كەتتى. كېيىن قوزغىلاڭچىلار قازاقلار بىلەن بىرلىشىپ،

1866 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىلى كۈرەسىنى ئىشغال قىلدى، ئىلى جياڭجۈنى چاڭچىڭ ئەسىرگە ئېلىندى. ئۇيغۇرلار ـ نى ئاساس قىلغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوزغى ـ لىڭى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك گۇمران قىلدى. بارىكۆل ـ دىكى كىچىككىنە رايوندىن باشقا جايلار ئاساسەن ھەر مىللەت قوزغىلاڭچى ئاممىسى تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى.

دېھقانلار قوزغىلىڭى باشلىنىش بىلەنلا ئاز ساندىكى فې ـ ئوداللار ۋە دىنىي رەھبەرلەر ئىجتىمائىي ۋە دىنىي ئورنىدىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا كىر ـ گۈزۈۋالدى. قوزغىلاڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن ئۇلار ئارقا ـ ئار ـ قىدىن فېئودال بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلىرىنى قۇرۇشتى. كۇچادىكى مازاردا زاھىتلارچە ياشاۋاتقان راشىددىن خوجا رەھبەرلىككە تەكلىپ قىلىندى. راشىددىن خوجا ئۆزىنى «خان خوجا»، شۇنداقلا يەنە «پەيغەمبەر ئەۋلادى، زەپەر ۋە نۇسرەتچىلەرنىڭ ئا ـ تىسى» «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئۇلۇغ ئەۋلادى، ئالەمگە قۇدرەت بەخش ئەتكۈچى» دەپ ئاتىدى. ئۇ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى قوز ـ غىلاڭچى قوشۇننىڭ رەھبەرلىكىگە تەيىنلەپ، رەھبەرلىك ھو ـ قۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالدى. ئارقىدىنلا غەربتە ئاقسۇ، ئۇچ ـ تۇرپانلارغا، شەرقتە تۇرپانغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۆز ھاكىمىيە ـ تىنى شەكىللەندۈردى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان فېئودال بۆ ـ لۈنمە كۈچلەرنىڭ ئىچىدە كۇچا، ئۈرۈمچى، غۇلجىدىكى ھاكى ـ مىيەتلەرنىڭ كۈچى بىر قەدەر زور ئىدى. پومېشچىكلار سىنىپى ۋە دىندارلار خان ياكى پادىشاھ دەپ ئاتىلىپ، ھەرقايسى رايونلارنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى. ئۇلار ھاكىمىيەتنى ئىگى ـ لىگەندىن كېيىن، خەلقتىن خالىغانچە باج ـ خىراج يىغىپ، ئۇرۇشنىڭ پۈتۈن چىقىمىنى ئەمگەكچى خەلققە ئارتىپ قويدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس

قىلغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دېھقانلار قوزغى-لىڭى تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابى ۋە شەنشى، گەنسۇلاردىكى خۇي-زۇلار قوزغىلىڭىنىڭ بىۋاستە تەسىرىدە پارتلىغان ۋە كېڭەي-گەن. بۇ ئېلىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئورتاق كۈرىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. دېھقانلار قوزغىلىڭى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى بەزى تۈزۈملىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئۆز مىللىتىدىن بولغان ۋاڭ، گۇڭ، بەگلەرنىڭ ھۆ-كۈمرانلىقىغا زەربە بەردى. ئەمما قوزغىلاڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىستىخىيەلىك ھەرىكىتى داۋامىدا شەكىللەنگەچكە، ئېنىق سىياسىي پىروگراممىسى يوق، شۇنداقلا بىرلىككە كەلگەن قو-ماندانلىق ئاپپاراتى ۋە پۇختا تەشكىللەش كۈچىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈچلۈك بولغان دىنىي تۈس ۋە تار مىللەتچى-لىك خاھىشى بولغانلىقتىن، ناھايىتى تېزلا فېئودال بەگلەر ۋە بىر قىسىم دىنىي رەھبەرلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن كۆپ يىل داۋاملاشقان دەبدەبىلىك قوزغىلاڭ ئەك-سى تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، قوقان ھەربىي گۇرۇھىنى باشلاپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشىنى كەلتۈ-رۈپ چىقاردى.

1864 ـ يىلى يازدا، قىرغىزلارنىڭ سەردارى سىدىقبەگ دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن پايدىلىنىپ كاشغەر شەھىرىنى تار-تىۋالدى. كاشغەر يېڭىشەھەر ۋە يېڭىساردا تۇرۇشلۇق چىڭ ئار-مىيەسى ئۆزلۈكسىز قارشىلىق كۆرسەتتى. سىدىقبەگ پەيزاۋاتتا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈۋاتقان خۇيزۇلارنىڭ باشلىقى جىن شياڭىىن قاتارلىقلارنى قوقانغا ئەۋەتىپ، قوقاندىن چوڭ خوجا بۇرھانىد-دىندىن ئەۋلادلىرىنى قايتۇرۇپ، ھەربىي ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. قوقان ئەمىر لەشكىرى ئالىمقۇل ياقۇپبەگنى ۋە بۇرھا-نىددىننىڭ ئەۋرىسى بۇزرۇكخان تۆرىنى كاشغەرگە ئەۋەتتى.

ياقۇپبەگ كاشغەرگە كىرگەندىن كېيىن، ئاممىنىڭ خوجىلارغا بولغان قارىغۇلارچە ئېتىقادىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىششۈالدى. بۇزرۇك خوجا ياقۇپبەگ ۋە ياقۇپبەگنىڭ تۇغقىنى ئالداش دادخاھ، شۇنداقلا 50 غازاتچى ۋە كۇتكۇچىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا كاشغەرگە كىرىپ خانلىق تەختىگە چىقتى. ئارقىدىنلا سىدىقبەگنى ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن قوشۇپ قوغلاپ چىقاردى، ياقۇپبەگ «قوشبېگى» قىلىپ تەيىنلەندى.

ياقۇپبەگ كاشغەرنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئاۋۋال يەركەن، يېڭىسار قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ بىرىنچى قېتىم 500 ئەسكىرى بىلەن يەركەنگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇيغۇر، خۇيزۇ خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولۇپ، ھەربىي لازىمەتلىكلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. كېيىن يەركەنگە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، بىراق يېڭىسارغا بولغان مۇھاسىرىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ياقۇپبەگ ئارمىيەسى يېڭىسارنى 40 كۈن مۇھاسىرىگە ئالغاندىن كېيىن، سېپىلنى پارتلىتىپ شەھەرگە كىردى. ئېيتىلىشىچە، بۇ ئۇرۇشتا بىر ـ ئىككى مىڭ ئادەم ھالاك بولغانىدى، ئارقىدىنلا ياقۇپبەگ يەركەننى ۋە كاشغەر يېڭى شەھەرنى ئىگىلىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇھاپىزەتچى ئەمەلدارى خې بۇيۈن قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىر يەنىلا تەسلىم بولدى. ياقۇپبەگ قوشۇنى شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، شەھەر ئىچىدىكى ئاھالىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى.

1865 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، ياقۇپبەگ بۇزرۇك خوجىنىڭ نامىدا بۆلۈنمە خوتەن ھاكىمىيىتىنىڭ «پاشا»سى ھەبىبۇللاغا خەت يېزىپ، «خوتەندىكى مازار ـ ماشايىخلارنى زىيارەت قىلىش»نى ئىلتىماس قىلدى، ئارقىدىنلا چوڭ قوشۇننى باشلاپ خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. ياقۇپبەگ ھەبىبۇللانىڭ سەمىمىي كۆتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى ۋە ئۇنىڭغا خوتەنگە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن

كەلمىگەنلىكىنى، ھەبىبۇللانىڭ خوتەندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ھەبىبۇللا ياقۇپبەگكە ئىشەندى، بىراق ياقۇپبەگ ھەبىبۇللاخاننى ئۆلتۈرۈۋەتتى. خوتەن خەلقى بۇنىڭدىن ناھايىتى غەزەپلەندى، شەھەرگە كىرگەن ياقۇپ-بەگ قوشۇنىغا قارشى كۈرەش قىلدى. ياقۇپبەگ رەھىمسىزلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنى قىرغىن قىلدى. 1867 ـ يىلى ياقۇپبەگ ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر قاتارلىق راشىددىن خوجىغا قاراشلىق جايلارغا قوشۇن تارتتى. بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ئاقسۇغا قىستاپ كەلدى. ئاقسۇدىكى مۇ-ھاپىزەتچى قوشۇن قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. ئارقىدىنلا يە-نە «مازار زىيارەت قىلىش» نەيرىڭى بىلەن كۇچانى ئىشغال قىلدى ۋە راشىددىن خوجىنى ئالداپ ئۆلتۈردى، كۇچانى تالان ـ تاراج قىلىپ قۇپقۇرۇق قىلىپ قويدى.

شۇنداق قىلىپ، ياقۇپبەگ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ئىككى يېرىم يىل ئىچىدە تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلارنى بويسۇندۇرۇپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتتى. ئۇ ئۆزىنى «بەدۆلەت» دەپ ئاتىۋالدى. ياقۇپ-بەگنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن، قوقان خانلىقى ئۇنىڭغا «ئاتالىق غازى» دېگەن نامنى ئىنئام قىلغانىدى. 1869 ـ يىلى ياقۇپبەگ بۇزرۇك خاننى تەختتىن چۈشۈردى، كېيىنچە ئۇنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقاردى.

1870 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ياقۇپبەگ قوشۇن تويلاپ تۇرپانغا ھۇجۇم قىلدى ۋە تۇرپاننى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. تۇرپاندىكى مۇھاپىزەتچى قوشۇننىڭ سەركەردىسى ماجۇڭ نەچچە ئايلىق مۇھاسىرىدىن كېيىن، 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ تەسلىم بولدى. ياقۇپبەگ تۇرپاننى ئىگىلىگەندىن كېيىنلا ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلدى. شۇنداق قىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار ۋە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى بەزى

رايونلار ياقۇپبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تولۇق ئۆتتى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەملىكە تالىشىش كۈرەشلىرى ناھايىتى كەسكىن بولدى. 1868 ـ يىلى ئەنگلىيەلىك روبېرت شاۋ بۇيرۇققا بىنائەن شىنجاڭغا كىرىپ، كاشغەردە ياقۇپبەگنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. ياقۇپبەگ ئەھرارخاننى ئىككى قېتىم ھىندىستانغا ئەۋەتىپ، ئەنگلىيە دائىرىلىرى بىلەن ئالاقە قىلدى. 1873 ـ يىلى ئەنگلىيە رەسمىي يوسۇندا ئەۋەتكەن دوگلاس فورسىسلاردىن تەشكىللەنگەن 300 كىشىلىك چوڭ ئەلچىلەر ئۆمىكى كاشغەرگە يېتىپ كەلدى. ياقۇپبەگكە مىلتىق ۋە مىناميوت قاتارلىق قوراللارنى ھەدىيە قىلدى. ياقۇپبەگ فورسىس ئېلىپ كەلگەن ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ئۆز قولى بىلەن يازغان خەتنى تاپشۇرۇۋالدى. 1874 ـ يىلى ياقۇپبەگ ئەنگلىيە بىلەن سودا شەرتنامىسى — «ئەنگلىيە ـ كاشغەرىيە شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. بۇ 17 ماددىلىق شەرتنامە بولۇپ، شەرتنامە: «ئەنگلىيە ياقۇپبەگنىڭ كاشغەر ۋە يەركەن رايونىنىڭ ھۆكۈمرانى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ؛ ئەنگلىيە ۋە ئۇنىڭ بېقىندى دۆلەتلىرىدىكى سودىگەرلەر جەنۇبىي شىنجاڭغا ئىختىيارىچە كىرىپ ـ چىقىپ، ئولتۇراقلىشىپ سودا قىلسا بولىدۇ؛ ئەنگلىيەدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن مالنىڭ ئىمپورت باھاسى 2.5%تىن ئاشمايدۇ؛ ئەنگلىيەلىكلەر جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىختىيارىچە ئۆي، يەر ـ زېمىن ياكى ئامبار سېتىش، سېتىۋېلىش، ئىجارە ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە؛ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز زورلۇق بىلەن كىرمەسلىك ۋە تەكشۈرمەسلىك كېرەك؛ ئەنگلىيەنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا كونسىبسىيە ھوقۇقى بولىدۇ» دېگەندەك مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپقانىدى. ياقۇپبەگ ئۆزئەمەلدارلىرىنى ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىگە، تۈركىيە خەلىپىسى ھوزۇرىغا ئەۋەتىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك سوۋغا ـ سالاملارنى

تەقدىم قىلىپ ئۆزىنى قوللاشنى تەلەپ قىلدى. تۈركىيە خەلىـ
پىسى ئۇنىڭغا نام ـ ئاتاق بېرىپ، خانلىق تاج، تون، قىلىچ دې-
گەندەك بۇيۇملارنى ھەدىيە قىلدى. ياقۇپبەگ تۈركىيەگە ئىتائەت
قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، تۈركىيە پۇلىنىڭ شەكلىدە پۇل
قۇيدۇردى، چاررۇسىيە 1865 ـ يىلى قوقاننىڭ شىمالىنى يۇ-
تۇۋالدى. 1866 ـ يىلى ياقۇپبەگ چاررۇسىيە بىلەن «بىر ـ بىـ
رىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماسلىق ۋە قارشى تەرەپنىڭ چېگراسىغا
كىرىپ قاچقۇنلارنى قوغلاپ تۇتۇش ھوقۇقى بولۇش» دېگەندەك
مەزمۇندا غەيرىي رەسمىي كېلىشىم ئىمزالىدى. 1868 ـ يىلى
ياقۇپبەگ جىيەنى مىرزا شادىنى تاشكەنت ۋە سانكىت پېتېر-
بۇرگغا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چاررۇسىيە كاپىتان رې-
يىنتالنى كاشغەر رايونىغا ئەۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا-
دىكى خانلىقلار ياقۇپبەگنى ھەدەپ ئۆزىگە تارتماقتا ئىدى. بۇ-
خارا خانلىقىنىڭ ئەمىرى ياقۇپبەگ بىلەن ھەمكارلىشىپ چار-
رۇسىيەگە ئورتاق زەربە بېرىشنى ئارزۇ قىلدى. چاررۇسىيە ئۆ-
زىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەنپەئەتىنىڭ تەھدىتكە ئۇچرىشىـ
دىن ساقلىنىش ئۈچۈن، 1871 ـ يىلى ئەسكەر چىقىرىپ، ئىلى
سۇلتانلىقىنى يوقىتىپ، ئىلىنى بېسىۋېلىپ، ياقۇپبەگنىڭ
داۋاملىق شىمالغا كېڭىيىشىنى توستى. 1872 ـ يىلى 5 ـ
ئايدا رۇسىيەلىك بارون كولپاكوۋسكىي غۇلجىدىن يولغا چىـ
قىپ، نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى
ئىگىلەش ۋە ياقۇپبەگ بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن
كاشغەرگە كەلدى. 1872 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ياقۇپبەگ كولپاكو-
ۋسكىي بىلەن «رۇسىيە ـ كاشغەرىيە شەرتنامىسى»نى ئىمزالىـ
دى. شەرتنامە بەش ماددىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ: «رۇسىيە ياقۇپ-
بەگنىڭ يەتتە شەھەر ھۆكۈمدارى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىـ
دۇ؛ رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ يەتتەشەھەردە مال ساقلايدىغان
كارۋان ساراي قۇرۇش، سودا ۋاكالەتچىسى تەسىس قىلىش ھو-

قوْقى بولىدۇ؛ تاۋارلارنىڭ تاموژنا بېجى 2.5% بولىدۇ؛ رۇسىيە سودىگەرلىرى ۋە كارۋانلىرى ئەركىن ۋە بىخەتەر ئۆتۈپ، قوشنا دۆلەتلەرگە بارالايدىغان بولۇش» قاتارلىق مەزمۇنلاردىن ئىبارەت ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ياقۇپبەگ چاررۇسىيەنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. چاررۇسىيەمۇ بۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدا سودا بازىرىغا ئېرىشتى. شەرتنامە ئىمزالانغاندىن كېيىن، ياقۇپبەگ جىيەنى هاجى تۆرىنى چاررۇ-سىيە پايتەختى سانكىت پېتېربۇرگقا چارپادىشاھنى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتتى.

ياقۇپبەگ هاكىمىيىتى هۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا فېئودال مۇستەبىت تۈزۈم يۈرگۈزۈلدى. ئۇ شىنجاڭدىكى هەر-مىللەت خەلقنى سىياسىي هوقۇقتىن مەهرۇم قىلىپلا قالماس-تىن، يەرلىك فېئوداللارنى چوڭ ئىشلارغا تەدبىر بەلگىلەشكە قاتناشتۇرمىدى. ياقۇپبەگ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر يۈرۈش ئوت-تۇرا ئەسىرچە فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈمنى شىنجاڭغا ئەي-نەن كۆچۈرۈپ ئەكىلىپ، يەرلەرنى ئۆز قولچوماقلىرىغا بۆلۈپ بەردى. هەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار مائاشىنى سۇيۇرغال زېمىن ئىچىدىكى ئەمگەكچى خەلقنى خالىغانچە شىلىۋېلىش ئارقىلىق ئالاتتى. ئۇلار سۇيۇرغال زېمىندا پۈتۈن كۈچى بىلەن بايلىقلارنى تالان – تاراج قىلىپلا قالماستىن، سۇيۇرغال زېمىنلارنى شەخ-سىي مۈلۈك سۈپىتىدە ساتاتتى. جايلارنىڭ ئەسلىدىكى هاكىم-بەگلىرى ياقۇپبەگكە ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق بايلىقلارنى ئە-ۋەتىپ تۇراتتى.

ياقۇپبەگ باج – سېلىق هەققىدە يازما بەلگىلىمە چىقارمى-غانىدى، باجنىڭ تۈرى پۈتۈنلەي هۆكۈمرانلارنىڭ ئېهتىياجىنى چىقىش قىلاتتى. بەزى باجلارنىڭ مۇقىم نىسبىتى يوق بولۇپ، پۈتۈنلەي باجگىرلارنىڭ خالىغىنىچە بەلگىلىنىپ يىغىلاتتى. ئۇ-نىڭدىن سىرت، خەلق هەربىي قىسىمنى زور مىقداردىكى ئو-

زوق ـ تۇلۇك، يېقىلغۇ، ئات ـ قېچىر، هارۋا قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەيتتى، يەنە ئەسكەرلەرنىڭ هەربىي لازىمەتلىك، ئاشلىق، سامانلىرىنى هەقسىز توشۇيتتى. ياقۇپبەگنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىدا شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، خەلق ئىنتايىن نامراتلىشىپ كەتتى. تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن، بەزى كىشىلەر بالىلىرىنى قۇل قىلىپ سېتىشقا مەجبۇر بولدى.

ياقۇپبەگ ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، دىنىنى ئۆزىنىڭ هۆكۈمرانلىق قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. ئۇ خانىقالارنىڭ زېمىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى كۆپەيتىپ، يېڭىدىن مەسچىت، مەدرىسە، مازارلارنى قۇرۇپلا قالماي، دىنىي ئۆلىمالارغا ئىنتايىن چوڭ هوقۇق بېرىپ ئۇلارنى ئۆزىگە تارتتى؛ ئۇ يەنە شەرىئەت مەهكىمىلىرىنىڭ هوقۇقىنى كۈچەيتىپ، شەهەر ـ يېزىلاردا شەرىئەت مەهكىمىلىرىنى ئومۇملاشتۇردى. قازىلار ئىسلام شەرىئىتىگە ئاساسەن سوت قىلاتتى. ياقۇپبەگ مەخپىي ساقچىلاردىن پايدىلىنىپ ئاياللارنى چۈمبەل تارتىشقا مەجبۇرلىدى، تارتمىغانلار قاتتىق جازاغا مەهكۇم ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ياقۇپبەگ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىغا قەبىھ ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ چوقۇم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى شەرت قىلدى، ئۇنداق قىلمىغانلار بولسا ئۆلتۈرۈلەتتى.

چارروسىيەنىڭ ئىلىنى، ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭنى بېسىۋېلىشى ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا ئېغىر مىللىي كرىزىس پەيدا قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتىنى شىنجاڭ مەسىلىسىگە ئەهمىيەت بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. چىڭ هۆكۈمىتى 1875 ـ يىلى زو زوڭتاڭنى خان مۇپەتتىشى قىلىپ تەيىنلەپ، شىنجاڭنىڭ هەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا، جىن شۇنى ئۇرۇمچىنىڭ باشبۇغلۇقىغا تەيىنلەپ، شىنجاڭنىڭ هەربىي ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە قويدى، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ

تولۇق هوقۇقىنى زو زوڭتاڭغا تاپشۇردى.

1876 ـ يىلى 4 ـ ئايدا زو زوڭتاڭ لەنجۇدىن سۇجۇغا كىرىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ پىلانىنى تۈزدى. «ئاۋۋال شىمالغا، ئاندىن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش»، «ئاستا ئىلگىرىلەپ، تېز جەڭ قىلىش» پرىنسىپىنى تۇزۇپ، ئالدى بىلەن شىمالىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش، ئاندىن جەنۇبنى ئېلىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئۈچكە بۆلۈنۈپ يولغا چىقتى: جاڭ ياۋ قىسمى قومۇلغا ئورۇنلاشتى، شۇ جەنبياۋ قىسمى باركۆلنى ئىگىلىدى، ليۇ جىنتاڭ قۇكاڭغا كىرىپ ئورۇنلاشتى، ئاندىن ئۈرۈمچىنى ئېلىپ، ئارقىدىنلا سانجى، قۇتۇبى، ماناس قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالدى. چاررۇسىيە تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان ئىلىدىن باشقا، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرى قايتۇرۇۋېلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئاساس سېلىندى. زو زوڭتاڭ قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، ھەربىي ئاشلىق تەييارلاپ، ئەسكىرىي ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا قوشۇن چىقىرىشقا تەييارلىق قىلدى.

1877 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ليۇ جىنتاڭ 15 مىڭ ئەسكەرگە باشچىلىق قىلىپ ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ تۇرپانغا قوشۇن تارتتى. تۇرپاندا تۇرۇشلۇق بەي يەنخۇ ئاللىبۇرۇن قېچىپ كەتكەنىدى، ما رېندى نائىلاج 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى بىلەن تەسلىم بولدى. چىڭ سۇلالىسى ئارمىيەسىنىڭ تۇرپاندىكى غەلىبىسى ياقۇپبەگنىڭ ئاساسىي كۈچىنى ۋەيران قىلدى. ياقۇپبەگ قوشۇنى ئارقا ـ ئارقىدىن تەسلىم بولدى. داۋاملىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراۋاتقان ئەھۋالدا، ياقۇپبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىپ چاك ـ چېكىدىن بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. ياقۇپبەگ ئۆز مەغلۇبىيىتىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى كۆرۈپ، كورلىدا زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى. لېكىن يا-

قوپبەگ قول ئاستىدىكىلەرى تەرىپىدىن ئېتىپ ياكى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن، دېگەن قاراشلارمۇ بار. 8 ـ ئايدا چىڭ ئارمىيەسى جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشىنى باشلىدى. 12 ـ ئايدا ياقۇپبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى ـــ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم شەھەر كاشغەر قايتۇرۇۋېلىندى.

1876 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1878 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە بولغان بىر يېرىم يىل ئىچىدە چىڭ سۇلالىسى ئارمىيەسى شىنجاڭنىڭ ئىلىدىن باشقا جايلىرىنى قايتۇرۇۋالدى. 1884 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى ئۆلكىگە ئۆزگەرتىپ، مەھكىمە، ئايماق، ناھىيە تۈزۈمىنى ئورناتتى. ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تېخىمۇ بىۋاسىتىلىككە ئىگە قىلىپ، يەرلىك فېئودال بۆلۈنمە كۈچلەرنى ئاجىزلاتتى، شىنجاڭ بىلەن باشقا ئۆلكىلەرنىڭ مەمۇرىي تۈزۈمىنىڭ بىردەكلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ چاررۇسىيە چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تۈرلۈك تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى ئىمزالىدى. مەسىلەن، 1851 ـ يىلى ئىمزالانغان «جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى، تارباغاتاي سودا نىزامنامىسى»، 1860 ـ يىلىدىكى «جۇڭگو ـ رۇسىيە بېيجىڭ شەرتنامىسى»، 1881 ـ يىلىدىكى «جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» قاتارلىقلار. رۇسىيە بۇ ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ 500 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىنىنى بېسىۋېلىپ، ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت ئاھالىسىدىن 100مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى مەجبۇرىي رۇسىيە تەۋەلىكىگە كۆچۈرۈپ كەتتى. چاررۇسىيە يەنە شىنجاڭدا تاموژنا بېجى كەچۈرۈم قىلىنغان سودا ۋە شىنجاڭدا كونسۇلخانا تەسىس قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، چاررۇسىيە ئىلى، تارباغاتاي، ئۈرۈمچى، ئالتاي قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئىلگىرى ـ

كېيىن بولۇپ كونسۇلخانا تەسىس قىلىنىپ بولدى. كونسۇلخانا سودا ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىش، مەكتەپ ۋە چېركاۋلارنى باشقۇرۇش ئىشلىرىنى قىلاتتى، يەنە رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئەرز - دەۋا ئىشلىرىغا ھۆكۈم قىلاتتى، جۇڭگو، رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئالاقىلىشىش ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلاتتى، ئۇنىڭدىن باشقا، پوچتا - تېلېگىراف، بانكا قاتارلىقلارغىمۇ قول تىققالايتتى. رۇسىيە سودىگەرلىرى كونسۇلخانىنىڭ ھامىيلىقىغا تايىنىپ خالىغانچە يايلاق ئىگىلىۋالاتتى، سۇ تالىشاتتى، يەرلىك خەلقنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ، مال - مۈلكىنى قاقتى - سوقتى قىلاتتى. رۇسىيە كونسۇلخانىسى بەزى بازارلارغا ئاقساقال (شاڭيو) تەيىنلەپ، ئۆزلىرىگە كۆز - قۇلاق قىلىۋالغانىدى. ئۇلار ئاقساقال تەيىنلىگەندىن باشقا، چاررۇسىيە كونسۇللىرى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ھەربىي تەسىرىگە تايىنىپ جايلارنىڭ ئەمەلدارلىرىنى تەيىنلەش - قالدۇرۇش ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشاتتى، ئۆزلىرى مۇۋاپىق تاپقان ئادەمنى يۆلەيتتى. كونسۇللار جۇڭگونىڭ يەرلىك سىياسىي، ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگىمۇ ئارىلىشاتتى.

تاجاۋۇزچىلىق تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، چاررۇسىيە بىر تەرەپتىن رۇسىيە چېگرا رايون خەلقلىرىنى مەجبۇرىي ئېلىمىز چېگراسى ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ئېلىمىز دېھقان - چارۋىچىلىرىنىڭ تېرىلغۇ يەر ۋە يايلاقلىرىنى ئىگىلىۋالسا، يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭدا قانۇنسىز رۇسىيە مۇھاجىرلىرىنى كۆپەيتىپ، «سودا بېلىتى» ساتتى. بەزى ئاقساقاللار ساختا نەسەبنامە ياساپ، بەزى ئۇيغۇرلارنى رۇسىيەگە قاراشلىق ئۆزبېكلەرنىڭ پۇشتى دەپ كۆچەپ تەرغىب قىلىپ، ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇپ، رۇسىيە دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزدى. ئاتالمىش «سودا بېلىتى» چاررۇسىيە كونسۇللىرى رۇسىيە سودىگەرلىرىگە تارقاتقان سودا بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش گۇۋاھنامىسى ئىدى،

جايلاردىكى رۇسىيە سودىگەرلىرى ۋە ئاقساقاللىرى ئۇنى جۇڭ-گودىكى قانۇنسىز سودىگەرلەرگە سېتىپ بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگولۇق مەككار سودىگەرلەر رۇسىيە سودىگىرى بولۇۋېلىپ، جۇڭگونىڭ قانۇن جازاسىدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. بەزى پۇقرالارمۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشلىق بېجىنى تاپشۇرماس-لىق، ئالۋان ـ ھاشاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنمۇ «سودا بېلەتى» سېتىۋېلىپ ئۆزىنى قوغدايتتى. چاررۇسىيە شىنجاڭدىكى بەزى مۇھىم شەھەرلەردە، مەسىلەن، غۇلجا، چۆچەك، ئۈرۈمچى، قەش-قەر، تۇرپان، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردا رۇسىيە مۇھاجىرلىرد-نىڭ ئولتۇراقلىشىشى ۋە ماللىرىنى ساقلىشىغا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، «سودا چەمبىرىكى» تەسىس قىلدى. بۇ جايلار بارا ـ بارا چاررۇسىيەنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەت قىلىدىغان بازىسىغا ئايلىنىپ قالدى. رۇسىيەدىن ئىمپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار ئاساسلىقى سانائەت بۇيۇملىرى بولۇپ، ئالدىنقى ئورۇندا تۇرد-دىغىنى پاختا توقۇلما بۇيۇملىرى ۋە مەلۇم مىقداردىكى يۇڭ تو-قۇلمىلار ئىدى، ئىككىنچى ئورۇندا تۆمۈر ۋە تۆمۈر ئەسۋابلار تۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، شېكەر، سەرەڭگە، قەغەز، كىرسىن ۋە ئاز مىقداردىكى رۇسىيە ساپال بۇيۇملىرى ۋە ئەينەك ـ شىشە بۇيۇملار بار. شىنجاڭدىن ئېكسپورت قىلىنىدىغىنى ئاساسلىق سانائەت خام ئەشيالىرى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلار بولۇپ، پاختا، تېرە، يىپەك، ساپال بۇيۇملار، چاي، قۇرۇق مېۋە ۋە گىلەم قا-تارلىقلار ئىدى.

1908 ـ يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى قەشقەردە رەسمىي كونسۇلخانا قۇردى. ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنىڭ كۆپى ھىندى، ئافغانلار بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى جايلاردا پائالىيەت قىلاتتى. بوياق ماتېرىياللىرى، رەخت، دۇخاۋا، قارىمۇچ، دورا ماتېرىياللىرى، ئەيلەنگەن تېرە ۋە ئەپيۇن قاتارلىقلارنى ئېلىپ كىرىپ، شىنجاڭدىن ئەلتېرە، ئۆچكە تى-

ۋىتى، ئۈچەي، سۇغۇر تېرىسى، خام يىپەك، گىلەم، كىگىز قا-
تارلىقلارنى يىغىۋالاتتى.

جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى بىلەن، چەت ئەل
تاۋارلىرى شىنجاڭغا كەلكۈندەك كىرىشكە باشلىدى. چەت ئەل
كاپىتالى شۇ جايلاردىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرى-
شىنى چەتكە قېقىپ، بارغانسېرى ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان
ناتۇرال ئىگىلىكنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. چەت ئەل سودى-
گەرلىرى تۈرلۈك ئىمتىيازلىرىدىن پايدىلىنىپ دېھقان - چار-
ۋىچىلارنىڭ سۇ، يايلاقلىرىنى ئىگىلىۋېلىشتى، مال سېتىۋېلىپ
جازانىخورلۇق قىلىشتى. ئەنگلىيە سودىگەرلىرى جەنۇبىي
شىنجاڭدا ئۆسۈملۈك قەرز تارقىتىپ، يەرلىك خەلقنى ئېكىس-
پىلاتسىيە قىلدى. قەرز مۇددىتى توشۇپ تۆلىيەلمىسە، پايدا
ئۈستىگە پايدا قوشۇپ، زوراۋان ئەمەلدارلار بىلەن تىل بىرىك-
تۈرۈپ، قەرزدارلارنى تاپقان - تەرگىنىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر
قىلدى. ۋەيران بولغان دېھقانلار ۋە شەھەرلەردىكى ئۇششاق ھۈ-
نەرۋەنلەردىن نۇرغۇن كىشى تۇرمۇشنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن،
سەرسان بولۇپ، چەت ئەللەرگە چىقىپ ئېغىر ئەمگەك بىلەن
شۇغۇللىناتتى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭنىڭ
ھەرقايسى يېزا - بازارلىرىدىكى ئەمگەكچى خەلقتىن روسىيەنىڭ
ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ
ئىشلەيدىغانلار يىلىغا 10 مىڭغا يەتكەنىدى.

شىنجاڭنىڭ تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ،
يىپەك، توقۇمىچىلىق، گىلەمچىلىك قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ تە-
رەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. 1908 - يىلى ئۇيغۇر سودىگەر
ھۈسەنباي 1000 قويىنىڭ باھاسىغا گېرمانىيەدىن تېرە ئاشلاش
ماشىنىسى ئەكېلىپ، ئىلىدا تېرە زاۋۇتى قۇردى. 1910 - يىلى
ئىشلەپچىقىرىش باشلىغاندا، 250 ئىشچىسى بار ئىدى. بۇ
شىنجاڭدىكى تۇنجى مىللىي سانائەت كاپىتالى شىركىتى بو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لۇپ، شىنجاڭدىكى مىللىي سانائەتنىڭ بىخ ئۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
كۆپلىگەن چەت ئەل كاپىتالىستلىرى شىنجاڭدا بىر قىسىم زاۋۇتلارنى قۇردى، خام ئەشيا پىششىقلاپ ئىشلەپ ياكى يېرىم تەييار مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، چەتكە توشۇپ كېتەتتى. نۇرغۇن چەت ئەل فىرمىلىرى مەبلەغ سېلىپ چارۋىچىلىق مەيدانى تەسىس قىلىپ، كۆپ ساندا چارۋا بېقىپ، شىنجاڭدىكى ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭ زېمىنىدا ئۆزگە كېرەكلىك خام ئەشيا مەھسۇلاتلارنى بىۋاستە ئىشلەپچىقىراتتى. بۇ يېڭىدىن گۈللەنگەن پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاستە زەربە بېرىپ كەڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا تەھدىت سالغانىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چاررۇسىيە پۈتۈنلەي ئېكسپورت قىلىنىدىغان پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللاندى. مەسىلەن، قوي يۇڭىنى يۇيۇپ، تازىلاپ، ئوراشتىن باشقا يەنە ئىلى، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن زاۋۇت قۇرۇپ، يۇڭ، خۇرۇم، يۇڭ ئەدىيال، تاۋار ـ دۇردۇن ئىشلەپچىقاردى. چۆچەك، خوتەنلەردە ئالتۇن كېنى ئاچتى.
ھەرقايسى دۆلەتلەر شىنجاڭدا تاۋارلىرىنى سېتىش، كاپىتال چىقىرىش جەريانىدا، بىر تۈركۈم دەللاللارنى يېتىشتۈردى، دەللاللاردىن پايدىلىنىپ يەرلىك خام ئەشيالارنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، چەت ئەل تاۋارلىرىنى تۆكمە قىلىپ ساتتى. بۇ دەللاللار چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ نىقابى ئاستىدا باج ئوغرىلاش قاتارلىق قانۇنسىز پايدىغا ئېرىشەتتى. ئۇيغۇر خەلقى بىۋاستە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئىدى. ھەرقايسى جاھانگىر دۆلەتلەر شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى مونوپول قىلىۋېلىپ ۋە چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، شىنجاڭنىڭ يېڭىلا ۋۇجۇتقا كەلگەن ۋە راۋاجلىنىۋاتقان مىللىي كاپىتالىستىك ئىگىلىكنى باستى.

ئاجىز مىللىي كاپىتالىستىك ئىگىلىك جاھانگىرلارنىڭ كۈچ-لۈك مونوپول كاپىتالى بىلەن رىقابەتلىشىشكە قادىر بولالمىغان-لىقتىن، جاھانگىرلارنىڭ سودىسى بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىش-لىق دەللال سودىگەرلەر راۋاجلانغاندىن تاشقىرى، مىللىي سودا - سانائەت بوغۇلۇپ قېلىپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىك قۇ-رۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى چوڭ بولمىدى. ئۇيغۇرلار رايونىدا فېئوداللىق تۈزۈم يەنىلا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋەردى.

## ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەيلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرى

1905 - يىلى ئىنقىلاب پېشۋاسى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى جۇڭگو ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتىنى قۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسى-نى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. 1911 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىنقىلابچىلار ۋۇچاڭدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، دۆلەت نامىنى جۇڭخۇا مىنگو دەپ جاكارلاپ، چىڭ سۇلالىسى يىمىرىلگەنلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى-نى ئېلان قىلدى. شىنخەي ئىنقىلابى جۇڭگودا 2000 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئا-خىرلاشتۇرۇپ جۇمھۇرىيەت قۇردى. جۇڭگو خەلقىگە دېموكرا-تىك ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يولىنى ئې-چىپ بەردى.

شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگراسى بولغان شىنجاڭغىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ، ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى ۋە ئىلى قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. ئۈرۈمچى ۋە ئىلى-دىكى قوزغىلاڭلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمران-لىقىنى ئاياغلاشتۇردى. شىنخەي ئىنقىلابىغا ئۇيغۇر خەلقىمۇ

ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى. ئۇرۇمچى قوزغىلىڭى 1911 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى كۆتۈرۈلدى. ئەمما پىلاننىڭ ئەتراپلىق بولمىغانلىقى ۋە خائىنىنىڭ مەخپىي مەلۇمات بېرىشى قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇرۇمچى قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولۇپ ئون كۈندىن كېيىن، 1912 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئىنقىلابچىلار رەھبەرلىك قىلغان يەنە بىر قېتىملىق قوزغىلاڭ ــ ئىلى قوزغىلىڭى پارتلىدى. ئىلىدىكى ئىنقىلابچىلار قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ئۇرۇمچى ئىنقىلابىغا قارىغاندا ئەتراپلىق ۋە تولۇق ئىشلىدى. ئۇلار خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يېڭى ئارمىيە ۋە گېلاۋخۇيچىلارغا خىزمەت ئىشلەشكە قاراتتى. بۇ مەزگىلدە گېلاۋخۇي ئىلىدا ئەزالىرىنى كۆپەيتىۋاتقان بولۇپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن بۇ تەشكىلاتقا كىرگەنىدى. ئىنقىلابچىلار قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىدا تەشۋىقات ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى نىزا ۋە ئىشەنچسىزلىكلەرنى تۈگەتتى، ھەر مىللەت يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى. ئۇلار چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىگە سالغان زۇلۇملىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق ھالدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. مۇشۇنداق بىر قاتار تەشۋىقات، تەشكىلات خىزمەتلىرى ئىشلەنگەنلىكتىن، ھەر مىللەت خەلقى قوزغىلاڭغا ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشتى. ھېكىمبەگ خوجا شۇ جايدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى يېتەكلەپ ئاشلىق ئىئانە قىلىپ، ئىنقىلابنى قوللىدى. سودىگەر ھۇسەنباي قاتارلىقلارمۇ ئىنقىلابنى ھىمايە قىلىپ، قوزغىلاڭچى ئەسكەرلەرگە ئېگەر ـ جابدۇق، ئۆتۈك قاتارلىقلارنى بەردى.

قوزغىلاڭ 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كەچ سائەت توققۇزدا كۆ-
رە شەھىرى (بۈگۈنكى قورغاس ناھىيەسىدىكى كۆرە) دە پارتلى-
دى، ياڭ زەڭشۇ قوزغىلاڭنىڭ قوماندانلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئال-
دى. قوزغىلاڭچى قوشۇن خۇيزۇ مۆتىۋەرى ما لىڭشياۋ، گېلاۋ-
خۇينىڭ رەھبىرى شۇ سەنتەيىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ھەر مىل-
لەت خەلقىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن بەشكە بۆلۈنۈپ تېزلا شەر-
قىي قوۋۇقنى ئىشغال قىلدى. ئارقىدىنلا قورال ـ ياراغ ئامبى-
رىنى بېسىۋالدى. ئىككىنچى كۈنى قوزغىلاڭچىلار ئىلى جياڭ-
جۈنى جىرۈينى تۇتۇۋېلىپ ئېتىۋەتتى. قوزغىلاڭ غەلىبە قىل-
غاندىن كېيىن، ئىنقىلابچىلار خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، مۇسۇل-
مان، تىبەتلەردىن ئىبارەت «بەش مىللەتنىڭ ئورتاق ئىلگىرى-
لەش جەمئىيىتى»نى قۇرۇپ، «بەش مىللەت جۇمھۇرىيىتى»نى
ئېلان قىلدى، ياڭ زەڭشۇ جەمئىيەتنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەن-
دى. 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ـ جۇڭ-
خۇا مىنگو ھەربىي ھۆكۈمىتى ئىلى بۈيۈك تۇتۇق مەھكىمىسى
قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. سابىق ئىلى جياڭجۈنى گۇاڭ فۇنى
تۇتۇقلۇققا، ياڭ زەڭشۇ قوماندانلىق باش ئىشتابىنىڭ قوماندانلى-
قىغا تەيىنلەندى. ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كې-
يىن، ئەلنى تىنچلاندۇرۇش ئېلانى چىقىرىپ پۈتۈن شىنجاڭدى-
كى ھەر مىللەت خەلقىگە زور ئىلھام بەردى. ھەر مىللەت، ھەر
ساھەدىكىلەر ئىنقىلابنى قىزغىن ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىل-
دۈردى. بىرمۇنچە ئۇيغۇر گېلاۋخۇيغا قاتنىشىپ ئىنقىلابقا ئاۋاز
قوشتى. ئىلى قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈشتىن ئاۋۋال، يېڭىلا تەيىن-
لەنگەن ئىلى جياڭجۈنى جىرۈي شەنشى ـ گەنسۇنىڭ ۋالىيسى
چاڭ گېڭ بىلەن يوشۇرۇن مەسلىھەتلىشىپ، چىڭ سۇلالىسى-
نىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن،
شۇەنتۇڭ خاننى غەربكە كۆچۈرۈپ كېلىپ ۋاقىتلىق غەربىي
شىمالنى بازا قىلىپ، كېيىنچە تىرىلدۇرۇشنى قەستلىگەنىدى.

ئىلى قوزغىلىڭى غەلىبىسى ئۇلارنىڭ بۇ سۈيىقەستىنى بەربات قىلدى، بۇ ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ شىنخەي ئىنقىلابىغا قوشقان ئالاھىدە تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىلى قوزغىلىڭى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئىلى قوزغىلىڭى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىشى بىلەن فېئودال مۇستەبىت تۈزۈمگە قارشى، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش تەلەپ قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنى ھىمايە قىلغان ئۇلۇغ باشلىنىشتۇر.

قۇمۇل، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىمۇ 1911 ـ يىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قۇمۇل ۋاڭى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ فېئودال خوجىسى ئىدى. قۇمۇل ۋاڭلىرى 1697 ـ يىلى ئەبەيدۇللا تارخانبەگدىن باشلاپ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ۋاڭلىققا مىراسلىق قىلىپ كەلگەنىدى. شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىنمۇ، مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ بۇ تۈزۈم ئۆزگەرتىلمىدى. بۇ مەزگىلدىكى قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت 1875 ـ يىلى ۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلغانىدى. ئۇ ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر خەلقىنى ئون ئۈچ سۇمۇل (يىزىغا تەڭ) بۆلۈپ، ھەربىر سۇمۇلغا دورغىلارنى تەيىنلەپ باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قويغانىدى. ئۇيغۇر دېھقانلىرى قۇمۇل ۋاڭىغا ھەقسىز ئەمگەك قىلىپ بېرىشى شەرت ئىدى، يەنى ھەرئايدا مەلۇم كۈن ھاشارغا ئىشلەش بەددىلىگە ئازغىنە يەرنى تېرىپ تۇرمۇشىنى قامدايتتى. بۇنداق ھاشار دەسلەپتە ھەرئايدا ئۈچ كۈن ئىدى، كېيىنچە يەتتە كۈنگە كۆپەيتىلدى. دېھقانلار مۇشۇنداق ھەقسىز ھاشارنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيەسى ۋە زۇلمى ئاستىدا شەخسىي ئەركىنلىكىنى يوقىتىپ، تۇرمۇشى ئېغىر نامراتلىق پاتقىقىغا پېتىپ، قۇللارغا ئوخشاپ قالدى، ئۇنىڭغا چىڭ ھۆكۈمىتى ئەمەلدارلىرىنىڭ

زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى قوشۇلۇپ خەلقنىڭ كۆچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى.

1907 - يىلى 5 - ئايدا قومۇلدىكى 1000 دىن ئوشۇق ئۇيغۇر دېھقان تۆرپاق جەمەتىدىكىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە يىغىلىپ، ئالۋاننىڭ كونا سانىنى قىسقارتىشنى، ۋاڭ ئوردىسىغا بولغان جىسمانىي بېقىندىلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ھۆكۈمەتكە غەللە - پاراق تاپشۇرۇشقا ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. دېھقانلار كەتمەن، گۈرجەك، توقماق، پىچاقلارنى كۆتۈرۈپ، شوئار توۋلاپ، قومۇل شەھىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ ۋاڭ ئوردىسىنى قورشىۋالدى. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسىنى كېسەك بىلەن توسۇۋېتىپ، قومۇل ۋاڭى بىلەن ئىككى ئاي تىركىشىپ تۇردى. بۇ چاغدا شىنجاڭغا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ كېتىۋاتقان ياڭ زېڭشىن بىر تەرەپتىن باركۆل بازىرىدىكى يى شېڭفۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى يۆتكەپ دېھقانلارنى باستۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن ھاشارنى يەڭگىللىتىش توغرۇلۇق قومۇل ۋاڭى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ۋەقەدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا بۇ قېتىمقى ھاشارغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ رەھبىرىدىن سەككىز ئادەمنى ئۆلتۈردى، دېھقانلار ئاممىسى غەزەپلىنىپ يەنە بىر قېتىم قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىر يەنىلا باستۇرۇۋېتىلدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا تۆرپاق جەمەتىدىكىلەر(موللا راجى، دۇگامەت، شاكىر قاتارلىقلار) رەھبەرلىك قىلغانلىقتىن، ئۇيغۇرلار بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى «تۆرپاق يېغىلىقى» دەپ ئاتىدى[1].

تۆرپاق يېغىلىقى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قومۇل دېھقانلىرى تىز پۈكمەي، تېخىمۇ زور كۆلەملىك كۆرەشكە ھازىرلاندى. 1912 - يىلى باھاردا شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى

[1] بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، 20 -، 21 - بەتلەر؛ «قومۇل ناھىيەسى تەزكىرىسى»، 328 - بەت.

يەن داخۋا ئۆزىنىڭ ھالاكەتكە يۈز تۇتقان تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئىلىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، شامەخسۇتتىن 500 ئەسكەر سوراپ، ئۇلارنى شىخۇ ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتمەكچى بولىدى. بۇ 500 ئەسكەر قومۇلنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاغ ئېغىزىغا كەلگەندە، تۆمۈر خەلپە ئۇلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، قوشۇننى باشلاپ ماڭغان ئەمەلدارنى قورالسىزلاندۇرۇپ، ھاشارنى يەڭگىللىتىشنى چاقى- رىق قىلىپ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭ بارىكۆل- دىكى خەنزۇ خەلقىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشتى. گېلاۋخۇي ئادەم ئەۋەتىپ تۆمۈر خەلپە قوزغىلاڭچى قوشۇنى بىلەن ئالاقىلەشتى، ھەربىي ئالاقە ئورنىتىلىپ، دېھقانلارنى ئۆلتۈرگەن جاللات يى شېڭفۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. كېيىن قوزغىلاڭچى قوشۇن يەن داخۋا ئەۋەتكەن قورشاپ يوقىتىشقا كەلگەن قوشۇننى مەغلۇپ قىلىپ، كۆپ مىقداردىكى قورال - ياراغ، ئوق - دورىنى غەنىيمەت ئالدى، ئۆزىنى تېخىمۇ ياخشى قوراللاندۇرۇپ، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ھەيۋىسىنى ئاشۇردى. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ھەربىي كۈچكە تايىنىپ باستۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، «كۆرۈنۈشتە جەڭ قىلىشنى ئاساس قىلىش، ئاستىرتىن ھال سوراپ تەسەللى بېرىشنى ئاساس قىلىش» نەيرىڭىنى ئىشقا سې- لىپ، ئۆز قوشۇنلىرىغا «قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ، ئۇستىلىق بىلەن ئالداپ، ئۆزىگە تارتىش، دۈشمەن بىلەن تۇتۇشۇپ قې- لىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى داۋالغۇتۇۋەتمەسلىك»نى بۇيرۇدى[①]. 1912 - يىلى كۈزدىن باشلاپ، ياڭ زېڭشىننىڭ تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش چارىسى ئىزچىل ئەمەلگە ئاشمىدى. بىراق ئۇ قومۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىمغا كۆپ قېتىم تاغقا چىقماسلىق، قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن قوراللىق توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكتىن ساۋاقلار»، B توپلام، 7 -، 8 - بەتلەر.

ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى سۇسلىتىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. دېگەندەك قوزغىلاڭچى قوشۇن قورallıq پائالىيەتلەرنى ۋە ئاممىۋى خىزمەتلەرنى بوشاشتۇرۇپ قويدى. 1913 - يىلى 3 - ئايدا ياڭ زېڭشىن خۇيزۇ يىڭجاڭ لى شۇفۇنى ئۆز خېتىنى ئېلىپ قوزغىلاڭچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتتى. ئۇ «قۇر - ئان» تۇتۇپ قەسەم ئىچىپ، قومۇل ۋاڭىنىڭ ھاشارنى ئىككى كۈنگە قىسقارتىشىغا، قوزغىلاڭچى قوشۇننى ھۆكۈمەت ئارمىيەسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، تۆمۈر خەلىپىنى يىڭ - جاڭلىققا تەيىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى. تۆمۈر خەلىپە ئىخلاس - مەن مۇسۇلمان، شۇنداقلا سىياسىي كۈرەش تەجرىبىسى كەمچىل بولغانلىقتىن، ياڭ زېڭشىننىڭ سۈيىقەستىنى تونۇپ يېتەلمەي شەرتلەرنى قوبۇل قىلىپ، ياڭ زېڭشىن بىلەن مۇرەسسەلەشتى ۋە ياڭ زېڭشىننىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ كەتتى.

قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى تۇرپان دېھقانلىرىنىڭمۇ ئار - قا - ئارقىدىن ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى. لۈكچۈن ۋاڭلىقىمۇ قومۇل ۋاڭلىقىغا ئوخشاشلا چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن سۈيۈر - غال قىلىپ بېرىلگەن قۇرۇق ئەمەل بولۇپ، لۈكچۈن ۋاڭى بىلەن تۇرپاندىكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئۆتكۈر زىددىيەت مەۋجۇت ئىدى. قومۇل قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، 1912 - يىلى كۈزدە تۇرپان ئاستانىدە مۆيدىن خەلىپە رەھبەرلىكىدىكى دېھ - قانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قومۇل قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن مۇ - ناسىۋەت ئورناتتى. ياڭ زېڭشىن ئوخشاشلا «تەسلىم بولۇشقا چا - قىرىش» ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ، دېھقانلار قوشۇنىنى بىر با - تاليون قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، مۆيدىن خەلىپىنى يىڭ - جاڭ قىلىپ ئۈرۈمچىگە جايلاشتۇردى. تۆمۈر خەلىپە، مۆيدىن خەلىپىلەر ئۈرۈمچىگە كىرگەندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن ئۇلار - نىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت ئاستىغا ئالدى. قومۇل ۋاڭى ۋە يەر -

لىك ئەمەلدارلار كېلىشىمگە ئەمەل قىلىپ ھاشارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توگول، قوزغىلاڭ جەريانىدا ۋاڭ ئوردىسى تارتقان زىياننى دېھقانلاردىن ئۇندۇرۇۋالدى. قوزغىلاڭدىن كېيىن تۆمۈر خەلىپە تەيىنلىگەن يەرلىك ئەمەلدارلارنى ۋاڭ ئوردىسى ئالماشتۇرۇۋەتتى، بەزىلىرى قاماقتا ئېلىندى. بۇ ۋاقىتتا، تۆمۈر خەلپە ياڭ زېڭشىننىڭ نەيرىڭىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ ئۆز يېقىنلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مەخپىي قورال يۆتكەپ، روزا ھېيت مەزگىلىدە قوشۇننى باشلاپ ئۇرۇمچىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى. ئەمما، خائىننىڭ چېقىپ قويۇشى بىلەن ياڭ زېڭشىن تۇزاق قۇرۇپ، 1913 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۆمۈر خەلىپە ۋە مۆيدىن خەلىپىلەرنى قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇلارنىڭ قوشۇنىدىكى نۇرغۇن ئادەم گۇچۇڭ ناھىيەسىنىڭ كۇنچىقىش تەرىپىدىكى ئولانئۇسۇ جىلغىسىدا ياڭ زېڭشىن بۆكتۈرمىگە قويغان ئەسكەرلەر تەرىپىدىن قىرىپ تاشلاندى. 1914 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مۆيدىن خەلىپىنىڭ سەپدىشى ئەمەت ۋە تۆمۈر خەلىپىنىڭ ئىنىسى شاكىرلار تۇرپاندا قايتا قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار مۆيدىن خەلىپىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا قەسەم ئىچىپ قولىلىرىغا قورال ئالدى. ئۇلار ئەزەلدىن ئەمىلىگە تايىنىپ كىشىلەرنى بوزەك قىلىپ كەلگەن جىسانى ئۆلتۈرۈپ يالقۇنتاغقا چىقىۋالدى. ئاندىن جىمسار، گۇچۇڭ، پىچان تاغلىرىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ جەڭ قىلدى. ئەمەت خائىن تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكتىن، قوزغىلاڭ 1914 ـ يىلى 2 ـ ئايغا كەلگەندە مەغلۇپ بولدى.

ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە قارىتا ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. ئۇ مىللەتلەرنى ئۆزئارا قارىمۇقارشى قىلىپ، بىر ـ بىرىنى چۇشەپ قويۇش ئارقىلىق زىددىيەتلەردىن پايدىلىناتتى. ياڭ زېڭشىن چوڭ پومېشچىك، باي سودىگەرلەر ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىنى تىزگىنلىد-

دى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ساقلى-
نىپ كېلىۋاتقان يۇرتۋازلىق قارىشىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى
بىر - بىرىگە سېلىپ قويدى. ئىلىدا ياقۇپباي ۋە ھوسەنباي دې-
گەن ئىككى چوڭ باي بولۇپ، ئالدىنقىسى قەشقەرلىك، كېيىن-
كىسى ئاتۇشلۇق ئىدى. بۇ ئىككىيلەن شۇ جايدىكى ئاھالىنىڭ
ئارىسىدا بىر قەدەر زور تەسىر كۆچكە ئىگە ئىدى. ياڭ زېڭشىن
ياقۇپبايدىن ئىشپىيون ئورنىدا پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا «سەمىمى-
يەت» بىلدۇردى. ھوسەنباينىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئىززەتلەپ مۆ-
تىۋەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلدى. ياڭ زېڭشىن بۇ ئىككىيلەننى
پۇت تېپىشتۇرۇپ قويۇپ، يەرلىك ئەمەلدارلارغا ئەھۋالغا قاراپ
ئىش كۆرۈشنى بۇيرۇدى. بىردەم ئۇنىڭغا، بىردەم بۇنىڭغا يان
باستى. بۇ ئىككىيلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەتنى باي بو-
لۇش، مەنسەپ ئۆستۈرۈشتىكى يۆلەنچۈك قىلىۋالدى. ياڭ زېڭ-
شىن قەشقەرلىك باي سودىگەر روزىنى ئۆلكىلىك كېڭەش پالا-
تاسىنىڭ باشلىقى، ئاتۇشلۇق ياقۇپنى مەملىكەتلىك پارلامېنت
ئەزاسى قىلىپ ئۆستۈردى. باشقا رايونلاردىكى ئۇيغۇر بايلىرد-
نىمۇ مەملىكەتلىك كېڭەش ياكى ئۆلكىلىك كېڭەش پالاتا ئەزا-
سى قىلىپ، ئۇلار ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنى كونترول قىلدى.
ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، فېئودال ئە-
مەلدارلار ۋە ھەر مىللەت فېئودال بەگلىرىنىڭ ئەمگەكچى
خەلقنى ئېزىشى ۋە قاقتى - سوقتى قىلىشى ئىنتايىن ئېغىر
بولدى. ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆزىمۇ شىنجاڭدىكى ئەمگەكچى خەلقنى
شىلاشنى مەقسەت قىلغان ئەمەلدارلارنىڭ بىرەر مەنسەپكە ئو-
لىشىپ قالسا، زورلۇق بىلەن خەلقنىڭ بايلىقىنى شىلىۋېلىپ،
چۆنتىكىنى توشقۇزماي قايتمايدىغانلىقىدەك ئەھۋالنىڭ جوڭ-
گودا ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋال ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان.
ھەر مىللەت فېئودالىلىرىمۇ باج - سېلىق يىغىش پۇرسىتىدىن
پايدىلىنىپ خەلقنى تېخىمۇ بەك قاقتى - سوقتى قىلاتتى. ئەم-

گەكچى خەلق فېئودال ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشى ئاستىدا ناھايىتى ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالغانىدى.

ياڭ زېڭشىن ئۆلكە ئىچىدە ئىشىكنى ئېتىۋېلىپ خەلقنى نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويدى. ئۇ ئوچۇقتىن ـ ئو ـ چۇق پوچتا ـ تېلېگرافنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەرقانداق گېزىت ـ ژۇرنال، كىتابلارنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قاتتىق مەنئى قىلدى. ئۇ ئۆ ـ زى يېزىپ مەھكىمىسىنىڭ زالىغا ئېسىپ قويغان مەسنەۋىسىدە شۇنداق دېگەنىدى:

جۇمھۇرىيەت تۈنجى رەت قىلدى ئىزھار مەرىپەت،
ئۇيات ئەمدى بەش خاقان، يەتتە بەگدەك دەۋرىمەك.
جۇڭيۇەندىكى غوۋغاغا پەرۋا قىلماق نە كېرەك،
چېگرا دىيار بەئەينى باغى ئېرەم ھۆسنىدەك.
مۇسۇلماننى جەنۇبتىن شىمالغىچە بەند قىلساڭ،
ئىپتىدائىي يۇقىرالار ئاڭقاۋ بولسا ئەۋزەلرەك.»

ئۇ ئۇزۇن مەزگىل بىكىنمىچىلىك ۋە خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويدى. شىمال مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ئارزۇسىغا ماس ھالدا، رۇسىيەدە يۈز بەرگەن ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنىمۇ كۈچەـ نىڭ بارىچە توستى. شۇڭا «4 ـ ماي» ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە كۆپ قېتىم ئىنقىلا ـ بىي كۆرەش قىلغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا كۆرۈنەرلىك تەسىر قوزغىمىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر ياش ئەمەلدارلار ياڭ زېڭشىنىنىڭ شىنجاڭدىكى فېئودال مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇردى. ئۇلار فەن

ياۋنەننى مەركەز قىلغان ھالدا بارا ـ بارا سىياسىي جەھەتتە ئۆكتىچى گورۇھ بولۇپ شەكىللىنىپ، ياڭ زېڭشىن باشچىلىقىدىكى جاھىللار گورۇھىغا قارشى كۈرەش قىلدى. فەن ياۋنەن قاتارلىق كىشىلەر ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا خەلقنى نادانلاشتۇرۇش سىياستىنى يولغا قويۇپ، مىللىي زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەپ، ناھايىتى چىرىكلەشكەن ۋە قاراڭغۇلۇققا تولغان سىياسىي ھاۋانى شەكىللەندۈردى، دەپ قارايتتى. ئۇلار شىنجاڭنى ياخشى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، سىياسىيدا چوقۇم ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەك، ھەرقايسى مىللەتلەرگە مۇتلەق باراۋەر بولۇپ، بىردەك مۇئامىلە قىلىش كېرەك؛ بۇنىڭ ئۈچۈن تېزلىكتە مىللىي باراۋەرلىك سىياستىنى يولغا قويۇش، مالىيەنى رەتكە سېلىش، خىيانەتچىلىكنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھەربىي قىسىمنى تەرتىپكە سېلىش زۆرۈر، دەپ قارايتتى. بۇ تەشەببۇس ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ تارقىلىپ، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ مەلۇم تەسىر پەيدا قىلدى. ئۆكتىچىلەر 1928 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىنىڭ تۇنجى قارارلىق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمىدا ياڭ زېڭشىننى ئېتىپ ئۆلتۈردى. بۇ شىنجاڭ تارىخىدىكى «7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى»دۇر. جاھىللار گورۇھى تېزلىكتە ئەسكەر ئەۋەتىپ سىياسىي ئۆزگىرىشنى باستۇردى. فەن ياۋنەن قاتارلىقلار قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى، سىياسىي ئۆزگىرىش ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ بولدى.

«7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىننىڭ يېقىنى، سابىق مەمۇرىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جىن شۇرېن شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. ئۇ ياڭ زېڭشىننىڭ كونا جەندىسىد-

گە تولۇق ۋارىسلىق قىلىپلا قالماي، يەنە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تېخىمۇ دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. بۇ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىپلا قالماي، سىياسىي جەھەتتىمۇ داۋالغۇپ تۇرىدىغان ئەنسىز ھالەتنى شەكىللەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن قومۇل خەلقىنىڭ جىن شۇرېنغا قارشى كۈرىشى باشلاندى.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، قومۇل رايونىدا يەنىلا قومۇل ۋاڭىنىڭ جاساق تارخانلىق تۈزۈمى داۋاملىق ساقلىنىپ كەلدى. قومۇل ۋاڭىنىڭ 40 مىڭ مودىن ئارتۇق يېرى بار بولۇپ، كۆپ قىسمىغا دېھقانلار مەجبۇرىي، ھەقسىز ئىشلەپ بېرەتتى. دېھقانلار ئۆزىنىڭ ئازغىنە يېرىدىن چىققان ھوسۇل ئۇچۇن بەلگىلىك مىقداردا ئاشلىق تاپشۇرۇپلا قالماي، يەنە سۇ پۇلى، جازانە ۋە ئۆشرە – زاكات قاتارلىقلارنى تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى. 1907 – يىلى ۋە 1912 – يىلى قومۇل دېھقانلىرى ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا چىدىماي، ۋاڭلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش، يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ئىككىلا قېتىمدا باستۇرۇۋېتىلدى. 1930 – يىلى 3 – ئايدا قومۇل ۋاڭى شامەخسۇت ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى نەزەر ۋارىسلىق قىلدى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ۋاڭلىق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر دېھقانلىرى يەنە بىر قېتىم جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىدىن يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىپ نەزەرنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىغا قارشى تۇردى. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئۆز مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ، قومۇل ۋاڭىنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەرنى ئۆزگەرتىش ھۆكۈمەتنىڭ باج كىرىمىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، يەنە گەنسۇدىن چىققان مۇساپىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، بوز يەر ئېچىپ تېرىلغۇ يەرنى كۆپەيتىپ، دېھقانچىلىق بېجىنى ئاشۇرۇش مالىيە-

دىكى قىزىل رەقەمنى تولدۇرۇش قاتارلىقلارغا پايدىلىق، دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن جىن شۇرېن دېھقانلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، قومۇل رايونىدا قومۇل، ئاراتۇرۇك، بارىكۆلدىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيەنى تەسىس قىلىپ، بوز يەر ئېچىش ۋە غەللە - پاراق يىغىشقا كىرىشىپ كەتتى. جىن شۇرېن نەزەرنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلىدى.

1931 - يىلى 1 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يۇقىرىقى ئۈچ ناھىيەنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى رەسمىي ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بوز يەر ئېچىش ۋە يەر بېجى يىغىش چارىلىرىنى ئېلان قىلدى. يەر بېجى يىغىش چارىسىدە: «ئۇيغۇر دېھقانلىرى پىششىق يەرلەرنى تېرىشنى خالىسا يەر خېتى ئېلىپ داۋاملىق تېرىسا بولىدۇ، بىراق يەر بېجى 1930 - يىلىدىن باشلىنىپ يىغىلىدۇ، ۋاڭ ئوردىسىغا ھەقسىز ئەمگەك قىلىپ بېرىش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، ئۇيغۇر دېھقانلىرى داۋاملىق تېرىشنى خالىمىغان يەرلەر ۋە بوز يەرلەر بوز يەر ھېسابىدا تېرىغۇچىلارغا (ئاساسلىقى خەنزۇلارغا) ئىككى يىللىق يەر بېجى كەچۈرۈم قىلىنىپ بېرىلىدۇ» دېيىلدى. ئەمەلىيەتتە ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئەينى ۋاقىتتا گەنسۇدا تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچراپ قېچىپ چىققان بىر قىسىم مۇساپىرلارغا پىششىق يەرلەرنى ۋە بىنەم يەرلەرنى بۆلۈپ بەرگەننىڭ ئۈستىگە، ئۇلارغا ئۆكۈز، دېھقانچىلىق قوراللىرى ۋە ئۇرۇق تارقىتىپ بېرىپ ياردەم قىلدى. ئەكسىچە ئۇيغۇر دېھقانلىرى بولسا بەلگىلىمە بويىچە پىششىق يەرگە ئىگە بولالمىدى، بۇنىڭ كۈچلۈك نارازىلىق قوزغىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىپ قومۇل دېھقانلىرىنى ۋاڭ - غوجىلارنىڭ فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىدىن قۇتقۇزۇش ئەسلىدە بىر ياخشى ئىش ئىدى، بىراق ئۇ فېئودال ۋاڭ - غوجىلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيەسىنى ئاخىرلاشتۇرالىغان بىلەن، مىللىي تەڭسىزلىك

ۋە باج ـ سېلىقنىڭ يەنىمۇ ئېغىرلىششىنى كەلتۈرۈپ چىقار-
دى، شۇڭا دېھقانلار ھۆكۈمەتتىن نارازى بولدى. قۇمۇل دېھقان-
لىرى يەر بېجى ئېلىشنى كېچىكتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان بول-
سىمۇ، يەرلىك ھۆكۈمەت بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى. دەل مۇشۇ
پەيتتە شوپۇل چېگرا مۇداپىئەسىدىكى ھەربىي قىسىمنىڭ بىر
ئەمەلدارى ئۇيغۇر دېھقانىنىڭ قىزىنى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئې-
لىشقا ئۇرۇندى. بۇ خەلقنىڭ كۈچلۈك غەزىپىگە، خەلق قوزغى-
لىڭىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولدى. 1931 ـ يىل 3 ـ ئايدا
قوزغىلاڭچىلار شوپۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇنىنىڭ پەيجاڭىنى ۋە
ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قورال ـ ياراغلىرىنى تارتىۋالدى.
ئارقىدىنلا ئاراتۇرۇك، نوم، توخۇلۇ، تاشۋېلىق قاتارلىق جايلار-
دىكى ئۇيغۇرلار قوزغىلاڭغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئاۋاز قوشۇپ،
جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقتى. قۇمۇلدا تۇ-
رۇشلۇق قوشۇننىڭ قوماندانى ليۇ شىزېڭ نەچچە قېتىم ئەس-
كەر ئەۋەتىپ باستۇردى. بۇ چاغدا تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭغا
قاتناشقان خوجىنىياز ھاجى قوزغىلاڭچىلارنى تەشكىللەپ،
قاراڭغۇ كېچىدە تاغ جىلغىسىدا ليۇ شىزېڭنىڭ قوشۇنىغا زەربە
بەردى. ليۇشىزېڭ ئەۋەتكەن بىر باتاليون ئەسكەر تاغدا ئاساسەن
يوقىتىلدى. خوجىنىياز ھاجى قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى مۇھاپىزەت-
چىلەر قىسمىدا پالگان بېشى بولغانىدى. ئۇ نەزەر دائىرىسى
كەڭرى، ھۆكۈم قىلىشقا ماھىر، چىقىشقاق كىشى بولۇپ، قوز-
غىلاڭچىلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ
ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈچلەرنىڭ رەھبىرى بولۇپ قال-
دى. قۇمۇل ھۆكۈمەت دائىرىلىرى قوزغىلاڭنى قورال كۈچى
بىلەن باستۇرۇپ غەلىبىگە ئېرىشىشنىڭ قىيىنلىقىنى ھېس
قىلىپ، خوجىنىياز ھاجىنى «تەسلىم بولۇشقا دالالەت قىلىپ»،
قوزغىلاڭچىلارنىڭ قورال تاپشۇرۇشىنى شەرت قىلدى. خوجى-
نىياز ھاجى تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىدىن ياخشى ساۋاق ئالغان

بولغاچقا، جىن شۇرىن ھۆكۈمىتى بىلەن مۇرەسسەلىشىشكە ئۇ-نىمىدى. جىن شۇرىن قومۇلدىكى ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۇق-قاندىن كېيىن، ئۇلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن يەنە قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ چاغدا باركۆلدىكى قازاقلارنىڭ رەھبىرى غارىپمۇ قوزغىلاڭ-غا ئاۋاز قوشتى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن غارىپ گەرچە ھازىر غەلىبە ئارقا - ئارقىدىن قولغا كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئۆلكە ئارمىيەسىنىڭ كۈچى ئۈستۈن بولغانلىقتىن، ۋاقىت ئۇزارغانچە ئۆزلىرىنىڭ بەرداشلىق بېرىپ بولالماسلىق ئېھتى-ماللىقىنى ئويلىشىپ، جيۇچۈەنگە ئادەم ئەۋەتىپ ما جۇڭيىڭدىن ياردەم سورىدى[①].

ما جۇڭيىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لىنشيا دېگەن يېرىدىن بولۇپ، ئۆزىنى گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي بىرلەشمە ئارمىيەسى-نىڭ باش قوماندانى دەپ ئاتىۋالغانىدى. 1931 - يىلى زېمىن تا-لىشىپ جاڭيېغا ھۇجۇم قىلغاندا يېڭىلىپ جيۇچۈەنگە قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇ چىقىش يولى تاپالمايۋاتقان پەيتتە، خوجىنىياز ھاجى ۋە يولۋاسنىڭ تەكلىپى يېتىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ما-جۇڭيىڭ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، قوشۇننى باشلاپ شىنجاڭغا كىردى. 1931 - يىلى 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قومۇلنىڭ شەر-قىدىكى ساربۇلاققا يېتىپ كەلدى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا قومۇلنىڭ مۇداپىئەدىكى ئۆلكە ئەسكەرلىرىنى تارمار كەلتۈرۈپ، قومۇلنىڭ كونا شەھەر، يېڭى شەھەرلىرىنى قورشاپ، كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلدى. بىراق، قومۇل شەھىرىدە ئوق - دورا يېتەرلىك، ئاشلىق خېلى كۆپ بولغاچقا، شەھەرنى يېرىم يىلدەك مۇھاسىرىگە ئې-لىنۋالغان بولسىمۇ، شەھەرنى ئالالمىدى. كېيىن ماجۇڭيىڭ قو-شۇن باشلاپ باركۆلگە ھۇجۇم قىلدى، باركۆلدە ئۆلكە ئارمى-يەسىنى مەغلۇپ قىلىپ، كۆپ مىقداردىكى قورال - ياراغقا ئې-

[①] بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، 126 - 130 - بەتلەر؛ ھەمدۇللا قۇربانوف: «خوجىنىياز ھاجى توغرىسىدىكى ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 15 - سانىغا كىر-گۈزۈلگەن، 1 - 5 - بەتلەر.

رىشىپ، كۆچىنى زورايتتى. جىن شۇرېن قومۇلدىن كەلگەن جىددىي تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، لۇ شياۋزۇنى باش قوماندان، شېڭ شىسەينى باش مۇشاۋىرلىققا تەيىنلەپ قومۇلغا ياردەمگە ئەۋەتتى. ئەمما، ئالدىن يۈرەر قوشۇن لودۇڭغا كىرگەندىن كېيىن، ما جۇڭيىڭنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ پۈتۈنلەي تارمار بولدى. لۇ شياۋزۇ گۇچۇڭغا چېكىندى. ئارقىدىنلا جىن شۇرېن يەنە ئىلىدىكى جاڭ پېييۈەننى باش قوماندانلىققا تەيىنلەپ، قومۇلغا كىرىپ مۇھاسىرىنى تارمار قىلىشقا بۇيرۇدى. ما جۇڭيىڭ ما شىمىڭنىڭ قوشۇنىنى داۋاملىق ئۆلكە ئارمىيەسى بىلەن قارشىلىشىشقا قالدۇرۇپ ئۆزى جيۇ چۈەنگە قايتىپ كەتتى①.

ما جۇڭيىڭ كەتكەندىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجىمۇ قوشۇنىنى باشلاپ تاغقا چىقىۋالدى. بۇ دەل ياز بىلەن كۈزنىڭ ئارىلىقىدىكى چاغلار بولۇپ، ئوت - چۆپلەر قويۇق ئۆسكەنلىكتىن ئۆلكە ئارمىيەسىنىڭ ھەرىكەت قىلىشى قىيىنغا توختايتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا جاڭ پېييۈەن ئىلىغا قايتۇرۇلۇپ، ئورنىغا سىجاڭ لى خەيرۇنى قومۇلنى قوغداشقا ئەۋەتتى، شېڭ شىسەي، ليۇ جيېسەننى قوزغىلاڭچىلارنى داۋاملىق قورشاپ يوقىتىشقا تەيىنلىدى. خوجىنىياز ھاجى قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ تاغقا چىقىۋالغاندىن كېيىن، ئاشلىق ۋە ئوق - دورا جەھەتتىن قىسىلىپ قالدى. بۇ چاغدا تاشقى موڭغۇل ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋەكىلنى ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار 500 قۇر ھەربىي كىيىم، 70 تال مىلتىق، نەچچە ساندۇق ئوق - دورا ۋە ئۇن ئالغاچ كەلگەندى. كېيىن يەنە پىلىموت، ئوق - دورا ۋە باشقا ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى يەتكۈزۈپ بەردى. خوجىنىياز ھاجى يەنە ئۇيغۇر ياشلىرىدىن ئوتتۇزدىن كۆپرەكىنى تاشقى موڭغۇلىـ-

① ۋاڭ مېڭياڭ نەشرگە تەييارلىغان: «ما جۇڭيىڭ ۋەقەسىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ 5 - سانىغا كىرگۈزۈلگەن، 104 — 138 - بەتلەر؛ بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، 130 — 132 - بەتلەر.

يەگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ قىسمى يەنە ئاق ئورۇس سودىگىرى گېمىلكىننىڭ 400 تۆگىلىك مېلىنى قولغا چۈشۈرۈۋالدى، بۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەمەلىي كۈچى بارا ـ بارا كۈچىيىپ، ئۆلكە ئارمىيەسىگە ئۈزۈكسىز زەربە بېرىپ تۇردى.

خوجىنىياز ھاجىنىڭ غەلىبىسى جىن شۇرېنغا قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇشنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى، ئۇ يەنە ئادەم ئەۋەتىپ خوجىنىياز ھاجى بىلەن سۈلھىلەشمەكچى بولدى. يولۋاس قاتارلىق كىشىلەرنىڭ پىلانلىشى بىلەن، سۈلھى شەرتلىرى ئۈستىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. كېلىشىم بويىچە، ئۆلكە تەرەپ قوزغىلاڭچىلارغا 400 دادەن بۇغداي، تۆت تۈمەن سەر ئۆلكە پۇلى(كۈمۈش تەڭگە) بېرىش بەدىلىگە قوزغىلاڭچىلاردىن 2000 تالدىن ئارتۇق مىلتىقنى يىغىۋالماقچى بولدى. تەقسىماتتا يولۋاس بىلەن خوجىنىياز ھاجى جاڭجاللىشىپ قالدى، يولۋاس گەنسۇ بىلەن شىنجاڭنىڭ چېگراسىغا بېرىۋېلىپ، ما جۇڭيىڭدىن پاناھ تىلىدى. خوجىنىياز ھاجى قىسمىنى باشلاپ قومۇلغا يۈرۈپ كەتتى. 1932 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇرپان ئاستانىدە مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىقلار قومۇل قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار ئاستانىدە ئۆلكە ئارمىيەسى بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلىپ، بىر باتالىيون ئەسكىرىنى تامامەن يوقىتىپ، نەچچە يۈز تال مىلتىق ۋە نۇرغۇن ئوق ـ دورىغا ئېرىشتى. تۇرپان، پىچان، توقسۇن ئۈچ ناھىيە خەلقى ئاستانىدە قوزغىلاڭ بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، توپ ـ توپ بولۇپ ئاستانىگە يېتىپ كېلىپ، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قورۇسىغا يىغىلدى. ئارقىدىنلا تۇرپان ناھىيەسىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، پىچانغا يۈرۈش قىلدى، ئەمما 13 كۈن شىددەتلىك جەڭ قىلغان بولسىمۇ يېڭىلىپ قالدى. يېڭىلگەن قوزغىلاڭچىلار قومۇل تەرەپكە

يۆتكىلىپ، شەرقتىن كەلگەن خوجىنىياز ھاجىلار بىلەن ئۇچراشتى. ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىـ لىرىنىڭ سانى نەچچە تۈمەنگە يېتىپ ھەيۋىسى تېخىمۇ ئاشتى. جىن شۇرېن ئۆلكە ئارمىيەسى بىلەن قوزغىلاڭچىلارغا تاقابىل تۇرۇپ بولالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، 2000دىن ئارتۇق ئاق ئورۇس ئەسكىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، لۈكچۈنگە قوز- غىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇلار لۈكچۈندە قوزغىلاڭچىلار بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇپ، تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى مەخسۇت مۇھىتىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. قوزغىلاڭچىلار ۋە خەلق ئاممىسى تاغلارغا قېچىپ چىقىۋالدى، نۇرغۇن كىشى ئاچلىقتىن ۋە سوغۇقتىن ئۆلۈپ كەتتى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئادەم سانى كۆپ بولغان بىلەن قورال يېتىشمەيتتى.

چىرىك، ئىقتىدارسىز جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى قومۇل، تۇرپانلاردا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭنىڭ زەربىسى بىلەن ھەربىي ئىشلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى، مالىيە كىرىزىسى كۈنسېرى كۈچىيىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى، ھۆكۈمەت ئۆلكىنىڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالدى. 1933 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىـ دىكى رادىكال ئىدىيەگە ئىگە تاۋ مىڭيۈ، چېن جۇڭ، لى شياۋتيەن قاتارلىق ياش ئەمەلدارلار ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق ئاق ئورۇس قوشۇنى بىلەن ئالاقە باغلاپ، ھەربىي ـ سىياسىي ئۆز- گىرىش قوزغاپ، جىن شۇرېننى قوغلىۋېتىپ يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. ليۇ ۋېنلۇڭنى ۋاقىتلىق رەئىس قىلىپ سايلىدى، شېڭ شىسەي ۋاقىتلىق چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولۇۋالدى.

قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئىنقىلابقا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارقا ـ ئارقىدىن ئاۋاز قوشتى. 1933 ـ يىل 2 ـ ئايدا توق-

سۇنلۇق تۆمۈر ئېلى تۇرپان، قارا شەھەر، لۈكچۈن، كورلا، بۈ-
گۈر، كۇچا، شايار، باي قاتارلىق جايلاردىكى قوزغىلاڭچى قو-
شۇنغا رەھبەرلىك قىلىپ ئاقسۇغا يېتىپ باردى. بۇ ۋاقىتتا
قەشقەر يېڭىشەھەردە جىن شۇرېننىڭ ئىنىسى جىن شۇجى تۇ-
رۇۋاتاتتى. ئۇ خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلغاچقا، خەلق ئۇنىڭغا
چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ قوزغىلاڭ-
چىلارنىڭ ئاقسۇغا يېتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن، ئالدىراپ - تېنەپلا ئۇلارنى توسۇشقا ئەسكەر ئەۋەتتى،
بۇ قوشۇن مەغلۇپ بولۇپ مارالبېشىغا چېكىندى. مۇشۇنداق
قىيىن ئەھۋالدا جىن شۇجى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. قەشقەرنىڭ
ھەربىي - مەمۇرىي ھوقۇقى ۋالىي ما شاۋۋۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ
قالدى. ما شاۋۋۇ مارالبېشىغا تۆمۈر ئېلىنىڭ قوشۇنى بىلەن
ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئەسكەر ئەۋەتكەن بول-
سىمۇ، ئۇلار ئىككى ئايلىق تىركىشىشتىن كېيىن پۈتۈنلەي
مەغلۇپ بولدى. ما شاۋۋۇ قىرغىزلارنى ئەۋەتىپ باستۇرۇشنى
پىلانلىغان بولسىمۇ، تۆمۈر ئېلى قىرغىز ئوسماننىڭ قوشۇنى
بىلەن بىرلىشىپ، قەشقەر شەھىرىنى بىر ھۇجۇم بىلەنلا ئىش-
غال قىلدى.

خوتەن رايونىدىكى قوزغىلاڭ دەسلەپتە قاراقاش ناھىيەسى-
دىن باشلاندى. ئەينى ۋاقىتتىكى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى
ئاچكۆز، نومۇسسىز ئادەم بولۇپ، يەرلىك مۇشتۇمزورلار بىلەن
ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، شۇ جايدىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرىغا قات-
تىق زۇلۇم قىلغانلىقتىن، خەلقنىڭ نەپرىتىگە قالغانىدى.
1933 - يىلىنىڭ بېشىدا جىن شۇرېن لاداقتىن بىر تۈركۈم
قورال - ياراغلارنى يۆتكەپ كەلگەندە، بۇ قورال - ياراغلارنى
قوزغىلاڭچىلار قولىغا چۈشۈرۈۋالدى ۋە تۆمۈر ئېلى ئاقسۇنى ئى-
گىلىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى.
چىرا، كېرىيە، لوپ، گۇما، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردىكى خەلق-

ـمۇ بۇنىڭغا قىزغىنلىق بىلەن ئاۋاز قوشتى، بۇنىڭ بىلەن ناھا-
يىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ رايونلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولى-
غا ئۆتتى.

1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سابىت داموللا قا-
تارلىقلار پىلانلىغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيى-
تى» قەشقەردە قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. سابىت داموللا باش
ۋەكىللىككە تەيىنلىنىپ، خوجىنىياز ھاجىنى ئۆزىگە تارتىش
ئۈچۈن، ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان خوجىنىياز ھاجىنى جۇمھۇر رەئىس
دەپ ئېلان قىلدى. ھۆكۈمەتنىڭ پىروگراممىسىدا، شەرىئەت
مىزان قىلىنىدىغانلىقى، ئىسلام دىنى ئاساسىدىكى شەرىئەت
دىندارلار ۋە پومېشچىكلار بىرلىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان-
لىقى بەلگىلەنگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھىندىستان، ئافغانىس-
تان، ئىران، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە
قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، خەلقئارانىڭ ئېتىراپ
قىلىشىغا ئېرىشمەكچى بولدى. بۇ ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېي-
ىن، ئۆزىنىڭ چىرىكلىكى، ئىقتىدارسىزلىقى، تەشكىللىنىش-
تىكى چېچىلاڭغۇلۇقىدىن سۆزى بىلەن ئەملى بىردەك بولماي،
كۆپ سانلىق ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمىدى، بۇنىڭ بىلەن
ھەتتا قەشقەر شەھەر رايونىنىمۇ كونترول قىلىپ تۇرالمىدى.
ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئۆزئارا پۇت تېپىشىپ، ھوقۇق تالاشتى يا-
كى ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىپ پۇقرالارنى ئەزدى. شۇڭا بۇ ھا-
كىمىيەت ناھايىتى تېزلا گۇمران بولدى. كېيىن خوجىنىياز
ھاجى شېڭ شىسەي بىلەن توختام تۈزۈپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت-
نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى.

1933 ـ يىلى 12 ـ ئايدا غۇلجىدىكى جاڭ پېيۈەن بىلەن
ما جۇڭيىڭ ھەمكارلىشىپ، شېڭ شىسەيگە ئورتاق زەربە بې-
رىشكە تەييارلاندى. بۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئار-
مىيەسى شىنجاڭغا ئەسكەر چىقىرىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ ئىتتىد-

پاقدىشى بولغان جاڭ پېيېۋەن ئارمىيەسىنى يوقاتتى. شىخۇ، ماناس قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىدى، ئارقىدىنلا سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ھاۋا ئارمىيە قىسمى ئۇرۇمچىگە بېرىپ، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنى شىددەتلىك بومباردىمان قىلدى، پىيادە ئەسكەرلەر بولسا ئېغىر قوراللار ۋە تانكىلار بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىندى. ما جۇڭيىڭ قىسمى جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېتىۋېلىپ، شەھەر ئىچىدە ئىككى كېچە - كۈندۈز چوڭ قىرغىنچىلىق قىلدى، ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 4000 - 5000 ئادەمدىن ئېشىپ كەتتى. ئاتۇش ۋە يېڭىسارلاردىمۇ شۇ جايدىكى ۋۇقرالارنى ئۆلتۈرۈپ، كۆيدۈرۈپ، بۇلاپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى، ئىككى قولى ئۇيغۇر ۋە باشقا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىپقىزىل قېنى بىلەن بويالدى. ئۇلار يەنە قەشقەر خەزىنىسىنى نەچچە يۈز جىڭ ئالتۇن تىللا ۋە چوكا ئالتۇن، يۈز نەچچە توننا كۈمۈشنى بۇلاپ قۇپقۇرۇق قىلىپ قويدى. ئەڭ ئاخىردا چېكىندىن ئاشقان بۇ قەبىھ جاللاتلار سوۋېت ئەلچىخانىسىنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا پاناھ تىلەپ چىقىپ كەتتى①.

20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىكى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى، مىلىتارىستلارنىڭ قالايمىقان ئۇرۇشلىرى، جاھانگىرلارنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ئېتىبارىنى قوزغىدى. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە جۇڭگو كومپارتىيەسى شىڭ شىسەي بىلەن ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىدە بولدى. 1937 - يىلى باھاردا جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيەسى 4 - يۆنىلىش ئارمىيەسى خېشى كا-

① بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، 228 - بەت، سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى»، 170 — 171 - بەتلەر.

رىدورىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قالدۇق قىسمى يولداش لى جورەن، لى شيەننيەنلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە مەركەزنىڭ كۆرسەت-مىسىگە بىنائەن شىنجاڭغا كىردى. چېن يۈن، تېڭ دەييۈن قاتارلىق يولداشلار موسكۋادىن شىنجاڭغا ئۆلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كېلىشتۈرۈشى ۋە ياردى-مى بىلەن، جۇڭگو كومپارتىيەسى شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىك سەپ قۇردى①.

شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، ۋەزىيەتنى مۇ-قىملاشتۇرۇش، خەلقنى ئۆزىگە مايىل قىلىش، ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى ياقلايدىغان-لىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە ئۆتۈپ، سوۋېت ئىت-تىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىل-دۈردى. بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلىدىغان چاغدا ئۇ «مىللىي باراۋەرلىكنى يولغا قويۇش، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى كاپا-لەتلەندۈرۈش، يېزىلاردا قۇتقۇزۇش ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، مالىيەنى تەرتىپكە سېلىش، ئەمەلدارلارنى پاكلاش، مائارىپنى كېڭەيتىش، ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش، ئەدلىيە ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش»تىن ئىبارەت «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە»نى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ـ مائارىپ قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. شېڭ شىسەي يەنە «جاھان-گىرلىككە قارشى تۇرۇش، شۇرالار بىلەن دوستلىشىش، مىللەت-لەر باراۋەرلىكىنى يولغا قويۇش، پارىخورلۇقنى يوقىتىش، تىنچلىقنى ساقلاش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش»تىن ئىبارەت «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى تۇرۇپ چىقتى. بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىنچلىققا ئىنتىلىش، دېموكراتىيەنى ئىل-

① خۇاڭ خوچىڭ: «شىنجاڭدىكى ناھەق دېلولارنىڭ باش ـ ئاخىرى»نىڭ مۇقەددىمىسى، 1 ـــ 5 ـ بەتلەر، جۇڭگو ياشلار نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى.

گىرى سوروش ئاززۇسىنى ئەكس ئەتتۇرگەچكە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلدى. بۇ سىياسەتنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن شىنجاڭ-نىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىك، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىجابىي رول ئوينىدى. جۇڭگو كومپارتىيەسى شىنجاڭنىڭ مۇرەككەپ ئەھۋا-لىغا ئاساسەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھاكىمىيەتنى يېڭىلا قولغا چۈشۈرگەن شېڭ شىسەيگە قارىتا ھەم ئىتتىپاقلىشىش، ھەم كۆرەش قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئۇنى قولغا كەل-تۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە پايدى-لىق بەزى ئىشلارنى قىلدۇردى. 1935 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جاھانگىرلىككە قارشى كۆرەش قىلىدىغان ئام-مىۋى تەشكىلات ــ «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» (قىسقارتىلىپ ‹جاھانگىرلىككە قارشى ئۇ-يۇشما› دېيىلىدۇ)نى قۇردى. ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» 1938 ـ يىلى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى، كوممۇنىستلار باش كاتىپلىقنى ئۇستىگە ئالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر قايسى باشقارما، بۆلۈم، ھەيئەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىگىمۇ كوممۇ-نىستلار تەيىنلەندى. «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭىيىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرىدىغان ھەقىقىي بىرلىك سېپىگە ئايلاندى. «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» « جاھانگىرلىككە قارشى سەپ»، «شىنجاڭ ياشلىرى» قاتارلىق ژۇرناللارنى نەشر قىلىپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىپ، خەلققە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بەردى. 1938 ـ يىلىدىن 1940 ـ يىلىغىچە، «جا-

ھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن «پۇل ئىئانە قىلىش» ۋە «قىشلىق كىيىم - كېچەك ئىئانە قىلىش» ھەرىكىتىنى داغدۇغىلىق قانات ياىدۇردى. 1938 - يىلى 1 - ئايدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىك-كىنچى تۈركۈمدە ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم قىلغان جۇۋا ۋە بىر تۈركۈم قورال - ياراغ بېسىلغان ئون ئاپتوموبىل يەنئەنگە ماڭدۇرۇلدى. شۇ يىلى 100 مىڭ قۇر قىشلىق كىيىم - كېچەك توپلاش ھەرىكىتى قانات ياىدۇرۇلۇپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ئۇ-نۇملۇك ياردەم بېرىلدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شېڭ شىسەي بارغانسېرى ئۆزى-نىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى ئاشكارىلاشقا باشلىدى. 1937 - يى-لىدىن تارتىپ، «توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىغان» دېگەنگە ئوخ-شاش تۈرلۈك يالغان دېلولارنى ئۇزۇكسىز ئويدۇرۇپ چىقىپ، ھەرخىل ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىرىش پۇرسىتىدىن پايدىلى-نىپ، «جاھانگىرلىكنىڭ جاسۇسى»، «خائىن»، «تىروتىسكىي-چى» دېگەندەك بەتناملار بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر رەھبەرلىرىنى، تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلىرىنى قولغا ئالدى. 1937 - يىلى توقۇپ چىقىلغان «توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاش دېلوسى»دا 9 - ئايدىن باشلاپ 1938 - يىلى 11 - ئايغا قەدەر پۈتۈن شىنجاڭدىن 2000 دىن ئارتۇق كىشى قولغا ئېلىندى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەر قايسى مىللەت رەھبەرلىرى(مەسى-لەن، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئى-سى خوجىنىياز ھاجى)، ئىلغار زىيالىيلار ۋە جەمئىيەتتە تەسى-رى بار ئەربابلار ئىدى. 1940 - يىلى شېڭ شىسەي يەنە بىر قېتىم چوڭ «توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاش دېلوسى»نى توقۇپ چىقىپ، دېموكراتىك زاتلار ۋە ئىلغار ياشلارنى ئاساس قىلغان ھالدا 1200 كىشىنى قولغا ئالدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەشھۇر دېموكراتىك زات دۇ جۇڭيۈەنمۇ بار ئىدى. 1942 - يىلى خەلق-

ئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى
فاشىستىك كۈچلەرنىڭ غالجىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، شېڭ شى ـ
سەي يەنە بىر قېتىم ئاتالمىش «12 ـ ئاپرېل تۇپىلاڭ كۆتۈ ـ
رۈشنى پىلانلاش دېلوسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىپ، جۇڭگو كومپار ـ
تىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يولداش چېن تيەنچيۇ
ۋە يولداش ماۋ زېمىنلار باشچىلىقىدىكى شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان
بارلىق جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە
تاشلاپ، قاتتىق ئۇرۇپ قىيناپ ئىقرار قىلدۇردى. 1937 ـ يىد ـ
لىدىن 1942 ـ يىلىغىچە شېڭ شىسەي قولغا ئالغان كوممۇ ـ
نىستلار، دېموكراتىك ئىلغار زاتلار، ھەر قايسى مىللەت رەھ ـ
بەرلىرى ۋە ياش زىيالىيلار 100 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار ـ
نىڭ بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلدى، بەزىلىرى قامالدى. سوۋېت ئىتتى ـ
پاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ھەر مىللەت مۇنەۋۋەر ياشلىرىدىن
يا ئۆلتۈرۈلمەي، يا ھەپسىگە ئېلىنماي ساق قالغانلار ئاران 20
دىن ئاشاتتى. شىنجاڭنىڭ قايسىلا يېرىدە بولمىسۇن، ئىشپى ـ
يونلارنىڭ مۇتتەھەملىكىدىن پەيدا بولغان ناھەقچىلىكلەر
ئۇچراپ تۇراتتى. ۋەھشىيانە ئىشپىيونلار ھۆكۈمرانلىقى ھەر
مىللەت خەلقىنى ئېغىر تېررورلۇق ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر
قىلدى.

سىياسىي جەھەتتىكى ئەكسىيەتچىلىك ئىقتىساد ۋە مەدە ـ
نىيەتكە بۇزغۇنچىلىق ۋە چېكىنىش ئېلىپ كەلدى. 1941 ـ يىد ـ
لى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئورنىتىلغان ما ـ
لىيە تۈزۈمى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن بۇزۇپ تاشلاندى، ئۇنىڭ
يېقىنلىرى ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە تارماقلىرىدىكى مۇھىم ۋەزىپى ـ
لەرنى ئىگىلىۋالدى. ئالتۇن كان ۋە بانكا ئۇنىڭ شەخسىي مۈل ـ
كىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ ھەتتا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۆلكىلىك
بانكىدىكى بارلىق نەق پۇل زاپىسىنى «دۇبەن مەھكىمىسى»نىڭ
يەر ئاستى ئۆيىگە يۆتكەپ ئەكىرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە،

ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۈلكىنى «خائىنلارنىڭ مۈلكى» دېگەن باھانە بىلەن ھەدەپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. 1942 - يىلى شىنجاڭ - سوۋېت ئارىسىدىكى ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئەنئەنىۋى سودا توختىتىپ قويۇلدى. شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازاردىن مەھرۇم قالدى، ئېھتىياجلىق سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ مەنبەسىمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى تىرىشىپ يېتىشتۈرگەن ئىلغار مەدەنىي تەشكىلاتلار، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى پۈتۈنلەي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. مەكتەپلەردىكى ئىلغار ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار قولغا ئېلىندى، ئۆلتۈرۈلدى.

1942 - يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجەلىك ئەمەلدارلىرى شىنجاڭغا ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا گومىنداڭ تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، شىنجاڭغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. شۇ يىلى كۈزدە، سۇڭ مېيلىڭ جياڭ جيېشىغا ۋەكىل بولۇپ شىنجاڭغا كېلىپ شېڭ شىسەي بىلەن مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا شېڭ شىسەي چۇڭچىڭغا بېرىپ جياڭ جيېشىغا خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. 1944 - يىل 8 - ئايدا گومىنداڭ شېڭ شىسەينى شىنجاڭدىن يۆتكەپ، دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلىدى. شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ۋۇ جۇڭشىننى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ پۈتۈنلەي گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بۇرۇنقىدەكلا مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللىي زۇلۇم سىياسىتى

يۇرگۈزدى. باۋجيا تۈزۈمىنى مەجبۇرىي يولغا قويۇپ، مىللىي مۇناپىق، زومىگەر پومېشچىك، جېدەلخور لۈكچەكلەرنى تاللاپ، يېزا باشلىقى ياكى باۋجاڭ قىلىپ تەيىنلىدى. ژاندارما ۋە ساقچىلارنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىپ، خەلقنىڭ پۈتۈن سىياسىي ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. شىنجاڭنىڭ مالىيە ۋە پۇل تۈزۈمى بارغانسېرى قالايمىقانلىشىپ، مال باھاسى ئۆستى. خەلقنىڭ كۈن كەچۈرمىكى تەس بولۇپ قالدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭغا نۇرغۇن ئەسكەر كىرگۈزۈپ، تۇرۇشلۇق ئەسكەر سانىنى جىددىي كۆپەيتتى. بۇنىڭدىن باشقا، يالغۇز ئۈرۈمچى رايونىدىلا ئۆزىنى قوغداش ئەترىتىدىن 54 ى قۇرۇلدى، ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش ئىشتابى ئۇلارغا 2300 مىلتىق تارقىتىپ بەردى.

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشى

گومىنداڭ شىنجاڭغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋە شىنجاڭدىكى باشقا مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىدىكى زۇلمەتلىك دەۋرلەرنىڭ بىرى ئىدى. گومىنداڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، خەلقنى بارلىق سىياسىي ۋە ياشاش ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلدى. 1944 ـ يىلى كۈزدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق كۈرەش قىلدى. 1944 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى شىڭ شىسەيگە قارشى، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مەخپىي تەشكىلات ــــ «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى» قۇرۇلدى، ئېلىخان تۆرە رەئىس بولدى. قوزغىلاڭ نىلقا ناھىيەسىنىڭ چارۋىچىلىق رايونىدا باشلاندى. قوزغىلاڭنىڭ پارتلىشىغا شۇ جايدىكى گومىنداڭ ھۆ-

كومىتىنىڭ خەلقنى ئات تەقدىم قىلىشقا قىستىغانلىقى سەۋەب بولدى. 1943 ـ يىلى 3 ـ ئايدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى بىر بۇيرۇق جاكارلاپ، خەلقنى بىر تۈمەن ھەربىي ئات تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىدى. بۇيرۇقتا ئەگەر ئات تاپشۇرالمىغانلار نەق پۇل تاپشۇرسىمۇ بولىدىغانلىقى، نەق پۇل ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئات باھاسى بويىچە ھېسابلىنىدىغانلىقى قەيت قىلىنغانىدى. ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن ئات باھاسى بازار باھاسىدىن يېرىم ھەسسە يۇقىرى ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ شىنجاڭ خەلقىگە قارىتا يۈرگۈزۈلگەن ئوپئوچۇق بۇلاڭچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئات تاپشۇرۇش ۋەزىپىسى ئاساسەن ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇر ۋە قازاق دېھقان ـ چارۋىچىلىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. 1944 ـ يىلى 8 ـ، 9 ـ ئايلار ئارىلىقىدا نىلقا ناھىيەسى ئۇلاستاي تاغلىق رايونىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل دېھقان ـ چارۋىچىلىرى ئاۋۋال غۇلجا مەخپىي ئىنقىلابىي گۇرۇپپىسىنىڭ تەسىرى ۋە قوللىشى ئاستىدا پارتىزانلار ئەترىتى قۇرۇپ، گومىنداڭ ئارمىيەسى بىلەن كۈرەشنى باشلىدى. 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مەخپىي ئىنقىلابىي گۇرۇپپىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، پارتىزانلار كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ، ئەكبەر باتۇر، خەمىت مۇسلىموف، سېيىت باتۇر، غېنى باتۇر ۋە ئىمىۋان قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا نىلقىغا ھۇجۇم قىلدى ۋە 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ناھىيە بازىرىنى پۈتۈنلەي ئىگىلىدى[1]. بۇ قوزغىلاڭنىڭ ئىلھامى ئاستىدا غۇلجا خەلقىمۇ «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭ چاقىرىقى بىلەن 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى، غۇلجا شەھەر رايونىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا غۇلجىغا قوشنا سۈيدۈڭ، چاپچال،

① شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى يېزىش ھەيئىتى: «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئائىت چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 23 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىل.

قورغاس، بورتالا، ئارىشاڭ، شىخو قاتارلىق ناھىيەلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلاڭچى قوشۇن تەرىپىدىن ئازاد قىلىندى.

1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ھەرقايسى جايلاردىكى قوزغىلاڭچىلار ۋەكىللىرى غۇلجىدا قۇرۇلتاي چاقىرىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. قۇرۇلتايدا ئېلىخان تۆرە ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە، ھېكىمبەگ خوجا مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى. شۇ كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت كېڭەشى»نىڭ 1 ـ نومۇرلۇق قارارى ماقۇللىنىپ، مالىيە، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، دىن، ئەدلىيە ۋە باج ئورگانلىرىنى قۇرۇشقا ئالاقىدار ئىشلار ئېلان قىلىندى[①]. 1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت كۆرەشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تارقاق قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنى مۇنتىزىم ئىنقىلابىي قوشۇن ــ مىللىي ئارمىيە قىلىپ تەشكىللىدى. مىللىي ئارمىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن پۇختا ھەربىي پىلان تۈزۈپ چىقتى. 5 ـ ئايدىن باشلاپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ھەربىي ھۇجۇم قوزغىدى. بۇيرۇققا بىنائەن تارباغاتايغا ھۇجۇم قىلىدىغان قوشۇن 6 ـ ئايدا دۆربىلجىننى، 7 ـ ئايدا چۆچەكنى ئىشغال قىلدى. ئالتايغا ھۇجۇم قىلغۇچى قوشۇن يەرلىك خەلق قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن ماسلىشىپ 9 ـ ئايدا ئالتاينى ئىگىلىدى. يەنە بىر تۈركۈم قوشۇن 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى شىخونى ئىشغال قىلغاندىن كېيىنلا غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ، ئۈرۈمچىگە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، ئۇدۇل ماناسقا يېتىپ باردى. مەغلۇپ بولۇپ رەسۋاسى چىققان گومىنداڭ ئارمىيەسى قېچىپ كېتىۋېتىپ مىللىي ئارمىيەنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، ماناس دەر-

① شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى يېزىش ھەيئىتى: «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئائىت چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 37 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىل.

ياسى كۆۋرۈككە ئوت قويۇۋەتتى. شۇ پەيتتە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىمۇ پارتىزانلار ھەرىكىتى كۈنسېرى جانلىنىپ كەتكەندى. پارتىزانلار گەنسۇ ـ شىنجاڭ تاشيولىنى بويلاپ، گومىنداڭنىڭ ھەربىي ئاپتوموبىللىرىغا ئۈزلۈكسىز زەربە بېرىپ، گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ھەربىي ياردەم يولىنى ئۈزۈۋەتتى. تۇرپان، پىچان، توقسۇنلاردا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرى دائىم پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇردى. مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن قوشۇن تەڭرىتاغنىڭ مۇزلۇق داۋانلىرىدىن ھالقىپ، ئاقسۇ رايونىغا كىرىپ، ئاقسۇ ناھىيە بازىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى، ئىككى ياقتا باي ۋە ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيەلىرىنى ئىشغال قىلدى. 1945 ـ يىل 8 ـ ئايدا يىراقتىكى پامىر ئېگىزلىكىدە قىرغىز، تاجىك، ئۇيغۇر خەلقلىرىمۇ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مىللىي قوراللىق قوشۇن تەشكىللەپ بىردىنلا تاشقورغان، يېڭىسار، قاغىلىق ناھىيەلىرىنى ئىگىلىدى. بۇ قېتىمقى قوراللىق قوزغىلاڭ «تاشقورغان ئىنقىلابى» دەپ ئاتالدى.

1945 ـ يىل 1 ـ ئايدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي دېموكراتىك ھەرىكىتى زور غەلىبىگە ئېرىشتى. ئىنقىلابىي قوشۇن ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ئۈچ ۋىلايەتنى ئاساسەن ئۆز كونتروللۇقىغا ئالدى. ھەرقايسى جايلاردىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىللىرى غۇلجىدا قۇرۇلتاي ئېچىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى. ئىلى، ئالتاي، تارغاباتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى رەسمىي قۇرۇلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇردى. مۇنتىزىم ئارمىيە تەشكىللەپ، ھەربىي ئۇنۋان بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئۈچ ۋىلايەت

ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى دائىرىسى ئىچىدە ھەر دەرىجىلىك جاما-ئەت خەۋپسىزلىكى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنى مۇكەممەللەشتۈ-رۈپ، بىر قاتار قانۇن، قائىدە ـ تۈزۈملەرنى مەيدانغا كەلتۈ-رۈپ، بىر قەدەر مۇكەممەل ئەدلىيە سىستېمىسى ۋە ئەدلىيە تۈ-زۈمىنى شەكىللەندۈردى[1]. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئۆز پۇلىنى تارقاتتى[2]، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودى-نى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە كېڭەيتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچى-لىق مەھسۇلاتلىرىغا بازار ئاچتى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ-لەرنى ۋە تېخنىكوملارنى كۆپەيتتى، كۇتۇپخانا، كۇلۇب، سەنئەت ئۆمەكلىرىنى قۇرۇپ، خەلقنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى جانلاندۇر-دى. مۇشۇ تەدبىرلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشى بىلەن ئىقتىساد، مە-دەنىيەت ئىشلىرىدا مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. خەلق-نىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمراد-لىق قىلىۋاتقان رايونلاردىكىگە قارىغاندا كۆپ ياخشىلاندى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، گو-مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ساراسىمىگە چۈشۈپ كەتتى. 1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى جياڭ جىڭگو جياڭ جيېشىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان خېتىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەل-دى. شىنجاڭدىكى مەۋجۇت مەسىلىلەر ئۈستىدە ۋۇ جۇڭشىن بىلەن مەسلىھەتلەشتى ۋە ۋۇ جۇڭشىنغا ئاز سانلىق مىللەت زاتلىرىنى ئىشلىتىپ، شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەكلىپىنى بەردى. بۇ مەزگىلدە ئۇ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلى بىلەن كۆرۈشۈپ، سوۋېت ئىتتىد-پاقى بىلەن شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە پىد-

[1] يەن دىيەنچىڭ: «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قانۇنچىلىق تارىخى»، 1 ـ، 5 ـ بەت-لەر، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى نەشرىياتى، 1991 ـ يىل.

[2] چېن يەنچى: «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ پۇل تارىخى ھەققىدە تەكشۈرۈش»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، 1995 ـ يىل 3 ـ سانى، 67 ـــ 72 ـ بەتلەر.

كىر ئالماشتۇردى[1]. گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ قاتارلىقلار گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن كېڭىشىپ «قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلىشتا ئۈمىد يوق، سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى ۋاستىچى سوۋېت ئىتتىپاقىدۇر» دېگەن ئورتاق تونۇشقا كەلدى. 1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى جۇڭگو ـ سوۋېت ئىككى دۆلەت دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى «جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق ـ ھەمكارلىق شەرتنامىسى»نى ۋە باشقا قوشۇمچە كېلىشىملەرنى ئىمزالىدى. شەرتنامىنىڭ قوشۇمچە كېلىشىمنامىسىدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى، سوۋېت ھۆكۈمىتى بولسا: «شىنجاڭدا يېقىنقى ۋاقىتلاردىكى يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە سوۋېت ھۆكۈمىتى ‹دوستلۇق ـ ھەمكارلىق شەرتنامىسى› نىڭ 5 ـ ماددىسى بويىچە، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق مەيدانىدا بولىدۇ» دەپ بىلدۈردى[2]. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 1945 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى[3]. ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ سۆھبەت جەريانىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن قەتئىيلىك، ماھىرلىق بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئۆزىنى ئۆتمەيلا ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. قوراللىق كۈرەش بىلەن سۆھبەتنىڭ زىچ ماسلىشىشى ئاستىدا، 1946 ـ يىل 6 ـ ئايدا گومىنداڭنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن 11 ماددىلىق «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى

[1] شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى يېزىش ھەيئىتى: «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئائىت چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 73 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىل.

[2] شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى يېزىش ھەيئىتى: «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئائىت چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 95 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىل.

[3] شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى يېزىش ھەيئىتى: «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئائىت چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 108 ـ، 110 ـ، 111 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىل.

بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونىنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇر-
سىدا تۈزۈلگەن قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قى-
لىش توغرىسىدىكى بىتىم» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ 11 بىتىم
دېيىلىدۇ) ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلىندى ۋە ئىككىلا تەرەپ قات-
ناشقان ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى.
ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ
يۇقىرى مەسئۇلى سۈپىتىدە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ
مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى.
1947 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈ-
مىتى مەمۇرىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق
تەپتىش ئەمەلدارى مەسئۇدنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلى-
كىگە تەيىنلىدى. بۇ بۇيرۇق ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ ئىش
دەرھال ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى.
8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار كەينى
ـ كەينىدىن غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىر-
لەشمە ھۆكۈمەت يىمىرىلدى.
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ،
ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى ئورتاق كۈرەش قىلىش مەقسىتىدە،
1948 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى غۇلجىدا «شىنجاڭدا تىنچ-
لىق ۋە دېموكراتىيەنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» (قىسقارتى-
لىپ «ئىتتىپاق» دېيىلىدۇ) قۇرۇلدى، ئەخمەتجان رەئىس بول-
دى. بۇ تەشكىلات شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى زىچ ئىت-
تىپاقلىشىپ، باراۋەر، ئەركىن، بەختلىك تۇرمۇش قۇرۇشقا چا-
قىردى.
ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھ-
بەرلىرى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى
توختىماستىن يەكۈنلەپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈرەش
نىشانىنى ئېنىقلاشتۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ ئىستىبدات ھۆ-

كۇمرانلىقىغا، چوڭ خەنزۇچىلىققا، شۇنداقلا تار يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھارماي كۈرەش قىلدى. ئەخمەتجان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى دەپ قاراپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىنقىلابنى ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسى بولمىسا شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىگىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇ ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بولۇپمۇ ھەرقايسى ئازسانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇ خەلقىنىڭ ئىتتىپاق بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇ «ھەرقانداق چوڭ مىللەتچىلىك ۋە تار مىللەتچىلىك ئىدىيەسى خەلققە زىيانلىق، ئۇنىڭغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش لازىم» دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئۇ: «ھەر مىللەت خەلقىنىڭ توپ مەنپەئەتى بىردەك بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى ئەزگۈچى، ھۆكۈمران سىنىپلار مەنپەئەتى بىلەن بىرلىشەلىشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ قارايتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئوبيېكتى ھەققىدە توختالغاندا: «بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشىمىز پۈتۈن كۈچى بىلەن جۇڭگونىڭ ھاكىمىيەتلەق سىياسىتىگە، بۇ سىياسەتنى يۈرگۈزگۈچى جۇڭگو فېئودالىزمىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىگە، ئۇلارنىڭ گۇماشتىلىرى بولغان مىلتارىستلارغا، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك ئۇۋىسى بولغان ئەكسىلئىنقىلابچى گومىنداڭغا قارشى تۇرۇشى كېرەك» دېگەنىدى[1]. ئۇ 1949 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئېلان قىلغان «مىللىي مەسىلىدىكى بەزى خاتالىقلىرىمىز» ناملىق ماقالىسىدە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مىللىي مەسىلىلەردە سادىر بولغان خاتالىقلار

[1] ماھىنۇر قاسىمى: «يولداش ئەخمەتجان قاسىمى توغرىسىدا ئەسلىمە»، شىنجاڭ گېزىتى، 1979 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى سانى، 3 ـ بەت.

ئۇستىدە توختىلىپ، دادىل تەنقىد قىلىپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلار ـ
نى يەكۇنلەپ، بۇ خىل خاتالىقنى تۈزىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى
كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ: «بىزنىڭ مىللىي ئازادلىقىمىز، باراۋەر ـ
لىكىمىز ۋە ئەركىنلىكىمىز مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ دېموكراتىيە سېپىدە قېرىنداشلارچە ئورتاق كۈرەش
قىلىشى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ» دېدى. ئىنقىلابىنىڭ مەق ـ
سىتى «گومىنداڭ ۋە جاھانگىرلىكنىڭ تەسىرىدىن خالىي، ھەر
مىللەتنىڭ تولۇق باراۋەرلىكى ئاساسىدىكى يېڭى ھاكىمىيەت
قۇرۇش» دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە «شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر تەر ـ
كىبىي قىسمى، ئۈچ ۋىلايەت شىنجاڭنىڭ تەركىبىي قىسمى.
ئىلى بولسا بىز ئاپىرىدە بولغان، ئەجدادلىرىمىز كۆمۈلگەن
جاي. جۇڭگو بىزنىڭ ۋەتىنىمىز، بىزنىڭ يۇرتىمىز. بىزنىڭ
تەلەپ قىلىدىغىنىمىز ئازادلىق، ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك» دەپ
ئېيتتى[①]. 1949 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەخمەتجان
ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن چاقىرىلغان ئاكتىپ
ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا سۆز قىلىپ: «مىللىي ئازادلىق ئىنقىلا ـ
بىمىزنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرمەكچى، بارلىق مىللەتلەرنىڭ
ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولماقچى بولىدىكەنمىز، توغرا بولغان مىل ـ
لىي سىياسەت يۈرگۈزۈشىمىز، مىللىي مەسىلىلەرنى توغرا ھەل
قىلىشىمىز كېرەك. جۇڭگو كومپارتىيەسى ۋە جۇڭگو خەلق
ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ خىتابنامىسىدىن شۇنى بىلىۋالايمىز ـ
كى، مىللەتلەرگە قارىتىلغان سىياسەتنى توغرا ئىجرا قىلىش
مەسىلىسى مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق باراۋەرلىكىگە كاپالەتلىك قى ـ
لىش مەسىلىسىدۇر، جۇڭگو خەلقىنى ئازادلىققا چىقىرىمىز،
غەلىبىگە ئېرىشتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، جۇڭگودىكى مىللىي

① شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى يېزىش ھەيئىتى: «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ـ
غا ئائىت چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 185 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوللىشىمىز كېرەك» دېدى[①].

1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى يولداش دېڭ لىچۈننى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسىلىق سالاھىيىتىدە موسكۋا ئارقىلىق غۇلجىغا ئەۋەتتى. «لىچۈن تېلېگراف ئىستانسىسى» قۇرۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەتتە جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بولغان بىۋاسىتە ئالاقە ئەمەلىيلەشتى. 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىنى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى، مىللىي ئارمىيەنىڭ باش قوماندانى ئىسھاقبېك مۇنونوف(قىرغىز)، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئابدۇكېرىم ئابباسوف، مىللىي ئارمىيەنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى دەلىلقان سۇگۇربايېۋ(قازاق)، شىنجاڭ جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت، ھەمكارلىق جەمئىيىتىدىن لوجى(خەنزۇ) قاتارلىقلار تەكلىپكە بىنائەن 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى غۇلجىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىقتى. كۈتۈلمىگەندە ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ، ئايروپىلاندىكىلەرنىڭ ھەممىسى قازا قىلدى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ تەزىيە تېلېگراممىسى يوللىدى، شۇنداقلا قەبرە تېشىغا بېغىشلىما يېزىپ بەردى، ئۇلارنى «مىللىي ئازادلىق ۋە خەلق دېموكراتىيە يولىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى» دەپ مەدھىيىلىدى. ئارقىدىنلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى سەيپىدىن، ئالىمجان، تۇجىدىن ئىبارەت ئۈچ كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنى بېيجىڭدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت

① شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى يېزىش ھەيئىتى : «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئائىت چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 296 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل.

كېڭەشنىڭ 1 ـ قېتىملىق يىغىنىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتتى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان يەتتە ۋىلايەتتە ئەكسىيەتچىل باۋجىيا تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، شەھەرلەردە مەخپىي ساقچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قىلدى. يەتتە ۋىلايەت خەلقىنىڭ دېموكراتىك پائالىيەتلىرىنى باستۇرۇپ، گومىنداڭ ئىشپىيونلۇق ئاپپاراتلىرى ئارقىلىق تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى قاماقتا ئالدى. ئۇلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەش سېپىنى پارچىلاپ، خەلقنىڭ كۈرەش نىشانىنى بۇرىۋەتمەكچى بولدى.

گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن تۇرپان، پىچان ۋە توقسۇن دېھقانلىرى ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋەھشىي ھۆكۈمرانلىقى ۋە مىللىي زۇلۇم سىياسىتىگە قارشى كۈرەش قىلىشى ئۈچۈن 1949 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مىللەتلەر ئاممىسى ئارىسىدا بىر قەدەر زور تەسىرگە ئىگە ئىككى ئىلغار ياشلار مەخپىي تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرى ئۇرۈمچىدە ئۇچرىشىپ ۋە كېڭىشىپ، بىرلىشىشنى قارار قىلدى؛ ئىلغار ياش زىيالىيلاردىن مەخسۇت تېيىپوف، ھوشۇر ئېلى، نۇسرەت شەھىدى، تۇرسۇن بۇرھان، يۇسۇپ سەئىدى ۋە مۇقاش، بولانتاي قاتارلىقلار بىرلىكتە مەخپىي ئىنقىلابىي تەشكىلات ــ «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلقچىللار بىرلىكى»نى قۇردى. ئۇلار ھەر مىللەت ياشلىرىنى ئىتتىپاقلىشىشقا چاقىردى. ئۇلار بەلگىلىگەن نىزامنامىدە، يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىشتا مىللەت، جىنس، كەسىپ چەكلىمىسى قويۇلمايدىغانلىقى، ئەمما چوقۇم ئىنقىلابىي روھقا

ئىگە، ئىرادىلىك ياشلاردىن بولۇشى كېرەكلىكى تەكىتلەندى. ئۇلار 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلغۇچى ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كۇنسېرى كۈچىيىۋاتقان فاشىستلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، ئۇلار «خەلق دېموكراتىيەسىنى كېڭەيتىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار ئاق تېررورلۇق ئاستىدىمۇ قۇربان بېرىشتىن قورقماي، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىغا قارشى جان تىكىپ كۈرەش قىلدى. ئۇلار ئۆز ئورۇنلىرىدا ئۇنۇملۈك خىزمەت قىلىپلا قالماي، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش خىزمەتلىرىگىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشتى. «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلقچىللار بىرلىكى» ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقلىرىگە ئازاد رايونلارنىڭ ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئۇتۇقلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تونۇشتۇردى. ئۇلار گىرەمدە ئۆزلىرىنىڭ باسمىخانىسىنى قۇرۇپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت تىللىرىدا نۇرغۇن تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى يېزىپ تارقاتتى. ئۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن كۆپلىگەن تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ئۈچ ۋىلايەتكە بېرىپ ئىنقىلابقا قاتناشتى[1].

1948 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، قۇدرەتلىك جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى كەينى ـ كەينىدىن لياۋشېن ئۇرۇشى، خۇەيخەي ئۇرۇشى، پىڭجىن ئۇرۇشىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئۇرۇشنى قوزغاپ، گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقىتىپ، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى گۇمران بولۇپ، پارچىلىنىشقا باشلىدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسى

---

① بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، 346 ــ 349 ـ بەتلەر، تارىخ ماتېرىياللىرى نەشرىياتى، 1984 ـ يىل.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنى ئىلگىرى سۈردى. مەسئۇد ھۆكۈمىتىگە قارشى كۈرەش شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۈنسېرى ئەۋج ئالدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پۈتۈنلەي گۇمران بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، 1949 ـ يىل 1 ـ ئايدا مەسئۇدنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە، تەرەققىيپەرۋەر زات بۇرھان شەھىدىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەشكە مەجبۇر بولدى. يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر قەدەر ئىلغار تەدبىرلەرنى قوللاندى، مەسىلەن، مەسئۇد ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى ئوپئوچۇق ئەكسىيەتچىل سىياسەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ھەمكارلىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۆلكىلىك سودا شىركىتىنى تەشكىل قىلىش، گومىنداڭ تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدىكى سودىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، دېگەندەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بەزى مۇھىم ئورۇنلىرىدىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئورنىغا مەخپىي ئىنقىلابىي تەشكىلات «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلقچىللەر بىرلىكى»نىڭ مەسئۇللىرىنى ۋە غوللۇق ئەزالىرىنى قويدى. مەسىلەن، ئۇيغۇر ـ قازاق تىللىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى»گە ئىلغار ياش زىيالىي ھوشۇر ئېلى باشلىق بولدى. ئۇ گېزىتخانىنى رەتكە سېلىپ، گېزىتنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلاپ، ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» گە ئىلغار ئاخبارات ئاگېنتلىقلىرىنىڭ خەۋەرلىرىنى ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ ماقالىلىرىنى باستى. يەنە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلقچىللەر بىرلىكى»نىڭ يەنە بىر مەسئۇلى نۇسرەت شەھىدىنى ئۆلكىلىك كادىرلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا، ھوشۇر

www.uyghurkitap.com

مۇسانى ئۇرۇمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلقچىللەر بىرلىكى»دىكى ھەر مىللەتتىن بولغان ئىنقىلابچىلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى ۋە تەرەققىياتى يولىدا، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تۆھپىسىنى قوشتى.

1949 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ۋەتەننىڭ غەربىي شىمالىغا غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەۋاتقان جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ھۇجۇمچى قىسمى شىنجاڭنىڭ دەرۋازىسىنى چېكىشكە باشلىدى. ۋەزىيەت گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەمۇرىي، ھەربىي خادىملىرىنى نەگە بېرىپ، نەدە توختاش مەسىلىسىدە تاللاشقا مەجبۇر قىلدى. 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى دېڭ لىچۈن ئۈرۈمچىگە مەخپىي كېلىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا بۇرھان شەھىدى، تاۋ سىيۆ قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ، جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئويىنى يەتكۈزدى. 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرى گارنىزون قوماندانى تاۋ سىيۆنىڭ باشچىلىقىدا تېلېگرامما يوللاپ، ئىسيان كۆتۈرۈپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن ئايرىلغانلىقىنى جاكارلىدى. 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى بۇرھان شەھىدى باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتمۇ ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسىنى ئېلان قىلدى. شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى.

1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى بېيجىڭدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ بېيجىڭ تيەنئەنمېنىدا پۈتۈن مەم-

لىكەت خەلقىگە، شۇنداقلا پۈتۈن دۇنياغا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇ-رىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەنتەنىلىك جاكارلىدى. 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى بۇيرۇقىغا بىنائەن شىنجاڭغا كىردى. 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئىلغار قىسمى شىنجاڭنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىگە كىردى؛ 10 - ئاينىڭ ئاخىرى خەلق ئازاد-لىق ئارمىيەسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭدى-كى ھەر قايسى مۇھىم شەھەر - بازارلارغا ئورۇنلاشتى. 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوراللىق قىسمى — مىللىي ئارمىيە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ خەلق ئازادلىق ئار-مىيەسى بىلەن غەلىبىلىك ئۇچراشتى. 1950 - يىلى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مىللىي ئارمىيە خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 5 - كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى①.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭدا جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ شىنجاڭدىكى شۆبە بىيۇروسىنى تەسىس قىلدى ھەمدە شىنجاڭ-نىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كەينى - كەينىدىن پارتىيەنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيەتلىرىنى پائال تۈردە قۇرۇپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارنى قانات يايدۇردى ۋە خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىدى. 1949 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىل-لەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرىدىن تەشكىل تاپقان ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى، بۇرھان شەھىدى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولدى.

① شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى يېزىش ھەيئىتى: «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئائىت چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 356 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل.

ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى يولغا قويۇشتا ئېنىق قىلىپ: «شىنجاڭدىكى ھەممە مىللەت باپبارا-ۋەر، مىللەتلەر ئارا ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق يولغا قويۇلىدۇ، مىللەتلەر ئىچىدىكى خەلق دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇلىدۇ، چوڭ مىللەتچىلىك ۋە تار مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇلىدۇ. مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل - يېزىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەت، دىنىي ئېتىقادىنى ساقلاش ۋە تە-رەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە. مىللەتلەر ئوتتۇرىسى-دىكى ھەر قانداق مىللىي كەمسىتىش، مىللىي زۇلۇم، قىساس-خورلۇق، ئۆچمەنلىك ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان قىلمىشلار مەنئى قىلىنىدۇ» دەپ ئېلان قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن تارىختىن بۇيان ئەكسىيەتچىل ھۆ-كۈمرانلار يۈرگۈزۈپ كەلگەن مىللىي زۇلۇم سىياستى ئۇ-زۇل - كېسىل بىكار قىلىنىپ، ھەممە مىللەتنىڭ باراۋەرلىكى-گە ۋە ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قى-لىندى.

ئۇيغۇر ۋە شىنجاڭدىكى باشقا ھەر مىللەت خەلقىنى ھەقى-قىي تۈردە قەد كۆتۈرۈپ، ئازاد بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قى-لىش، فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقىتىش ئۇ-چۇن، 1950 - يىلىدىن باشلاپ خەلق ھۆكۈمىتى باۋجيا تۈزۈ-مىنى بىكار قىلىپ، يېزىلاردا يېزىلىق، كەنتلىك خەلق ھاكى-مىيەتلىرىنى قۇردى. 1950 - يىل 1 - ئايدا، جۇڭگو كومپارتى-يەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى پۈتۈن شىنجاڭنى ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئىلىدىن ئىبارەت ئۈچ رايونغا ئايرىدى. شۇ يىلى 7 - ئايدا، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 5 - كورپۇس (ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى مىللىي ئارمىيە) پارتكومى قوشۇمچە ئىلى رايونلۇق پارتكوم بولدى. خەلق ئازاد-لىق ئارمىيەسى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ھەمكارلىشىشى بى-

لەن ئۈچ رايونلۇق پارتكوم، 10 ۋىلايەتلىك پارتكوم، 80 ناھىيە- لىك پارتكوم، 500دىن ئارتۇق رايونلۇق كومىتېت قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ يار- دىمىدە، كەڭ ئۇيغۇر رايونلىرىدا ۋىلايەتلىك، ناھىيەلىك، شە- ھەرلىك، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرى قۇرۇلدى. يېڭى ھاكى- مىيەت قۇرۇش جەريانىدا، ھەر قايسى جايلاردا ئومۇميۈزلۈك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، دېھقانلار ئۇيۇشمىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ياشلار بىرلەشمى- سى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارمۇ قۇرۇلدى.

1952 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن باشلاپ جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بىيۇروسى ۋە ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدا يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ھەرىكەت 1953 ـ يىلى قىشتا ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى. خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە، پۇل ـ مۇئامىلە ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىشتا، ئاۋۋال مەركەز- نىڭ مالىيە ـ ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، تېزلىكتە پۇل پاخاللىقى، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدەك ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتتى. شۇنداقلا شىنجاڭدا خەلق پۇلى تارقىتىلىپ، باشقا پۇللار ئوبوروتتىن توختىتىلدى، بازارلار مۇقىملاشتۇرۇلدى.

يېڭىدىن قۇرۇلغان خەلق ھاكىمىيىتى ھەر مىللەت خەلقى- نىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىدىكى قالاق ھالەتنى تېزلىكتە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلار- نى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەسلىدىكى مائارىپ، مە- دەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنى ۋە سەھىيە ـ داۋالاش ئاپپاراتلىرى- نى تەرتىپكە سالدى، يۈكسەلدۈردى. مائارىپ سىستېمىسىدا نۇقتىلىق ھالدا مائارىپ ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، كونا مائارىپ تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، يېڭىچە مائارىپ تۈزۈمىنى بەرپا قىل-

ـدى. شـنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى (بۇ ـ گۇنكى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بۇرۇنقى نا ـ مى) تۆت ئاي تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق 1952 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئوقۇش باشلىدى. بۇ ئالىي بىلىم يۇرتى ئو ـ قۇش باشلاش بىلەنلا ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، بىرىنـ ـ چى قارارلىق كۇرسقىلا 5 ـ كورپۇسنىڭ 70 تىن ئارتۇق ئەسـ ـ كىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇرلاردىن يۇقىرى دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ئىختىساسلىقلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا ئاساس سېلىپ بەردى. يېڭى قۇرۇلغان خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ سەھىيە ـ داۋالاش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور مىقداردىكى ئادەم كۈچى ۋە مالىيە كۈچى سەرپ قىلىپ، ئەسلىـ ـ دىكى داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، سەھىيە ـ داۋالاش خادىملىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى. بولۇپمۇ يەرلىك مىللەتلەردىن بولغان سەھىيە خادىملىرىنى تەربىيەلەپ، ئۈز ـ لۈكسىز سەييارە داۋالاش ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ ئۇيغۇر رايونلىرىغا ئەۋەتىپ، سەھىيە تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇردى. ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ھەر مىللەت خەلقىگە ئالدىنى ئې ـ لىش ۋە داۋالاش ئىشلىرىنى ھەقسىز ئېلىپ بېرىپ، كېسەلنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يامراپ كېتىشىنى ئازايتتى.

ئۇيغۇرلار رايونىدا خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى بىلەن، ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ـ نىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشى دەسلەپكى قەدەمدە ياخشىلاندى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سوتسىيالىزمغا قاراپ قەدەم تاشلاش قىزغىنـ ـ لىقىغا زور دەرىجىدە ئىلھام بەردى. 1953 ـ يىلى كەڭ ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى بارلىققا كەلدى. 1954 ـ يىلى جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىـ ـ تېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىنى راۋاجلاندۇ- رۇش توغرىسىدىكى قارارىنىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ھەر مىللەت دېھقانلىرىنى يېزا ئىگى- لىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش يولىغا مېڭىشقا يېتەكلىدى.

1952 ـ يىل 9 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مىللىي تېر- رىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش تەييارلىق ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنى ئومۇملاشتۇ- رۇشنىڭ تۈرلۈك كونكرېت خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. ھەيئەت ئالدى بىلەن ھەر قايسى جايلارنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر تەكشۈ- رۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى، شۇنداقلا مىللىي رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي، تارىخىي ئەھۋالى ۋە مىللىي مۇناسىۋەتلەرگە ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ئىگە- لەپ، ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونوم جايلارنى قۇرۇشنىڭ لايىھەسىنى ئىشلەپ چىقتى. كەڭ كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى كۈچلۈك تەشۋىق قىلدى، ھەر مىللەت ۋەكىللىرىنى تەكلىپ قىلىپ تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇشتىكى ئاساسىي مە- سىلىلەر ھەققىدە ئەتراپلىق پىكىرلەشتى. تېررىتورىيەلىك ئاپ- تونومىيە كادىرلىرى كۇرسى ئېچىپ، ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر خىزمەتلەرنى ئىشلەيدىغان بىر تۈركۈم تايانچ كادىرلارنى يېتىشتۈردى. 1953 ـ يىلى قىشتىن باشلاپ، كەينى ـ كەينى- دىن موڭغۇل، خۇيزۇ، قازاق، قىرغىز، تاجىك، شىبەدىن ئىبا- رەت ئالتە مىللەتنىڭ ئاپتونوم ناھىيەسى ۋە بەش ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلدى. ناھىيەلىك، ئوبلاستلىق ئاپتونومىيە ئور- گانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ئۆلكە دەرى- جىلىك ئاپتونومىيەلىك جاينى قۇرۇش ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردى. 1955 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دۆلەت قۇرۇلغانلىقىغا ئالتە يىل تولغان بايرام كۈنىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر

ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى، سەيپىدىن ئەزىزى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنى تەشكىل قىلغانلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار خېلى سالماقنى ئىگىلىدى، ئاساسلىق رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىگىمۇ ئۇيغۇرلار تەيىنلەندى. ئۇيغۇرلار مەملىكىتىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش پۈتكۈل دۆلەتنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا پائال قاتناشتى. ھەر دەرىجىلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ خەت - ئالاقىلىرىدە ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرى ئىشلىتىلىدىغان بولدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت - مائارىپ، مالىيە ئىشلىرىدىمۇ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنىڭ پىرىنسىپى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلدى. ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ فاڭجېنى، سۈرئىتى ۋە چارىلىرى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارزۇسى ۋە ئالاھىدە ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلەندى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەركەزنىڭ فاڭجېنى، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرىدىغان چاغدا، مەركەز تەرىپىدىن جانلىق ئىجرا قىلىش ھوقۇقى بېرىلدى. مالىيەدىمۇ ئېتىبار بېرىلدى. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. شىنجاڭ گېزىتى، شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى قاتارلىق ئاخبارات، رادىيو، مەتبۇئات ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇرلاردىن تەھرىر، مۇخبىر ۋە باشقۇرغۇچى خادىملار بار بولدى. ئۇلار ھازىرمۇ ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا گېزىت - ژۇرنال، كىتابلارنى نەشر قىلىپ تارقىتىۋاتىدۇ، شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى ئۇيغۇر تىلىدا ئاڭلىتىش بېرىۋاتىدۇ. مائارىپ ئىشلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش

مىللەتلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەش بولماقتا. ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلىرى مىللىي پېداگوگىكا مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن زور خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

# 7. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيىتى

## يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى

ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ناھايىتى بۇرۇنلا مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچۈپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى ساھەسىدە ئۆزگىچە ئىجادىيەت ۋە كەشپىياتلارنى ياراتقان، بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىلىم ـ پەن خەزىنىسىنى بېيىتىپ، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

شىنجاڭ دۆلىتىمىز بويىچە كېۋەز ئەڭ بۇرۇن تېرىلغان ۋە ئىشلىتىلگەن جايدۇر. ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار ۋە بىر قىسىم ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، يەنى 5 ـ ، 6 ـ ئەسىرلەردىلا تۇرپاندا پاختا ۋە پاختا توقۇلمىلار ئىشلىتىلگەنىدى، شۇنداقلا مەھسۇلات مىقدارى ۋە توقۇمىچىلىق كەسپى بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە ئىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، يەنى 7 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە تۇرپاننىڭ پاختا ۋە توقۇمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلدى. بىر قىسىم ۋەسىقىلەردە قوچو رايونى تەمىنلىگەن پاختىدىن توقۇلغان خالتىلارنىڭ يۇڭجۇ(باش مەھكىمىسى چاڭئەندە) دىكى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان ئەسكەرلەرگە ھەربىي لازىمەتلىك سۈپىتىدە بېرىلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. بۇ تۇرپاننىڭ كېۋەز تېرىقچىلىقى ۋە پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ بۇرۇندىنلا تەرەققىي تاپقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ

بېرىدۇ. 1956 ـ يىلى مارالبېشى ناھىيەسى توققۇزساراي خارا-بىسىدىن قېزىۋېلىنغان 9 ـ ئەسىرگە تەۋە پاختا، شۇنداقلا گۈللىرى كۆركەم، كۆك ـ ئاق گۈللۈك توقۇلما بويۇملارلا باي-قىلىپ قالماستىن، بەلكى يەنە بىر قىسىم چىگىتمۇ تېپىلغان. گۈللۈك پاختا توقۇلمىلار سۈپەت جەھەتتىن قوپال بولۇپ، كۆك رەڭلىك تەگلىككە مۇشۇ خىل رەڭلىك پاختا يىپ ئارقاق قىلىد-نىپ گۈل چىقىرىلغان. ئېنىقكى، بۇ تىك شەكىللىك دەستى-گاھتا توقۇپ چىقىرىلغان. بۇ خىل دەستىگاھ ۋە توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى بۈگۈنگە قەدەر جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى نۇرغۇن جايلاردا ساقلانماقتا. شىنجاڭ ئەڭ بۇرۇن كىرگۈزگەن ۋە ئۇزاق مەزگىل تېرىپ ئۆستۈرگەن كېۋەز— ئافرىقا كېۋىزى-دۇر. بۇ سورت بالدۇر پىشىشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە بولغاچقا، شىنجاڭدا ئۆستۈرۈشكە ماس كېلەتتى. شۇڭا بۇ خىل كېۋەز كەڭ ئۆستۈرۈلۈپ، بۇ رايونلاردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخ-شىلاشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ كېۋەز تې-رىش ۋە پاختا توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى مەملىكىتىمىز يېزا ئىگىلىكى ۋە توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىغا قوشقان چوڭ تۆھپىد-لىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

تەبىئىي شارائىتنى چىقىش قىلغاندا، ئۇيغۇرلار ئول-تۇراقلاشقان كۆپ قىسىم جايلار دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىل-دۇرۇشنىڭ ئەۋزەل شارائىتلىرىغا ئىگە ئىدى. شۇڭا چىڭ سۇلا-لىسى دەۋرىدە بۇ رايونلارنىڭ دېھقانچىلىقىدا ناھايىتى كۆپ خىل مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلغان. شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بۇغداي، پاختا، ئاق قوناق، شال، كۆممىقوناق، يالىڭاچ ئارپا، كۇنجۇت، كەندىر ۋە پۇرچاقلارنى ئاساس قىلىدۇ. مېۋە ـ چېۋىلەردىن ئۈزۈم ناھايىتى داڭلىق بولۇپ، ئېلىمىز-نىڭ غەربىي شىمالىدىكى «ئەڭ»لەردىن ھېسابلىنىدۇ. «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم» ناملىق كىتابتا «تۇرپاندىن

دانلىق زىرائەت بوغداي، زىغىر چىقىدۇ. قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈمـ-
نىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، ھەم ناھايىتى ئېسىل بولۇپ، غەربىي
يۇرتتا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. تۇپرىقى مۇنبەت، پاختا ۋە
پۇرچاقلىرىمۇ ياخشى» دېيىلگەن. تۇرپاننىڭ ئەھۋالى مۇ-
شۇنداق، باشقا بوستانلىقلاردىكى ئەھۋالمۇ ئۇنىڭدىن ئانچە
پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ.

شىنجاڭ مەملىكىتىمىزدىكى داڭلىق مېۋە - چېۋە ئىشـ-
لەپچىقىرىدىغان جايلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزدىكى مېـ-
ۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئەڭ چوڭ بازا بولۇپ، قەدىمـ-
دىن «مېۋە - چېۋە ماكانى» دېگەن نامى بار. ئۇزۇن يىللار مابەيـ-
نىدە، ئۇيغۇر خەلقى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە مەملىكەت
ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق نۇرغۇن ئەلا سورتلارنى يېتىشتۈردى
ۋە ئۆستۈردى. قومۇل ۋە پىچاننىڭ قوغۇنى، تۇرپاننىڭ ئۇرۇقـ-
سىز ئاق كىشمىش ئۈزۈمى، كورلىنىڭ نەشپۈتى، قاغىلىقنىڭ
ئانارى، كۇچانىڭ ئۆرۈكى، ئاتۇشنىڭ ئەنجۈرى، غۇلجىنىڭ ئالـ-
مىسى ۋە قەشقەرنىڭ بادىمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كاتتا
شۆھرەتكە ئېرىشكەنىدى.

ئۈزۈم تۈرلىرىدىن كىشمىش، مۇناقى، قىزىل سايۋا، قاشـ-
قىرى، غۇنچە ئۈزۈم قاتارلىقلار بار. بۇ تۈرلەرنىڭ بەزىلىرى
مەرۋايىتتەك پارقىراق، بەزىلىرى زۇمرەتتەك يېشىل بولۇپ،
جەمئىي 50 خىلدىن ئارتۇق سورتى بار. ئۇرۇقسىز ئاق كىشـ-
مىشنىڭ پوستى نېپىز، گۆشى تەملىك، ئۆزى بالدەك تاتلىق
بولۇپ، شېكەر مىقدارى 24%تىن ئارتۇق، شۇنداقلا ئوزۇقلۇق
ماددىلار مول. قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ شېكەر مىقدارى 75% -
80%كە يېتىدىغان بولۇپ، خەلقىنىڭ ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىـ-
لىشىغا نائىل بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. پىچاننىڭ چۆنەك تارتىپ تەك
ئۆستۈرۈش، شېخىنىلا يەرگە قەلەمچە قىلىپ تىكىپ كۆپەيـ-
تىش، تەكنى يەرگە كۆمۈش قاتارلىق تېخنىكا ۋە تەدبىرلىرى

يەرلىك مۇھىت ۋە كىلىمات شارائىتىغا ماسلىشىش يۈزىسىدىن شەكىللەنگەن ئۈزۈم ئۆستۈرۈشتىكى تەجرىبىلەردۇر.

قومۇل ۋە پىچان قوغۇنلىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، پوستىغا ئاساسەن تورلىشىدىغان قوغۇن ۋە تورلاشمايدىغان قوغۇن دەپ ئىككىگە؛ پىشىش مەزگىلىگە ئاساسەن بالدۇر پىشار قوغۇن، يازلىق قوغۇن ۋە كۈزلۈك قوغۇندىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغان ئەلا سورتلاردىن ئايسىخان كۆكچى، قارىقاش، مىجىگەن ۋە ئاق تورلاش قاتارلىقلار بار. قوغۇننىڭ ئۆستۈرۈلۈش تارىخى ئۇزۇن، قوغۇنچىلارنىڭ يەرنى رەتلەش، ئوغۇتلاش، ئۇرۇق بىرتەرەپ قىلىش، ئۇرۇق سېلىش، توپا يۆلەپ پېلەكنى كونترول قىلىش، سۇغىرىش، پېلەكنى رەتلەش، ئۈچىنى ئۈزۈشتىن تارتىپ يىغىش، ئۇرۇقلۇق ئېلىش، قوغۇن قېقى ياساشقىچە بولغان جەرياندا بىر يۈرۈش تېخنىكىسى بار. پىچاننىڭ ھوڭ قوغۇنى ئەڭ ياخشى سورتلارنىڭ بىرى بولۇپ، شور تەركىبى نىسبەتەن يۇقىرى يەرلەردە ئۆستۈرۈلىدۇ، سۇغىرىش ھاجەتسىز بولۇپ، پۈتۈنلەي تەرەققىي قىلغان يىلتىزىغا تايىنىپ يەر ئاستى سۈيىنى سۈمۈرۈپ مايسىغا نەملىك يەتكۈزىدۇ ۋە ئۆسۈپ مېۋە بېرىدۇ. ئۆسۈش ئالاھىدىلىكى مۇشۇنداق بولغاچقا، يەرلىك قوغۇنچىلار ئۇنى «سۇ كۆرمەيدۇ، سۇدىن ئايرىلمايدۇ» دېيىشىدۇ. شۇڭا، قوغۇن چوڭ ھەم تاتلىق بولسۇن ئۈچۈن، چوقۇم بەلگىلىك يەر ئاستى سۈيى ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىش زۆرۈر.

ئۇيغۇرلار ئۆستۈرۈپ يېتىشتۈرگەن ياڭاقنىڭ تۈرى خېلى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى قەغەز ياڭاق، چىلگە ياڭاق قاتارلىق سورتلار بار. بۇ ياڭاقلار ئومۇمەن پوستى نېپىز، مېۋىسى چوڭ، ماي تەركىبى يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. مەسىلەن، «مايلىق ياڭاق»نى قول بىلەن مىجىپ مېيىنى چىقارغىلى بولىدۇ. ماي مىقدارى 79% ئەتراپىدا بولۇپ، خاسىڭ، كۈنجۈت،

www.uyghurkitap.com

قىچىنىڭكىدىن يۇقىرى، شۇنداقلا ماي تارتىشتىكى ياخشى خام ئەشيا ھېسابلىنىدۇ. بەزى ياڭاق دەرىخىنىڭ بىر تۇپىدە بىر تۇمەنگە يېقىن ياڭاق بولىدۇ ۋە يىلمۇيىل مېۋە بېرىدۇ.

شىنجاڭنىڭ سۇ مەنبەسى مول. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سۇدىن پايدىلىنىش ئۇسۇلىنى ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرى، ئېرىق - ئۆستەڭ ياساپ تاغدىن ئېرىپ كەلگەن قار سۈيىدىن پايدىلىنىش؛ يەنە بىرى، كارىز كولاپ يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىش.

كارىز شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار رايوندىكى ئالاھىدە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدۇر. كارىزنىڭ سۇ مەنبەسى قارلىق تاغلاردىكى تاغ ئېتەكلىرىدىن ئۆتۈپ، شېغىل قاتلىمىغا سىڭىپ كىرگەن يوشۇرۇن ئېقىم ياكى يەر ئاستى سۈيىدىن ئىبارەت. كارىز ئادەتتە ئۈچ بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ: بىرى، تەشمە (توغرا ئېرىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بولۇپ، يەر ئاستىدىكى سۇنى يىغىدىغان ۋە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان يول ھېسابلىنىدۇ. يەر ئاستى سۈيى تەشمىگە ئېقىپ چىقىپ، تەشمە ئارقىلىق ئىشلىتىلىدىغان جايغا ئېقىپ بارىدۇ. ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىرغا يەتمەيدىغانلىرىدىن تارتىپ 10 كىلومېتىردىن ئاشىدىغانلىرىغىچە بار بولۇپ، ئوخشاش بولمايدۇ. سۇنىڭ سىڭىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بەزىدە ئاستىغا يۇڭ ئەديال سېلىنىدۇ. كارىزنىڭ ئىككىنچى بۆلىكى يەر ئۈستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تىلما بولۇپ، سۇ باشلاپ ئېتىز سۇغىرىشتا ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتا سۇ ئىشلىتىشتە پايدىلىنىلىدۇ. ئۈچىنچى بۆلىكى قۇدۇق ياكى تىك قۇدۇق، ۋېرتىكال قۇدۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قۇدۇق بولسا يەر يۈزىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ كولىنىدۇ. تەشمە تېشىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن قۇدۇق قېزىش زۆرۈر بولۇپ، يەر ئاستى سۇ ئورنىنى بىلىش ۋە تەشمىنىڭ تېشىلىش ئورنىنى بېكىتىشكە ياردەم بېرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەشمە قازغان ۋاقىتتا، چىد-

قىش ئېغىزى ۋە ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئېغىزى سۈپىتىدە ئىشلە-تىلىدۇ. قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى تەشىنىڭ يەر يۈزىدىن ھې-سابلانغان چوڭقۇرلۇقىغا تەڭ بولمايدۇ، چوڭقۇرلىرى 100مې-تىر، تېيىزلىرى بولسا ئاران 10مېتىر كېلىدۇ. قۇدۇقلار ئارى-سىدىكى ئارىلىقلارمۇ تەكشىسىز بولۇپ، قۇدۇق ئېغىزى تاش ياكى دەرەخ شېخى، قومۇش پاخىلى قاتارلىقلار بىلەن يېپىپ قويۇلىدۇ.

كارىزلارنىڭ سۇ مىقدارى كۆپرەكلىرى كۈنىگە 60 مودىن كۆپرەك يەرنى، سۇ مىقدارى ئازلىرى بولسا كۈنىگە بىر نەچچە مو يەرنى سۇغىرالايدۇ. كارىز ئارقىلىق يەر ئاستى چوڭقۇر قات-لىمىدىكى يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. كارىزنىڭ قۇرۇلۇشى بىر قەدەر ئاددىي، ئىشلىتىلىش ئۆمرى ئۇزۇن، سۇ يولى يەر ئاستىدا بولغانلىقتىن، پارلىنىش ئاز، شۇنداقلا سۇ يولىنىڭ قۇم - بوراندا كۆمۈلۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. كارىز شۇ يەردىكى تەبىئىي شارائىتقا ئىنتايىن باب كېلىدۇ. شىنجاڭدا تەخمىنەن 1600دىن كۆپرەك كارىز بار بو-لۇپ، ئاساسلىقى تۇرپان - قومۇل ئويمانلىقىغا تارقالغان. شىنجاڭدىكى كارىزلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 5000 كىلومېتىر. بەزىلەر كارىزنى سەددىچىن سېپىلى ۋە بېيجىڭ - خاڭجۇ قانىلى بىلەن قوشۇپ «ئېلىمىزدىكى ئۈچ بۈ-يۈك قۇرۇلۇش» دەپ قارايدۇ.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر ئاگرونوم لۇ مىڭشەن يازغان «دېھقانچىلىق ۋە پىلىچىلىك ئاساسلىرى»(«تې-رىقچىلىق - پىلىچىلىك قامۇسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ناملىق كى-تاب ئېلىمىزنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۈچ مۇھىم يېزا ئىگىلىك دەستۇرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ «ئاي ھەم مەۋسۇم»(دېھقان-چىلىق كالېندارىدىكى ھەر قايسى ئايدىكى كىلىمات ۋە فېنولو-گىيە) بويىچە يېزىلغان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى چو-

www.uyghurkitap.com

شەندۇرۇلگەن ئەڭ قەدىمىي يېزا ئىگىلىك قامۇسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى خېلىلا كەڭ بولۇپ، تېرىقچىلىق، سۇ ئىنشائاتى، مېتېئورولوگىيە، ئوتياش، مېۋىلىك دەرەخ، بامبۇك، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر، ئۈجمە پىلىسى، ھەسەل ھەرىسى بېقىش، چارۋىچىلىق، ئېچىتىش، شۇنداقلا يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ بىر يىل 12 ئاي بويىچە ئاينى تۇتقا قىلىپ، ھەرئايدا قىلىنىشقا تېگىشلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق تارماقلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنى بىر - بىرلەپ رەتكە تۇرغۇزغان، شۇنداقلا ھەربىر تۈردىكى دېھقانچىلىق ئىشلىرىدىن كېيىن، كونكرېت ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرغان. تىلى ئاددىي ۋە يىغىنچاق، ئاممىباب ھەم چۈشىنىشلىك. لۇ مىڭشەن ئۆز ئەسىرىدە ئاي ھەم مەۋسۇم بويىچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا زىرائەتلەرنى ئۇرۇق تاللاش، تېرىش، ئوغۇتلاش، سۇغىرىش، باشقۇرۇش، ئۇلاش ۋە ساقلاش قاتارلىق تەرەپلىرىنى بايان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىكى ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسىنى، قەدىمدىن تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسىنى قوبۇل قىلىش ۋە يەكۈنلەشكە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى خۇلاسىلەپ چىققان. بۇ كىتاب ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

## ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تېبابىتى

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تەجرىبە توپلاپ، ئۆزگىچە داۋالاش نەزەرىيەسى ۋە

ئەمەلىي مىللىي ئەنئەنىۋى دورىگەرلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ كىشىلەر تەرىپىدىن «ئۇيغۇر تىبابىتى» دەپ ئاتالغان.

قەدىمدە ئۇيغۇر خەلقى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا بولغاچقا، ھەر ۋاقىت تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ تەھدىتىگە ۋە ھاۋارايى ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايتتى. شۇڭا ئۇلار خېلى بۇرۇنلا ئەتراپىدىكى ئۆسۈملۈكلەر ياكى تەبىئىي مەنبەلەردىن پايدىلىنىپ ئادەتتىكى ئاغرىق ـ سىلاقلارنى داۋالاش ۋە بىر تەرەپ قىلىشنى بىلەتتى. ئالايلۇق، كىشىلەر سامساق شىرنىسى بىلەن شۇمشىنى يۇت ـ قوللارغا سۈرۈپ، زىيانداش ھاشاراتلاردىن مۇداپىئە كۆرگەن. جۇڭگو تىبابىتىنىڭ قەدىمىي كىتابى «پادىشاھىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر دەستۇرى»دىمۇ غەربىي رايوندىكى خەلقلەرنىڭ بەزى كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبى ۋە داۋالاش ئۇسۇلىنى ئاللىبۇرۇنلا ئىگىلىگەنلىكى خاتىرىلەنگەن.

ئىپتىدائىي ئۇيغۇر تىبابىتىدە ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات ئورگانىزمىدىن دورا ياسالغاندىن باشقا، كۆپىنچە ئەپسۇن بىلەن بەزى كېسەللىكلەرنى داۋالىغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلار شىمالىي چۆللۈكتىكى ۋاقىتتا شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. شامان ئەقىدىسى بويىچە، كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسى جىن چاپلاشقاندىن كېلىپ چىقىدىغان بولۇپ، پەقەت شامان پېرىخۇنلىرىنى چاقىرىپ كېلىپ جىننى قوغلىۋەتكەندىلا، كېسەللىك مەنبەسىنى يوقىتىپ، بىمارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولىدىكەن. بۇ خىل شامانىزمچە داۋالاش ئەنئەنىسى تا ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇرلار رايونىدا ئېقىپ يۈرىدۇ[1].

قوچو ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ تە-

---

① مەنبەلىت: «ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىزلاردا شامان دىنى تەكشۈرۈش»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى مىللەتشۇناسلىق ئىشخانىسى تۈزگەن «مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر ۋە شامان دىنىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى»، 223 ـــ 238 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993 ـ يىل.

سىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. تېپىلغان تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇر تېبابىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەنزۇ تېبابىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يېقىن شەرق تېبابىتىدىكى نۇرغۇن ئېلېمېنتلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزگىچە خاسلىق ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە تېببىي نەزەرىيە ۋە داۋالاش ئەمەلىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شىنجاڭغا كىرگەن خەنزۇ تېبابىتى نەزەرىيەسى ۋە ھىندى تېبابىتى نەزەرىيەسى ئۇيغۇر تېبابىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە سىستېمىلاشتۇرۇش جەريانىدا مۇھىم رول ئوينىغان. گېرمانىيە تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1905 — 1907 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى خارابىلىكىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى خىل تېببىي ۋەسىقىنى تاپقان، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ماتېرىيالنىڭ مەزمۇنى 41 خىل كېسەللىك تەشخىسى ۋە كېسەللىك ئالامىتىگە چېتىلىدۇ. كېسەل داۋالايدىغان ھەر خىل ھايۋانات دورىلىرى، ئۆسۈملۈك دورىلىرى، مىنېرال دورىلار ۋە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن دورىلار جەمئىي 92 خىل. دورا ئارقىلىق كېسەل داۋالىغاندىن سىرت، ئۇيغۇرلار يېمەك ـ ئىچمەكنىمۇ دورىلىق دەپ بىلىپ، بەزى كېسەللەرنى يېمەكلىك ئارقىلىق داۋالىغان ياكى بەدەن قۇۋۋەتلەندۈرگەن. بۇ خىل يېمەك ـ ئىچمەك ئارقىلىق كېسەل داۋالاشتىن ئىبارەت ئەنئەنە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، ئادەتتىكى ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىر قىسىم يېمەك ـ ئىچمەك ئارقىلىق داۋالاش ساۋاتلىرىنى بىلىدۇ.

ئۇيغۇر تېبابىتى نەزەرىيەسى پەلسەپەۋى كۆزقاراشنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئانىمىزم (ھەممە شەيئىلەردە روھ بولىدۇ، دەپ قارايدىغان نەزەرىيە) بىلەن ئالەمدىكى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇش، ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىنى چۈشەندۈرگەن بولۇپ، تەبىئەت دۇنيا-

سىدىكى ئوت، هاۋا، سۇ ۋە تۇپراقنىڭ شەيئىلەرنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ياشاش مۇھىتى، يەر شارىدىكى جانلىق ۋە ماددىلارنىڭ كېلىش مەنبەسى، ھەتتا ئادەم بەدىنى گىرىپتار بولغان ئاغرىق - سىلاقلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۆت چوڭ ئامىل بولغان ئوت، هاۋا، سۇ ۋە تۇپراق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتى بار. بۇ خىل قاراش تەرەققىي قىلىپ تۆت چوڭ ماددا تەلىماتىغا ئايلىنىپ، ئۇيغۇر تىبابىتى نەزەرىيەسىنىڭ ئۇلى بولۇپ قالغان. ئۇيغۇر تىبابىتى بۇ تۆت چوڭ ماددا ئادەم بەدىنىدە تۆت خىل ئالامەتنى، يەنى ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل، قۇرۇقتىن ئىبارەت ئالامەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئالامەتلەر ئادەم بەدىنىگە نىسبەتەن كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ، ناۋادا ئادەم بەدىنىدە سەپرا بولمايدىكەن، يېمەك - ئىچمەك پارچىلانمايدۇ؛ ھۆللۈك بولمايدىكەن، ئوزۇقلۇق ماددىلار سۈمۈرۈلمەيدۇ، ھاياتلىقمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ؛ ئەگەر سەۋدا بولمايدىكەن، چوڭ مېڭىدە ئاجىزلىنىش ۋە ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ بىنورماللىقى كېلىپ چىقىدۇ؛ مۇبادا سوغۇقلۇق بولمايدىكەن، يۈرەك ئىقتىدارىنى تەسىرگە ئۇچرىتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ تۆت ماددا ھاياتلىق ئۈچۈن نىسبەتەن ئېيتقاندا ئايروپىلان گەۋدىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدىغان ئامىلدۇر، ھېچقايسىسى كەم بولسا بولمايدۇ، شۇنداقلا ئېشىپ ياكى كېمىيىپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ. بۇ تۆت ماددا ھەم ئادەم بەدىنىدە مەۋجۇت، ھەم ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەردىمۇ مەۋجۇت. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆت خىل ماددىنىڭ ئادەم بەدىنىدە ئۆزئارا قارشىلىشىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر تىبابىتىدە دېيىلىدىغان مىزاج شەكىللەنگەن، مۇشۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ مىزاج تەلىماتى بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇر تىبابىتى نەزەرىيەسىدە، بىر ئادەمنىڭ چىرايى، رەڭگىرويى، بەدەن شەكلى، مىجەز - خاراك-

www.uyghurkitap.com

تېرى، شۇنداقلا كەيپىياتى، تۇرمۇش ئادىتى ۋە پىسخىكىسى بۇ ئادەمنىڭ مىزاجى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇر تېبابىتى نەزەرىيەسىدە مىزاج تەلىماتىدىن باشقا، يەنە خىلىت تەلىماتى ۋە ئورگانىزم تەلىماتى بار. خىلىت تەلىماتى ئادەم بەدىنىدىكى ھەر خىل ئوزۇقلۇق ماددىلار جىگەردىن ئۆتۈپ، خىلىتنى شەكىللەندۈرىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. خىلىت بەلغەم خىلىتى، قان خىلىتى، سەپرا خىلىتى ۋە سەۋدا خىلىتىدىن ئىبارەت تۆتكە بۆلۈنىدۇ. بىر ئادەم تۇغۇلغاندىن تارتىپ تا نەپىسى توختىغۇچە، بۇ خىل تەبىئىي شەكىللىنىدىغان سۇيۇقلۇق ئىنسانلار سالامەتلىكىدە بولسۇن ياكى كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدا بولسۇن، ئوخشاشلا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ تۆت خىلىتنىڭ سان ۋە سۈپەت جەھەتتە نورمال ۋە تەبىئىي ھالەتتە تۇرۇشى بەدەن ساغلاملىقىنىڭ مۇھىم شەرتىدۇر. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ سان ياكى سۈپەت جەھەتتە نورمالسىزلىنىشى ھەر خىل كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇيغۇر تېبابىتىدە تېۋىپلار كېسەل داۋالىغاندا، ئالدى بىلەن خىلىتلار ئادەم بەدىنىدە كېسەل پەيدا قىلغاندا كېلىپ چىقىدىغان بىنورمال ھالەتلەرنى پەرقلەندۈرۈشى كېرەك، شۇندىلا كېسەلگە توغرا دىياگنوز قويۇپ داۋالىغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى ئورگانلار تەلىماتىغا ئاساسلانغاندا، ئادەم بەدىنىدىكى ھەر قايسى ئورگانىزملارنىڭ مىزاجىنى چۈشىنىش ھەم ماس مىزاجلار ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولىدىغان كېسەللىك مايىللىقىنى ئىگىلەش كېسەل داۋالاشتا ناھايىتى مۇھىم. مەسىلەن، ئاشقازاننىڭ مىزاجى ھۆل ئىسسىق، لېكىن ئاشقازان سۇيۇقلۇقى ۋە سەپرانىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ھۆل سوغۇققا مايىللىشىپ كېتىدۇ، يەنى بۇ ئاشقازاننىڭ نورمال فۇنكسىيەسىنى ساقلاشتىكى مىزاجىدۇر. رايون، مۇھىت، پەسىل ۋە ئادەمنىڭ مىزاجى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قارىتا، ئۇيغۇر تېبابىتى نەزەرىيەسى

دۇنيانى ئالتە رايونغا بۆلگەن، يەنى ھەربىر رايوننىڭ ئۆزگە ماس ھالدىكى يەرلىك مىزاجى بولىدۇ. شىنجاڭ ئالتىنچى خىل رايون بولۇپ، قۇرۇق سوغۇقتۇر. مىزاج رايونغا پەسىل نۇقتىسىدىن قارىغاندا، يازدا مىزاج قۇرۇق ئىسسىق، ئەتىيازدا ھۆل ئىسسىق، قىشتا ھۆل سوغۇق، كۈزدە بولسا قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ. ئادەتتە ئىنسانلارنىڭ مىزاجى ھايۋانلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا مۆتىدىل، ئەرلەرنىڭ مىزاجى ئاياللارنىڭكىدىن مۆتىدىل. ئۇيغۇر تېبابىتى نەزەرىيەسى يەنە ئادەم ئورگانىزمىنىڭ ئىقتىدارى ۋە فۇنكسىيەسىگە ئاساسەن ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنى ئىككى تۈرگە ئايرىغان. يېتەكچى ئەزالار رەئىس ئەزالار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ھاياتىي كۈچ ۋە روھىي كۈچنى ساقلايدىغان ئورگان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسى، شۇنداقلا ھاياتلىقتىكى يەلنىڭ مەنبەسىدۇر. ئۇ ھەربىر ئادەمنىڭ ياشاش ۋە كۆپىيىشىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە پۈتۈن بەدەننىڭ بارلىق ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەپ ۋە كونترول قىلىپ، پۈتكۈل بەدەننىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلاشتىن ئىبارەت ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئۇيغۇر تېبابىتى نەزەرىيەسىدە چوڭ مېڭە، يۈرەك ۋە جىگەر ئادەم بەدىنىدىكى يېتەكچى(رەئىس) ئەزا، ئۆپكە، بۆرەك، ئاشقازان ـ ئۈچەي، ئۆت ۋە تال بولسا باشقۇرۇلغۇچى ئەزا ھېسابلىنىدۇ①.

ئۇيغۇر تېبابىتى ئادەمنىڭ سالامەتلىكى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولغان ياخشى تۇرمۇش مۇھىتى، يېمەك ـ ئىچمەك، مۇۋاپىق خىزمەت ۋە ئارام ئېلىشقا كۆڭۈل بۆلۈشنى تەن ساقلىقنى ساقلاشتىكى زۆرۈرىيەت دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇي-

① ئىسھاقجان باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى»(ئۇيغۇرچە)، 1 ـ توم، 1 ـــ 16 ـ بەتلەر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى 1985 ـ يىلى نەشرى؛ جۇڭگو تېبابەت قامۇسى. ئۇيغۇر تېبابىتى جىلدى»(خەنزۇچە)، 1 ـ 16 ـ بەتلەر. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى باستۇرغان.

غۇرلار شەخسىي تازىلىق، مۇھىت تازىلىقى ھەم گۈزەللىك، بەدەن بىلەن سىرتقى مۇھىتنىڭ دائىمىي بىردەكلىكى ۋە ماسلىقىنى ساقلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. مۇۋاپىق مىقداردىكى ئوزۇقلۇقنىڭ بەدەننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا يەتكۈزۈلۈپ، تەن ساقلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن دەل ۋاقتىدا غىزالىنىش زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يېمەك ـ ئىچمەك مىقدارىغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك، ئارتۇقچە تويۇنۇپ يېيىشكە قەتئىي بولمايدۇ، يەنە غىزالىنىش ۋاقتى بىلەن ئوزۇقلۇق تەركىبلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە دىققەت قىلىش كېرەك. ئەتىگەندە مايلىق تاماق يېيىشكە بولمايدۇ. چۈشتە ئوزۇقلۇق مول بولۇشى كېرەك. كەچتە كۆپ يېيىشكە بولمايدۇ، شۇنداقلا كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن يېمەكلىكنىڭ تولۇق ھەزىم بولۇشى ئۈچۈن، كەچلىك تاماق چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدىن كېچىكمەسلىكى كېرەك. ئۇيغۇر تېبابىتىدە كىشىلەر ئىستېمال قىلىدىغان يېمەك ـ ئىچمەك ئوزۇقلۇق تەركىبىگە ئاساسەن بەش چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى خىلى، ئوزۇقلۇق تەركىبى مول ھەم ئاسان ھەزىم بولىدىغان يەڭگىل يېمەكلىكلەر؛ ئىككىنچىسى، ئاسان ھەزىم بولمايدىغان ئېغىر يېمەكلىكلەر؛ ئۈچىنچىسى، قاتتىقمۇ ئەمەس، سۇيۇقمۇ ئەمەس يېمەكلىكلەر؛ تۆتىنچى خىلى، سۈت، قايماق، شۇنداقلا چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم، توخۇ گۆشى، پاقلان گۆشى، قايماق قاتارلىقلارغا ئوخشاش يېمەكلىكلەر؛ ئەڭ ئاخىرىدىكىسى بولسا، ئوزۇقلۇق قىممىتى بىر قەدەر تۆۋەن ھەم تەستە سۈمۈرۈلىدىغان يېمەكلىكلەر، مەسىلەن، قوناق ئۇنى، كالا گۆشى، مانتا، چۆچۈرە ۋە سەي ـ كۆكتات دېگەندەك. بۇ يېمەكلىكلەر ئىچىدە بەزىلىرى گەرچە ئوزۇقلۇق تەركىبى مول بولسىمۇ، ئاسان سۈمۈرۈلمەيدۇ. ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ھاراقنىڭ ھەم ئوزۇقلۇق قىممىتى يوق، ھەم

كېسەل داۋالاش رولى يوق بولۇپ، دائىم هاراق ئىچكۈچىنىڭ يۈرەك، جىگەر ۋە باشقا ھەزىم قىلىش ئەزالىرىدا مايسىمان چۆكمە پەيدا بولىدىكەن. هاراق ئاشقازاندا مۇھىم رول ئوينايدىغان تۈكچىلەرنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپلا قالماي، قاننى قويۇقلاشتۇرىدۇ، بولۇپمۇ قان تەركىبىدىكى بىنورمال ماددىلار ۋە ماينىڭ كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، قان تومۇرلارنى قاتۇرۇۋېتىدۇ، قان بېسىمىنى ئۆرلىتىۋېتىدۇ... ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى ساقلىنىش ساقلاش ۋە يېمەك - ئىچمەك تازىلىقى جەھەتتىكى نۇقتىئىنەزەرلەر هازىرقى زامان سەھىيە ئىلمى ۋە ساقلىنىش ساقلاش ئىلمىدىكى كۆز قاراشلارغا ئىنتايىن يېقىندۇر.

ئۇيغۇر تېۋىپلىرى بىمارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا دىياگنوز قويغاندا، قاراپ دىياگنوز قويۇش، ئاڭلاپ دىياگنوز قويۇش، سوراپ دىياگنوز قويۇش ۋە تومۇر تۇتۇپ دىياگنوز قويۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ. قاراپ دىياگنوز قويۇش بىمار بەدىنىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، روھىي هالىتى، تىلى ۋە نەپەس ئېلىشى قاتارلىقلارغا قاراپ دەسلەپكى دىياگنوزنى قويۇشتىن ئىبارەت. ئاڭلاپ دىياگنوز قويۇش بىمارنىڭ ئاۋازىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، كۈچلۈك - ئاجىزلىقى ۋە يۆتەلىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكى، بوغۇق ياكى سۈزۈكلۈكى قاتارلىق ئالامەتلەر ئاساسەن كېسەللىك ئۆزگىرىشىدىكى ئەھۋالنى بىلىشتە پايدىلىنىدۇ سوراپ دىياگنوز قويۇش بولسا بىمار بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق كېسەللىك ئەھۋالى ۋە كېسەللىك تارىخىنى چۈشىنىشتىن ئىبارەت. تومۇر تۇتۇپ دىياگنوز قويۇش بولسا بىمارنىڭ تومۇر سوقۇشىنىڭ تېز ياكى ئاستىلىقى، رىتىملىق ياكى رىتىمسىزلىقى، كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقى، تومۇرنىڭ قىزىق ياكى سوغۇقلۇقىغا ئاساسەن پۈتكۈل بەدەن ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، داۋالاشنى ئاساس بىلەن تەمىنلەپ، كېسەلگە دورا بېرىش-

تىن ئىبارەت[1].

ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ دائىم ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرگە قارىتا مول داۋالاش تەجرىبىسى بولغانلىقىدىن تاشقىرى، يەنە تۇتقاقلىق قاتارلىق ئادەتتە داۋالاپ ساقايتىش تەس بولغان كېسەللىكلەرگىمۇ ئۆزگىچە داۋالاش ئۇسۇللىرى بار. بۇ تۈردىكى كېسەللىكلەرگە قارىتا ئادەتتە ئەھۋالغا قاراپ ئۇنىۋېرسال داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن، دورا ئىچكۈزۈش، سىرتتىن دورا چاپلاش، كۈن نۇرىدا داۋالاش، ئارىشاڭ بىلەن داۋالاش ۋە روھىي جەھەتتىن داۋالاش دېگەندەك.

ئۇيغۇر تېبابىتىدە، ئىچكى كېسەللىكلەرگە قارىتا ئومۇمەن دورا ئىچكۈزۈشنى ئاساس قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە ئىسلاپ داۋالاش، ھەمەلچە قىلىش، قان ئېلىش قاتارلىق داۋالاش ئۇسۇللىرىنى ئىشلەتكەن. تاشقى كېسەللىكلەردىمۇ دورا بېرىش بار بولۇپ، يەنە ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، تېڭىش ۋە ئوپېراتسىيە قىلىش قاتارلىق داۋالاش ئۇسۇللىرى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇر تېبابىتى رېتسېپلىرى ھەممىشە ئاساسىي دورا ۋە قوشۇمچە دورىدىن تەشكىل تاپىدۇ. كىلىنىكىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ رېتسېپلاردا كۆپلىرىدە 50 خىل، ئازلىرىدا يەتتە خىل دورا بولىدۇ. ئادەتتە بىر خىللا دورا ئىشلىتىلمەيدۇ. شەربەت، مېۋە شەربىتى، كۆمىلاچ، تالقان، مەجۇنات، ماي قاتارلىق ئون نەچچە خىل دورا شەكلى بار.

تۇرپاندا تارقىلىپ يۈرگەن قۇمغا كۆمۈلۈپ كېسەل داۋالاش ئۇسۇلى ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى يەنە بىر ئالاھىدە داۋالاش ئۇسۇلىدۇر. بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلىدا ئىشلىتىلىدىغىنى تۇرپاندىكى ئۆزگىچە تەبىئىي قۇم بولۇپ، بەزى كېسەللىكلەرگە ئوبدان مەنپەئەت قىلىدۇ. تۇرپانغا كەڭ تارقالغان قۇم بىلەن داۋالاش

---

① ئىسھاقجان باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى»(ئۇيغۇرچە)، 1 ـ توم، 207 ــ 222 ـ بەتلەر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى 1985 ـ يىلى نەشرى؛ جۇڭگو تېبابەت قامۇسى. ئۇيغۇر تېبابىتى تومى»(خەنزۇچە)، 207 ــ 222 ـ بەتلەر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى باستۇرغان.

ئۇسۇلى يۈز يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. ئەڭ دەسلەپتە يەرلىك خەلق بەل ـ پۇت تىلىپ ئاغرىشتەك كېسەللىكلەردە قۇم بىلەن داۋالاش ئۇسۇلى ئارقىلىق داۋالاپ كېسەللىكتىن خالاس بولغان. داۋالاش ئۈنۈمى ئالاھىدە ياخشى بولغاچقا، كىشىلەر بۇ خىل ئەل ئارىسىدىكى قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالاش ئۇسۇلىنى تەدرىجىي قوبۇل قىلغان. ئۇيغۇر تېبابىتىدىمۇ بۇ يەكۈنلەنگەن ۋە كېڭەيتىلگەن. يېقىنقى نەچچە ئون يىللار مابەينىدە، بۇ خىل قۇم بىلەن داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ نامى چىقىپ، تۇرپاندا قۇم بىلەن داۋالاش ئورنى قۇرۇلۇپ، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن، ھەتتا چەت ئەللەردىن كەلگەن بىمارلارنى كۈتۈۋالدى ۋە داۋالاپ كەلدى. بىمارلار داۋالىنىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن بەدەن تەكشۈرتۈشى كېرەك، پەقەت بەدەن ئەھۋالى قۇمدا داۋالاش شەرتىگە ئۇيغۇن بولغان بىمارلار دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە داۋالىنىشى لازىم. قۇم بىلەن داۋالاشنىڭ بەلگىلىك پەسلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مۇئەييەن ۋاقىت چېكى بار، قۇمدا داۋالىنىش ھەممىلا كېسەللىككە ماس كېلىۋەرمەيدۇ. ھەر يىلى 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە قۇم بىلەن داۋالاشنىڭ ئەڭ ياخشى پەسلى ھېسابلىنىدۇ. ھەر خىل بوغۇم ياللۇغى، ئاستا خاراكتېرلىك بەل ـ پۇت ئاغرىقلىرى ۋە ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقلىرىغا ماس كېلىدۇ.

ئۇيغۇر تېبابىتى سۇنۇقنى داۋالاشتىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخى ۋە خاسلىقىغا ئىگە بولۇپ، مول تەجرىبىلەرنى توپلىغان. بەزى سۇنۇقچىلارنىڭ تېببىي تېخنىكىسى يۇقىرى، سۇنۇق تاڭغاندا ئاغرىق توختىتىش دورىسى ياكى ناركوز دورىسى بىھاجەت بولۇپ، روھىي جەھەتتىن داۋالاشنى ماسلاشتۇرۇپ كۆرۈنەرلىك داۋالاش ئۈنۈمىگە ئېرىشىدۇ. سۇنۇق ياكى بوغۇملار چىقىپ كېتىشنى داۋالىغاندا، تېۋىپلار مەشغۇلات جەريانىدا قىزىقچىلىق قىلىپ، بىمارغا ئاغرىقنى ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىدۇ[1].

① ئىسھاقجان باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى»(ئۇيغۇرچە)، 1 ـ توم، 238 ــ 260 ـ بەتلەر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى 1985 ـ يىلى نەشرى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن بېرى، ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمىمىز ئەنئەنىۋى تېبابىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن بارا ـ بارا دىققەت ـ ئېتىبارغا ئېرىشتى. داۋالاش ۋە دورىگەرلىك ساھەسىدىكى يەن ـ تېخنىكا خادىملىرى ئۇيغۇر تېبابەت نەزەرىيەسى ۋە داۋالاش ئۇسۇلىنى تەكشۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىپ ۋە خۇلاسىلەپ، بىر تۈركۈم تېببىي ماتېرىياللارنى ئۆز ۋاقتىدا رەتلەپ چىقتى ۋە قوغدىۋالدى. 60 ـ يىللاردىلا شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر»نى تۈزۈپ نەشر قىلىپ، كەڭ تېببىي خادىملار ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 80 ـ يىللاردىن كېيىنكى ۋاقىتلار ئۇيغۇر تېبابىتى ئۇچقاندەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى ۋە ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇردى، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۇيغۇر تېبابىتى تەتقىقات ئورنى، ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۈرۈمچى ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇر تېبابىتى ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپلەر تەسىس قىلىندى. ئالتە توملۇق تۈنجى «ئۇيغۇر تېبابىتى قامۇسى» شىنجاڭدا تۈزۈلۈپ نەشردىن چىقتى. ئۇيغۇر تېبابىتى بىلىملىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابىتى تەتقىقات ئورنى ئۇيغۇرچە «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى» ناملىق قەرەللىك ژۇرنالنى نەشردىن چىقاردى، بۇ ژۇرنال ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قارشى ئېلىنىشىغا ئېرىشتى.

## ئەدەبىيات ۋە تىياتىر

### ئەدەبىيات

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇزاق تارىخقا ۋە باي مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، شۇنداقلا ئې-

لىمىز مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھې-سابلىنىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەر-كىبىي قىسمى بولۇپ، قەدىمىي ئەنئەنىگە ئىگە. شەكلى كۆپ خىل، مەزمۇنى ئاممىباب بولۇپ، چۆچەك، قوشاق، ئەپسانە، رىۋايەت، مەسەل، لەتىپە قاتارلىق كۆپ خىل ژانىرنى ئۆز ئىچىد-گە ئالىدۇ. چۆچەكلەرنىڭ باش قەھرىمانى كۆپىنچە ئېزىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيەگە ئۇچرىغان يىللىقچى، پادىچى بالا، ئوتۇنچى، موزدۇز، تىككۈچى، سەھرا قىزى ۋە ھۆكۈمران سىنىپلاردىن خان ـ پادىشاھ، قازى، موللا، باي، بەگ، خوجا، مەككار سودى-گەر، جازانىخورلار بولىدۇ. چۆچەكلەردە ھەمىشە ھۆكۈمران سى-نىپلارنىڭ ئەمگەكچى خەلقنى شەپقەتسىز ئەزگەنلىكى، ئەمگەك-چى خەلق بولسا ئەقىل ـ پاراسىتى بىلەن ھىيلە ـ مىكىرنى پاش قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكى مەز-مۇن قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئۈجمە سايىسى» ناملىق چۆچەكتە بېخىل، ئاچ كۆز سەلەي باينىڭ ئۈجمە سايىسى بىلەن كەمبە-غەللەرنى قاقتى ـ سوقتى قىلغانلىقى، ياش ئەپچىلەمنىڭ باشقا كەمبەغەللەر بىلەن بىرلىكتە زېرەكلىك بىلەن سەلەي باينى قوغلىۋېتىپ كەمبەغەللەرنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بەرگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. بۇ چۆچەكتە ھۆكۈمرانلارنىڭ پاراسەتسىزلىكى ۋە ئاچ كۆزلۈكى مەسخىرە قىلىنىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەردلى-كى ۋە پەم ـ پاراسىتى مەدھىيىلەنگەن. يەنە ئەمگەك قىزغىنلى-قىنى ئاشۇرىدىغان، گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئارزۇ ـ ئىستەك-لەر ۋە ئەۋلاد تەربىيەسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شۇنداقلا مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن چۆچەكلەرمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «ئۈچ ۋەسى-يەت» چۆچىكى كىشىلەرگە ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ياردەملى-شىپ، قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غالىب كېلىش، شۇ ئارقىلىق بەختكە ئېرىشىش توغرىسىدا تەلىم بېرىدۇ؛ «ئىككى ھۆرۈن»

نامىلىق چۆچەك كىشىلەرنى ئەمگەك سۆيۈشكە، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىپ كەتمەسلىككە ئۈندەيدۇ؛ «ئەقىللىق چىمەنخان»، «دېھقان قىزى»، «دانىشمەن مەلىكە» قاتارلىقلاردا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىشچانلىقى ۋە يۈكسەك ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن.

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا يەنە نۇرغۇنلىغان نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى، موللا زەيدىن لەتىپىلىرى، سەلەي چاققان لەتىپىلىرى، مەسەللەر ۋە ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرمۇ بار. ئالايلۇق، نەسىردىن ئەپەندى توغرىسىدىكى لەتىپىلەر ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان بولۇپ، نەچچە يۈز يىلدىن بېرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كەڭ تارقىلىپ، خەلقنىڭ ياقتۇرۇشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلدى. لەتىپىلەر نەسىردىن ئەپەندىدىن ئىبارەت بۇ توقۇلما ئوبراز باش قەھرىمان قىلىنغان، مەسخىرە ۋە تەنقىد خاراكتېرىدىكى قىسقا خەلق ھېكايىلىرىدۇر. بۇ لەتىپىلەرنىڭ پىكىر يولى ئۆزگىچە، تىلى يۇمۇرىستىك بولۇپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىشچانلىقى، باتۇرلۇقى، ئۈمىدۋارلىقى، يۇمۇرىستىكلىقى، ئەقىل ـ پاراسەتكە باي ۋە ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە ئىكەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، فېئودال ھۆكۈمرانلار پاش قىلىنىدۇ ۋە مەسخىرە قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ئەۋلادمۇئەۋلاد ئۇزاق مەزگىللىك تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈرەشلىرىنىڭ يەكۈنى، شۇنداقلا ئەمگەكچى خەلق ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرىدۇر. ماقال ـ تەمسىللەر رېئاللىقنى ئېچىپ بېرىدۇ، كىشىلەرنى ئويغىتىدۇ ۋە تەربىيىلەيدۇ. مەسىلەن، «خەلق گەپ قىلماس، قىلسا بوش قىلماس»، «باي قەيەردە، ۋاي شۇ يەردە»، «دوستقا ھومايما، دۈشمەنگە ھىجايما» دېگەندەك. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى مەزمۇنغا باي، بەدىئىيلىكتە روشەن مىللىي ئۇسلۇب ۋە خاسلىققا ئىگە. تىلى ئاددىي، ئوخشىتىشلار جانلىق،

ۋەزمىن، جۈملە شەكلى بىردەك بولۇپ، ئەستە تۇتۇشقا قولايلىق.

ئۇيغۇرلار مول كىلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرىغا ۋە ئېپسىل ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇپ، بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن ئەدەبىي مىراسلىرىدىن «ئوغۇزنامە»، «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ۋە «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قاتارلىقلار بار.

«ئوغۇزنامە» قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەھرىمانلىق داستاندۇر. ئۇ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تارقىلىش جەريانىدا، ھەر قايسى دەۋرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قوبۇل قىلىپ بارغانسېرى بېيىپ ماڭغان. تارىختىكى ئوخشىمىغان دەۋرلەردە، ئوخشاشمىغان يېزىقلاردا خاتىرىلەنگەن. ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمىي نۇسخىسى 15 ـ ئەسىردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا تۈرپاندا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىدۇر[1].

«ئوغۇزنامە»نىڭ مەزمۇنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى قىسمىدا، قەدىمكى زامانىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى ئۆز ئىچىگە ئېلىنغان بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئادىتى ۋە ئىدىيە ـ ئېتىقادى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئىككىنچى قىسمىدا ئاساسلىقى ئوغۇزخاننىڭ ئۇرۇش تارىخى سۆزلەنگەن بولۇپ، بىر قىسىم قوۋملار ئىسىملىرىنىڭ كېلىپ چىقىش ھېكايىسىنى قىزىقارلىق يوسۇندا شەرھلىگەن. ئەسەر باش قەھرىمانى ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەگلەر قەدىمكى دەۋردىكى قەبىلە ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ سەردارلىرى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭدا خەلق ئىچىدىكى تارىخىي داستانلارغا خاس بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن نۇرغۇنلىغان تارىخىي ھېكايىلەر بايان قىلىنغان

[1] بۇ قول يازما ھازىر فىرانسىيە پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانماقتا.

بولۇپ، بىزنىڭ قەدىمىي دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتى ۋە تىلىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە.

تارىخىي تەرەققىياتلارغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا كېيىن يەنە نۇرغۇنلىغان نادىر ئەسەرلەر ۋە مەشھۇر ئەدىبلەر مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، 16 ـ ئەسىردە ئۆتكەن شائىر يۇسۇپ سەككاكىينىڭ لىرىك شېئىرلىرى بىلەن 15 ـ ئەسىردە ئۆتكەن لۇتفىينىڭ لىرىك شېئىرلىرى ۋە «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانى دېگەندەك. بۇلاردا باي تەسەۋۋۇر ۋە جانلىق ئوبرازلار ئارقىلىق شائىرنىڭ چوڭقۇر ۋە تەسىرلىك ئىشق ـ مۇھەببىتى ئىزھار قىلىنغان بولۇپ، بەدىئىي تەسىرچانلىقى نىسبەتەن كۈچلۈك.

17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 18 ـ ئەسىرگىچە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا يەنە ھىرقەتىي، زەلىلىي ۋە نەۋبەتىيدىن ئىبارەت ئۈچ لىرىك شائىر مەيدانغا چىقتى.

ھىرقەتىي (1634 ـ 1724) نىڭ ئەسلىي ئىسمى مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇلى ھىرقەتىي بولۇپ، ھىرقەتىي ئۇنىڭ تەخەللۇسىدۇر. ئۇ 1634 ـ يىلى ھازىرقى يېڭىشەھەر ناھىيەسى تازغۇن يېزىسى باغچى كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. 1670 ـ يىلى ئۇ «مۇھەببەتنامە ـ مېھنەتكام» ناملىق لىرىك داستانىنى ئىجاد قىلغان. داستان 17 باب، 2000 نەچچە مىسرادىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، «سابا»، «گۈل» ۋە «بۇلبۇل»دىن ئىبارەت ئۈچ ئوبراز ئارقىلىق سۆزتنى قانات يايدۇرۇپ، بۇلبۇلنىڭ گۈلگە بولغان مۇھەببىتىنى بايان قىلغان، سابا ئوتتۇردا چىپىپ يۇرۇپ ئەلچىلىك رولىنى ئوينىغان. پۈتكۈل داستان جانلىق ۋە ئىنچىكە تەسۋىرلەر، ئاددىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئۈچ ئوبراز ئوتتۇرىسىدىكى پىسخىكىلىق

پائالىيەتلەر، ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى گىرەلەشمە مۇناسىۋەتنى سۈرەتلەپ، كىشىلىك ھاياتقا مەدھىيە ئوقۇغان، مۇھەببەتنى كۈيلىگەن. شۇ ئارقىلىق چىرىلىق ئىزدەش، بەختكە ئىنتىلىشتە چوقۇم بەدەل تۆلەش كېرەكلىكىدىن ئىبارەت ئىدىيەۋى تېمىنى يورۇتۇپ بەرگەن. داستانىنىڭ تىلى جانلىق ۋە قىزىقارلىق، مەزمۇنى چوڭقۇر، تەسۋىرلىرى ئىنچىكە. ھەرقەتىي ئۆز داستانىدىكى ساپ ۋە مەزمۇنلۇق بولۇش، ئوبرازلار جانلىق بولۇشتەك ئۇسلۇبى بىلەن بىر ئەۋلاد يېڭى شېئىر ئېقىمىنى ياراتتى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى شائىرلار بۇ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلدى.

زەلىلىي (1685 ـ 1759) يەكەندە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ھايات ئىش ـ ئىزلىرى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز بەك ئاز. ئۇ نۇرغۇنلىغان ئىدىيەۋىلىكى كۈچلۈك، بەدىئىيلىكى يۇقىرى نادىر لىرىك شېئىرلارنى يازغان. ئۇ شېئىرىيەتنىڭ تۈرلۈك ژانىرلىرىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تىلى لەرزان، ئېقىن سۇدەك ئەركىن ھەم ئويناق، ياسالمىلىقتىن خالىي، ئېنىق ھەم چۈشىنىشلىك، تىلغا باي ھەم قىزىقارلىق. شېئىرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە، ھاياتقا ۋە مۇھەببەتكە بولغان ھېسسىياتى ۋە كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ سېلىشتۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇپ، ئادەتتىكى شەيئىلەر ئۇنىڭ قەلىمىدە تېخىمۇ جانلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرگە كۈچلۈك ئېستېتىك زوق بەخش ئېتەتتى.

بۇ ئىككى شائىرنىڭ لىرىك شېئىرلىرى ئۇزاق مەزگىلدىن بېرى كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىدىكى دىنىي تۇسقۇلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئەدەبىيات قايتا گۈللەنگەن يېڭى بىر ۋەزىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا ھەم قۇرۇق سەپسەتىلەر

يوق، ھەم ئارتۇقچە ھەمدۇ ـ سانالار يوق. ئەكسىچە، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ مۇھەببەتكە تەلپۈنۈشى ۋە خۇشاللىق، قايغۇ ـ ھەسرەتلىرى لىرىك شەكىلدە ئىپادىلەنگەن. بۇ شېئىرلاردا ئىـ. پادىلەنگەن مۇھەببەت چىگىش ھەم يالقۇنلۇق، ھېسسىيات سىـ. لىق، شۇنداقلا كۈچلۈك بەدىئىي تەسىرچانلىققا ئىگە بولۇپ، جەمئىيەتتە كەڭ تارقىلىپ، قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ ئوقۇلۇپ كەلگەن.

ئابدۇرەھىم نىزارى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە ياشاپ ئۆتكەن ئاتاقلىق شائىر بولۇپ، 1770 ـ يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسى بۇلاقبېشى كەنتىدە بىر بوياقچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1848 ـ يىلى قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.

«مۇھەببەت داستانلىرى» ئابدۇرەھىم نىزارىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرىدۇر. بۇ داستانلار توپلىمى مۇئەللىپ ھايا. تىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىنىڭ، يەنى ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرىنىڭ مەھسۇلىدۇر. داستانلار توپلىمى «رابى. يە ـ سەئىدىن»، «پەرھات ـ شېرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «ۋامۇق ـ ئۇزرا» ۋە «مەھزۇن ـ گۈلنىسا» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ داستانلاردا ئاساسلىقى پاك سۆيگۈ، دوستـ. لۇق، ساداقەت ۋە ئىشچانلىق، باتۇرلۇق قاتارلىق ئالىيجاناب پە. زىلەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇلغان. ئەسەر باش قەھرىمانلىرىنىڭ ھەممىسى پاجىئەلىك تەقدىرى قىچىپ قۇتۇلالمىغان. مۇھەب. بەت پاجىئەلىرى ئارقىلىق شائىر فېئوداللىق تۈزۈمنى سۆ. كۈپ، ھەربىر ئادەمنىڭ بەختلىك ياشاش ھوقۇقىنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ داستانلار توپلىمى فېئودا. لىزمغا قارشى خاھىشقا، تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيەلەرگە ئىگە.

ئابدۇرەھىم نىزارىنىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن» ناملىق داستا.

نى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مەڭگۈ تورزۇماس بىر گۈل. بۇ داستان مۇھەببەتنى ئاساسىي تۈتقا قىلىپ، فېئودالىلىق تۈزۈم ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، فېئودال خان ـ پادىشاھ ۋە شاھزادە ـ بەگلەرنىڭ ياۋۇزلۇقىنى شەپقەتسىز يوسۇندا قامچىلىغان، رابىيە بىلەن سەئىدىنىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ياشنىڭ پاك، سەمىمىي مۇھەببىتى ۋە ئۇلارنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلارغا باتۇرلۇق بىلەن قارشى تۇرغانلىقىدەك ئېسىل پەزىلىتىگە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇغان. رابىيە ـ سەئىدىن ئوبرازى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى فېئودالىلىق جەمئىيەتتە ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولغان، جەبىر ـ زۇلۇمنى بولۇشچە تارتقان، بوزەك قىلىنغان، ئۆمۈر بويى ئارماندا قالغان قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ئورتاق تەقدىرىدۇر. بۇ داستان ماتېرىيالى ھەقىقىي بىر ۋەقەلىكتىن تاللىنىپ يېزىپ چىقىلغان بولۇپ، ھازىرغىچە جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئابدۇرەھىم نىزارى ئىجادىيىتى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى يېڭىچە بىر باسقۇچقا كۆتۈردى. ئۇ خەلق تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولغان، مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىجتىمائىي تېمىلارنى شېئىرلىرىغا كىرگۈزۈپ، شېئىر ئىجادىيىتىنى خەلق ۋە رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرۇش يولىغا ماڭدۇرۇپ، كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە، چاررۇسىيەنىڭ ئىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە قارشى شېئىر ـ قوشاقلار مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپنىڭ 1864 ـ يىلى ئىلىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتى تەسىرىدە، مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان قوزغىلىڭى تەسۋىرلەنگەن

رېئالىستىك داستانى «غازات دەر مۈلكى چىن»غا ئوخشاش. بۇ داستاندا شائىر چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەمگەكچى خەلقنى شەپقەتسىز تۈردە قۇل قىلغانلىقىنى ئاددىي تىل بىلەن چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى قەھرىمانانە كۈرەشلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرلىك ھۆكۈمدارلار ۋە مىللىي مۇناپىقلارنىڭ ھوقۇق ۋە مەنپەئەت تالىشىپ قىلغان ھەر خىل جىنايى قىلمىشلىرىنى شەپقەتسىز تۈردە پاش قىلغان. بۇ داستان ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا بىزنى قىممەتلىك تارىخىي پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. يەنە بىر داڭلىق شائىر سېيىت مۇھەممەت بولۇپ، ئۇ شىنجاڭ پاراكەندىچىلىككە تولغان، ئىلى چاررۇسىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان دەۋردە ياشىغان ئىدى. شائىر 1864 - يىلىدىكى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى تارىخى بىلەن پىششىق تونۇش ئىدى، چاررۇسىيەنىڭ ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قۇل قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى، شۇنداقلا چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن يەتتىسۇغا مەجبۇرلاپ ئېلىپ بېرىلىشتىن ئىبارەت كۈلپەتنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، «شەرھى شىكەستە» ناملىق داستانىنى ۋە بىر قىسىم قىسقا لىرىك شېئىرلارنى يازغانىدى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدىكى يالقۇنلۇق تىل، پولاتتەك پاكىت ئارقىلىق قاراڭغۇ - زۇلمەتلىك فېئوداللىق جەمئىيەتتە ھۆكۈمران سىنىپلارغا يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ يۈرسە چىقىش يولى بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. ئۇ تىنچلىقنى دەپ جەبىر - زۇلۇم ۋە خورلۇققا چىداش قەھرىمانلىق ھېسابلانمايدۇ، ھەقىقىي قەھرىمان ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆلۈشى كېرەك، دەپ ئېنىق كۆرسەتكەنىدى. ئۇرۇش گەرچە «شىكەستە» ئېلىپ كەلسىمۇ، لېكىن خەلق بىردەك ئىتتىپاقلاشسىلا، ھامان غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. شائىر خەلق-

ـنىڭ مەيدانـدا تۇرۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىد-دىيەۋى ھېسسىياتىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، رەزىل كۈچلەر بىلەن شەپقەتسىز كۈرەش قىلغان. تېخىمۇ قەدىرلەشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر-لىك ئىدىيەسى نامايان بولىدۇ. بۇ دەۋردە بىر قىسىم خەلق قو-شاقلىرى چارروسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ۋە كېڭەيمىچىلىك جىنايىتىنى خاتىرىلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خورلۇق، تالان ـ تاراج، قىرغىنچىلىق، يۇرتىدىن قوغلىنىش ھەمدە خانىۋەيرانچىلىققا قارشى غەزەپ ۋە قارشىلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، چارروسىيەگە ھەيدەپ چىقىرىلغان كىشىلەرنىڭ ياقا يۇرتتىكى سەرسان ـ سەرگەردانلىق ئازابى ۋە ئۆز ۋەتىنىنى، شۇنداقلا قېرىنداشلىرىنى سېغىنىشتەك ھېسسىياتلىرىنى ئىزھار قىلغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا، گەرچە چىڭ سۇلالىـ-سىنىڭ ئاغدۇرۇلغىنىغا ئاللىبۇرۇن ئون نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن يېڭى ھۆكۈمرانلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئاسايىشلىق ۋە ئەڭ ئەقەللىي تۇرمۇش شارائىتىنىمۇ ئېلىپ كەلمىدى. يەرلىك فېئودال مىلىتارىستلارنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىغا يۈرگۈزگەن ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زىيانكەش-لىكلىرى چېكىگە يېتىپ، ھەممە يەرنى نامراتلىق ۋە نادانلىق قاپلاپ كەتتى. ھەر مىللەت خەلقى بۇ خىل ھاقارەت ۋە ئېزىـ-لىشلەرگە بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكتىن، جەمئىيەتتە ئەمگەك-چى خەلقنىڭ ئاھ ـ پىغان، نالە ـ پەريادلىرى ئەۋج ئالغانىدى. بۇ ۋاقىتتا روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە 4 ـ ماي ھەرىكىتىـ-نىڭ تەسىرىدە، شىنجاڭدا بىر تۈركۈم يېڭىچە ئىدىيەگە ئىگە، فېئودالىزمغا ۋە زۇلۇمغا قارشى دېموكراتىك يازغۇچى، شا-ئىرلار ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلار روسىيەدىكى يېڭى ئىنقىلاب ۋە يېڭى ئىدىيە، شۇنداقلا ئىچكىرىدىكى ئىلغار زىيالىيلار قانات

يايدۇرغان يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى. ئۇلار بايرىقى روشەن ھالدا فېئودال ھاكىمىيەتكە قارشى جەڭ ئېلان قىلىپلا قالماستىن، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ نادانلىقنى تۈگىتىش، ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىش قاتارلىق ناھايىتى ئىلغار شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار مىللىي مائارىپنى تەشەببۇس قىلىپ ۋە بەرپا قىلىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى قالاق ۋە مۇتەئەسسىپ ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشكە كۈچ چىقاردى. ئۇلارنىڭ ئىدىيەۋى ئاقارتىش ھەرىكەتلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئېڭىنى ئويغىتىش، مىللىي مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدىكى ئۆچمەس تۆھپىدۇر. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دەل شۇلار ئىچىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك شەخستۇر[1].

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1902 ـ يىلى تۇرپاندا بىر سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. سەككىز يېشىدىن باشلاپ مەدرىسىدە تەلىم ئېلىپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەندى ھەمدە كۆپلىگەن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى ئوقۇدى. ئۇ خەنزۇچىنى ئىگىلەش ئۈچۈن تۇرپان ناھىيە بازىرىدىكى خەنزۇ مەكتىپىگە باردى. خەنزۇچە ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تەرەققىيپەرۋەر يازغۇچىلارنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى ئوقۇدى، يەنە تېخى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنىمۇ ئوقۇغانىدى. كېيىن ئۇ يەنە قاراشەھەرگە بېرىپ موڭغۇل تىلى ئۆگەندى. ئۇ يەنە تېخى ئاتىسى ۋە تەرەققىيپەرۋەر ئەرباب مەخسۇت مۇھىتى بىلەن بىرلىكتە كۆپ قېتىم تاشكەنت ۋە موسكۋا قاتارلىق جايلارغا باردى. 1923 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۈچ يىل سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇردى. بۇ مەزگىلدە ئۇ رۇسچىنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگەندى، شۇنداقلا يېڭى بىلىم، يېڭى ئىدىيە-

---

[1] مۇھەممەد پولات: «زۇلمەتلىك يىللاردىكى ئوت يۈرەك شائىر»، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» (1)، 215 ـــ 229 ـ بەتلەر.

لەرگە ئىگە بولدى. روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى
ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر ئۇ-
نىڭ قەلبىدە غايەت زور زىلزىلە پەيدا قىلدى. سوۋېت ئەدەبىياتى
ۋە ئىچكى جايلاردىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ دۇن-
يا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەت-
لىرىگە ھەل قىلغۇچ تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئۇيغۇر ئە-
دەبىياتىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىدىيە ۋە تىل بىلەن ئىلھام-
بەخش شېئىرلارنى ئىجاد قىلدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن
قايتىپ كېلىپلا پۈتۈن كۈچى بىلەن يېڭىچە مەكتەپ تەسىس
قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئىلىم - پەن ۋە يېڭى ئىدىيە-
لەرنى تارقاتتى. ئۇ يەنە بىر قىسىم مەسلەكداش كىشىلەرنى ئۇ-
يۇشتۇرۇپ، جىن شۇرېننىڭ ياۋۇز ھۆكۈمرانلىقىغا، فېئودا-
لىزمغا ۋە دىنىي خۇراپىي ئىدىيەلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشنى
ئاساسىي مەقسەت قىلغان ئىنقىلابىي تەشكىلات قۇردى،
شۇنداقلا خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قومۇل دېھقانلار
ئىنقىلابىغا ئاۋاز قوشۇش ئۈچۈن قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈ-
رۈشكە مەخپىي تەييارلىق قىلدى. جىن شۇرېن قومۇل ئىنقىلا-
بىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن باش قوماندان شېڭ شىسەي قوز-
غىلاڭچى قوشۇن تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، ئۈرۈمچىگە چېكى-
نىش يولىدا، تۇرپان خەلقىنىڭ قومۇل ئىنقىلابىغا ئاۋاز قوشۇپ
قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلانغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، ئارقى-
دىنلا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق 17نەپەر زىيالىي ۋە جامائەت
ئەربابىنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارنى ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈردى. ئابدۇ-
خالىق ئۇيغۇر قۇربان بولغاندا ئەمدىلا 32 ياشقا كىرگەنىدى①.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 20 يېشىدىن باشلاپلا شېئىر ئىجادىيە-

① مەھمۇد زەيىدى قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى»(ئۇيغۇرچە)، 1 — 6 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل.

تى بىلەن شۇغۇللىنىپ، قۇربان بولغانغا قەدەر ھەر خىل تېمىدا نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يازغانىدى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان شېئىرلىرى 250 پارچىغا يېقىن. ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيەت يولىنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ: 20 - يىللارنىڭ باشلىرى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئاساسلىقى شەخسىي ئەركىنلىك ۋە سۆيگۈ ئەركىنلىكى تەشۋىق قىلىنىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك مەدھىيىلەنگەن. شېئىرلاردا شائىر داۋاملىق مۇھەببەتنى تونجۇقتۇرۇپ، كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلغۇچى فېئوداللىق جەمئىيەتنى سۆككەن ۋە قامچىلىغان؛ ئىجادىيىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا، ئۇ شېئىرلىرىدا جەمئىيەتتىكى چىرىك، قالاق ئۆرپ - ئادەتلەرنى شەپقەتسىز تۈردە ئېچىپ تاشلاپ، نادانلىق ۋە بىخۇدلۇق ئىچىدە ياشاۋاتقان خەلقنىڭ ئويغىنىپ ئۆز تەقدىرىنى ۋە جەمئىيەتتىكى ئىنقىلابىي كەيپىياتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئاتلىنىشىنى ئۈمىد قىلغان. ئۇنىڭ «باردۇر» ناملىق شېئىرى ئۇنىڭ دەسلەپكى مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر[①]. ئۇ بۇ شېئىرىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان كونا ئۆرپ - ئادەت ۋە پەسكەشلىكلەرنى شەپقەتسىز يوسۇندا قامچىلىغان:

جاھالەت سەمەرەسىدىن بىزگە بىر كۆن كۆپ جاپا باردۇر،
ئېيتىڭىزچۇ، بۇگۈنكى ھالىمىزنىڭ قايسى بىرىدە ساپا باردۇر.
زامانىنىڭ ھالىدىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرماقنىڭ ئورنىغا،
بىرىنى شاگىيو سايلاپ ئارقىدىن دەۋايىمىز باردۇر.

① مۇھەممەد پولات: «زۇلمەتلىك يىللاردىكى ئوت يۈرەك شائىر»، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى»(1)، 216 - ،217 - بەتلەر؛ «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى»(ئۇيغۇرچە)، 10 — 12 - بەتلەرگە قارالسۇن.

ئىلىمنىڭ ئىجتىھادىغا كۆڭۈلنى قويمىدۇق بىزلەر،
ئوقۇرمىز ـ ئوقۇتۇرمىز سىغىز چايناشىمىز باردۇر.
تەئاۋۇنۇ ـ تەناسۇر ئورنىغا بىزلەردە بىر ئادەت،
يىگى باشنى كۆتۈرگەننى ئۇرۇپ يىققانىمىز باردۇر.
يەنە يۇرت پايدىسىغا جەمئىي بولماقلىق بەسى مۇشكۇل
ئەگەر بىر يەردە توي بولسا، بېرىپ ياتقانىمىز باردۇر.
ئومۇمنىڭ پايدىسىغا يۈز يىلدا ھەم ئەسلا چۈشەنمەيمىز،
زىيان قىلماق ئۈچۈن بولسا ئەجەب چاققانىمىز باردۇر.
بىرى بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭ يادىنى قىلماق يوق،
ئېپى كەلسە بېرىپ ئەۋرەتلىرىنى ئاچقانىمىز باردۇر.
ئەگەر مىللەت ئۈچۈن بىر پۇل چىقىش كەلسە تاپالماسمىز،
چىقىمى يوق ناۋا پۇلغا تولا ئىخلاسىمىز باردۇر.
ئىھۋان ھەم بۇرادەرلىك نىشانى قالمىدى بىزدە،
مەگەر دوست بولساقمۇ ئەسلى، بۆلەك مۇددىئايىمىز باردۇر.
خاتائەن دوستىمىزدا بىر ئەيىب زاھىر بولۇپ قالسا،
يوشۇرماي بىرگە ئوننى تېپىپ قاتقانىمىز باردۇر.
بابالار شۆھرىتى، غەيرىتىنى ھېچ سىغىنماسىمىز،
قېلىپ غەپلەت جاھالەتتە يۇمۇپ كۆز پو ئاتقانىمىز باردۇر.
كېرەكسىز مۇستەھەپ ئىشلار ئۈچۈن جاننى پىدا قىلماق،
ۋە لېكىن ھەجگە باج ئالسا، توزۇپ قاچقانىمىز باردۇر.
ئويۇن ـ چاقچاق تۈپەيلىدىن ئۆزئارا بىئەت بولساق،
ياراشتۇرۇپ قويۇش نەدە، ئارىغا ئوت ياققانىمىز باردۇر.
خۇشامەت بابىدا بىزدىن بۆلەك ئۇستىسى ھەم يوقتۇر،
قۇۋۇلۇغۇ شۇملۇق بىلەن رەڭمۇرەڭ يالغانىمىز باردۇر.
ئىت ئۇرغاننى تونۇر دەپ بار ئىدى بىر تەمسىل،
لويى، ئامبال ۋە دارىن دەپ سېمىز باققانىمىز باردۇر.
ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۈچار كۆكتە ـ ئۆزەر سۇدا،
مىنىشكە قوتۇر ئېشەك يوق، پىيادە قالغانىمىز باردۇر.

گۇركىرەپ كەلسە ئاپتوموبىل، نېمە بۇ ئەي خۇدايىم دەپ،
ئەقىلنى ئىشلىتەلمەي ھاڭ ـ تاڭ قېتىپ قالغانىمىز باردۇر.
ھۇنەر بىلەن سانائەتتە «يېتىشتۇق» ئەمدى ئىش پۈتتى،
ئۇماچ ئىچمەككە خۇمداندا غېدىر قۇيغانىمىز باردۇر.
مىسلى جەننەت تاغۇ دەريانى بېزەشكە يوق كىشى،
ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ بىغەم ياتقانىمىز باردۇر.
مۇنەججىم ھەم ئىنژېنېر، ئالىملارنىڭ ئورنىغا،
تونۇ سەللە، نەپسى بالا موللىمىز ـ سۇلتانىمىز باردۇر.
قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋە يا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ بەل باغلىغانلارغا تۇرلۇك تۆمەن بۆھتانىمىز باردۇر.
ئەل ـ يۇرتنىڭ دەردىگە قىلچىمۇ دەرمان بولمىدۇق بىزلەر،
كېلۇر بىر كۈن ئاشۇ چاغدا ئورنىغا كەلمەس پۇشمانىمىز باردۇر.
ئابدۇخالىق بەس، يېتەر ئاۋارە بولما، قاقشىما،
شۇ چاغ كەلگەندە بىزلەردە ئازابقا تەييار ۋىجدانىمىز باردۇر.

ئۇ «ئىستىمەس» ناملىق شېئىرىدا، ئەينى ۋاقىتتىكى فېـ
ئودال مىلىتارىستلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىدەك تەسۋىرلەيدۇ[①]:

............

يەپ زەھەر بولدى كېسەل، ئەھۋالىدا كۆپتۇر خەتەر،
مىللىتىم جان چىقسىمۇ داۋالىنىشنى ئىستىمەس.
باشقىلار پويىز، پاراخوتتا ساياھەتلەر قىلۇر،
بىزگە كەلسە بىر قوتۇر ئېشەك مىنىش ئاسان ئەمەس.
ئىزلىدى ھۇما قۇشىنى كۈندە كۆكلەرگە قاراپ،
ئىستىگەنلەر بېشىغا ھۇما قونۇشنى ئىستىمەس.

---

① مۇھەممەد پولات: «زۇلمەتلىك يىللاردىكى ئوت يۈرەك شائىر»، «غەربىي شىمال مىللەتـلەر تەتقىقاتى» (1)، 217 ـ بەت؛ «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى»(ئۇيغۇرچە)، 8 ـ، 9 ـ بەتلەرـگە قارالسۇن.

مىللىتىم تارتقان ئازابىغا كۆڭۈل قانداق چىدار،
ئەل غېرىب ئىڭرايدۇ ئەمما تەۋرىنىشنى ئىستىمەس.
............

شائىر يۇقىرىقى نەچچە مىسرا شېئىر ئارقىلىق ئۇزۇندىن بېرى خەلقنىڭ ئىدىيەسىنى چۇشەپ تۇرغان قالاق، مۇتەئەسسىپ تەقدىرچىلىك قارىشىغا بولغان چەكسىز نەپرىتىنى ئىپادىلەپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يامرىغان بىخۇدلۇق ۋە كونا ئەنئەنىلەرگە ئېسىلىۋېلىش ئېڭىنى مەسخىرە قىلىپ، خەلقنى ئويغىنىپ، قوزغىلىشقا، ئاڭلىق، ئاكتىپ ھالدا جەمئىيەتنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە چاقىردى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا: «خەلق زالىم پادىشاھنىڭ زۇلمى ئاستىدا ئازابلىق ئىڭرىماقتا، ياخشى يىگىت ئۇلارنى ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزۇشى كېرەك» دەپ قەسەمياد ئېلان قىلدى، شۇنداقلا قوزغىلاڭچىلارنىڭ سېپىگە كىردى ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتىنى بېغىشلىدى.

شائىر 1926 ـ يىلى ئىجاد قىلغان «غەزەپ ۋە زار» ناملىق شېئىرىدا ئۆزىنىڭ مەرىپەتچىلىك ئىدىيەسىنى مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەپ بەردى[1]. ئۇ بۇ شېئىردا نادانلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان كەڭ خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىگە چوڭقۇر ئانالىز يۈرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ مەرىپەتچىلىك ئىدىيەسىنى تېخىمۇ كونكرېت ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە قىلدى. ئۇ بۇ شېئىردا يەنە خەلقنى يۆنىلىشنى ئېنىق كۆرۈپ، نادانلىق ۋە قالاقلىق بىلەن كۈرەش قىلىشقا، مۇستەبىتلىك دېڭىزىدىكى خەتەرلىك دولقۇنلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، شۇ ئارقىلىق «تىنچلىق ئارىلى»غا يېتىشكە، ھۆر، ئەركىن يېڭى دۇنيانى قۇرۇشقا چاقىردى:

① مۇھەممەد پولات: «زۇلمەتلىك يىللاردىكى ئوت يۈرەك شائىر»، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» (1)، 218 ـ بەت؛ «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى»(ئۇيغۇرچە)، 32 ـ، 33 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

ئەي پەلەك بۇ دەھشىتىڭدىن ئىنتىها بىزارىمەن،
ئىستىدىم كۆپ، تاپمىدىم بۇ دەردىمە ھېچ دارىمەن.
ئاتا ـ بوۋامدىن مىراس كونا كىيسەلنىڭ دەردىدە،
گاھ ئۆلۈپ ـ گاھ تىرىلىپ، كۆپتىن بېرى ئاۋارىمەن.
بىر پۇراپ كۆلسەم نە ئارمان بېغىم باھارى گۈلىنى،
ھەر سەھەر گۇل ئىشقىدا بۇلبۇلغا ئوخشاش زارىمەن.
دوستلىرىم ئوۋغا چىقاردا كەلتۇرەر مىسالىغا،
قارچىغا قۇشلار ئۆلار، مەن مىسالى سارىمەن.
يۇزمۇ يۇز قىلماس تەئەررۇز[1] كۆپ كۆڭۈلچاندۇر ئۆلار،
كۆرمىسەم چاينار نىجىس گوياكى دىل ئازارىمەن.
لائەقىل دەپ ئويلىدى، چىندىن نەزەر سالماي تۇرۇپ،
يېڭىلىپ كەتتى ئۆلار، كۆپتىن بېرى ھوشيارىمەن.
قولىدىن كەلمەيدۇ ئىش، دائىم غىدىقلايدۇ مېنى،
مەن ئۆلارنىڭ شۇ سۆزىگە بەكمۇ بەك خۇنبارىمەن[2].
پەنگە ماڭساق كۆز ئېچىپ، كاپىر، جەدىت دەپ قارغىشۇر،
بۇ ھاماقەت دەۋرىدە ئاتەش بولۇپ يانارىمەن.
چۆل ـ جەزىرە، دەشتۇ سەھرا ئىچرە قالدىم نائىلاج،
ئاھ قاچان بىر يول تېپىپ، قوشۇلاي قاتارىمەن.
سۇغا تەشنادۇر بۇ چۆل، بىپايان مۇنبەت زېمىن،
مىسلى دەريا تاپماي ئېقىش، قاينام بولۇپ قاينارىمەن.
ئويغىنىپ كەتتى جاھان، مەغرىبۇ مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۇت ئۇيقۇدا، چۇش كۆرۈپ ياتارىمەن.
باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق،
مەن مىسالى يالاڭ ئاياغ، دەسسەپ تىكەن ماڭارىمەن.

---

[1] تەئەررۇز ــ قارشىلىق كۆرسىتىش.
[2] خۇنبار ــ يۈرىكى قان بولۇش مەنىسىدە.

ئىلىم ـ پەندىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت، خەۋپ ـ خەتەر،
ھالىمىز قۇلدىن بەتتەر، قانداق چىداپ تۇرارىمەن.
تىل ـ ھاقارەت، تەنە ـ دىخمار ۋاي دات...! بۇ جاننى قىيىندى،
ئەمدى نە قىلماق كېرەك، ئەجەبمۇ بولدۇم خارىمەن.
زۇلۇمنىڭ ئوكيانىدىن تاپماي پاراغەت ئارىلى،
تاغ كەبى دولقۇندا ئۆرلەپ[1] ھەققە ئاھ ئۇرارىمەن.
دەۋرى جەبرىدىن ئىسىت! ھالىڭغا ئۇيغۇر ۋايىكىم،
جاننى ئالىقانغا ئېلىپ چىق، تاپمايسەن باشقا چارىسەن!

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدا ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى. جۇڭگو كومپارتىيەسىدىكىلەر ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. شېڭ يەنبىڭ، سا كۇڭلياۋ، جاۋدەنلەرگە ئوخشاش ئىچكىرىدىكى نۇرغۇن تەرەققىيپەرۋەر يازغۇچى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملار شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلدى ياكى ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. ئۇلار ئىچكىرىنىڭ ئىلغار ئەدەبىياتىنى شىنجاڭغا ئېلىپ باردى. نۇرغۇن ياش ئۇيغۇر شائىر، يازغۇچىلار بۇنىڭ تەسىرىدە نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى ياپونغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىشقا، ۋەتەن ساتقۇچ تەسلىمچىلىككە ھەمدە شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلىرىنىڭ مۇستەبىتلىكىگە قارشى تۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

ئاتاقلىق شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1922 ـ يىلى ئىلىنىڭ

① ئۆرلەپ — بەزى ۋارىيانتلاردا «لەيلەپ» دەپ ئېلىنغان.

نىلقا ناھىيەسىدە دۇنياغا كەلگەنىدى. 1932 ـ يىلى غۇلجا نا-
ھىيەسىگە كىرىپ تاتار باشلانغۇچ مەكتىپىدە، كېيىن رۇس
ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇدى. ئۇ مەكتەپتە رۇس يازغۇچىلىرىنىڭ
كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە
ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى باش-
لىۋەتتى. ئۇ 1937 ـ يىلىدىن تارتىپ ئىلى گېزىتىدە شې-
ئىرلارنى ئېلان قىلىشقا باشلىدى. 1939 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە
بېرىپ، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇدى. 1941 ـ يىلى-
دىن 1943 ـ يىلىغىچە «شىنجاڭ گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىدە
ئىشلىدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەسىرى ۋە
تەربىيەسىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قوغ-
دىغۇچى تېما قىلىنغان زور تۈركۈمدىكى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىل-
دى. ئۇ بۇ مەزگىلدە ئىجاد قىلغان شېئىرلىرىدىن «يىللارغا
جاۋاب»، «تۈن يېرىپ ئىزلار باسقاندا»، «لېنىن شۇنداق ئۆگەت-
كەن»، «قىزىلگۈلگە پۈركەنگۈچە يەر ـ جاھان»، «ماي ـ كۈ-
رەشچان ئاي» ۋە «مۇھەببەت ۋە نەپرەت» ناملىق داستانى قاتار-
لىقلار؛ دىراملىرىدىن «چىمەنگۈل»، «كۈرەش قىزى»، «بوراندىن
كېيىنكى ئاپتاپ» قاتارلىقلار؛ فېليەتونلىرىدىن «ئەجەل ھودۇ-
قۇشىدا»، «پادىشاھ سامۇرايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» قاتارلىقلار
بار. 1943 ـ يىلى ئۇ ئاقسۇ گېزىتخانىسىغا خىزمەتكە بېرىپ
ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى داۋاملاشتۇردى. 1945 ـ يىلى ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە ئۇ مەخپىي ئىنقىلابىي تەش-
كىلاتنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، كېيىن خائىنىنىڭ
ساتقىنلىقى سەۋەبلىك قولغا ئېلىنىپ، 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا
قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى، بۇ چاغدا ئۇ ئارانلا 23 ياشتا ئى-
دى. لۇتپۇللا 1938 ـ يىلى يازغان «جۇڭگو» ناملىق شېئىرى

ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ۋەتەننى مەدھىيەلەش، ھەر مىللەت خەلقىنى ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرەش قىلىشقا چاقىرىشتەك جۇشقۇن ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلغان. ئۇ شېئىردا مۇنداق يازغان:

جۇڭگو...
جۇڭگو! ئانا يۇرتىمىز سەندۇر،
چۈنكى بىز مىليونلىغان خەلق
سېنىڭ ئوماق قوينۇڭدا
ساپ ھاۋاڭدا چوڭ بولغان؛
تېپىپ سېنىڭدە ئەقىل،
ئۆزىمىزنى تونۇپ ئوڭ بولغان.
ئېخ!
شۇڭلاشقا جۇڭگو،
بىزنىڭ بويىنىمىزدا تۈگىمەس قەرزىڭ بار،
ئۇنى بىز مۇكەممەل قىلىمىز ئادا،
بۇ يولدا جېنىمىز پىدا.

1942 ـ يىلىدىن كېيىن شېڭ شىسەي ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە تەرەققىيپەرۋەر شەخسلەرگە زىيانكەشلىك قىلىپ ۋە ئۇلارنى ئېچىنىشلىق قىرغىن قىلىپ، شىنجاڭنى بىر مەھەل «دوزاخ»قا ئايلاندۇردى. لۇتپۇللا 1943 ـ يىلى «يىللارغا جاۋاب» ناملىق شېئىرنى يېزىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈردى، بۇ شېئىر ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا قايتۇرما زەربە بەرگۈچى ئەيىبنامە بولۇپ، شائىرنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ زوراۋانلىقى بىلەن ئاخىر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

غنچە كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى نامايان قىلدى. شېئىردا مۇنداق يېزىلغان:

ئاخشام بەخت ئۈچۈن قۇربان بولغانلار
قەبرىسىنى يادلاپ گۈللەر ياپىدۇ.
.....
قىرىماسمەن كۈرەشنىڭ جۇشقۇن چېغىدا،
شېئىرىم يۇلتۇز بولۇپ يانار ئالدىمدا.
.....
يىللار، مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرمەن ئۆلۈمنى.
قىرىتمەن دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى.
......

ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، 1952 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ «مۇھەببەت ۋە نەپرەت» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدى. 1962 ـ يىلى تەڭرىتاغ كىنو ئىستۇدىيەسى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ هاياتى، ئەدەبىي ئىجادىيىتى ۋە ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ۋەقەلىك قىلىنغان هېكايە فىلىم «يىراقتىكى ئۈچقۇنلار»نى سۈرەتكە ئېلىپ، ۋەتىنىمىزدىكى هەر مىللەت ياشلىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

نىمشېھىت (1906 ـ 1972) ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىدىكى يەنە بىر ئاتاقلىق شائىر بولۇپ، ئۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا شېئىر ئىجادىيىتىنى باشلىغان هەمدە فېئودال مىلىتارىستلار هۆكۈمرانلىقىغا قارشى

دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، كونا جەمئىيەتنىڭ قاراڭ-غۇ - زۇلمەتلىكلىكىنى پاش قىلىپ، يورۇق دۇنيانى مەدھىيە-لەيدىغان، ئەركىنلىككە تەلپۈنىدىغان نۇرغۇن شېئىرلارنى ياز-غان. ئۇ خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن فېئودال مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرۇپ، مۇھەببەت، ئەركىنلىك مەدھىيە-لەنگەن «مادارا ئەئزەم»، «ئەنۋارۇلھۇدا»غا ئوخشاش شېئىرلار توپلىمىنى تۈزگەن. كېيىن بۇ ئىككى شېئىرلار توپلىمى بىر-دەك گومىنداڭ تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىپ تەقىب قىلىن-غان. ئۇ بۇرۇن ئاقسۇ گېزىتخانىسىدا لۇتپۇللا بىلەن بىللە ئىشلىگەن. ئۇ ۋەتەننى سۆيەتتى، ۋەتەننىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىق-بالىغا كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ 1942 - يىلى يازغان «بۈيۈك جۇڭ-گو» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق دېگەن:

بۈيۈك جۇڭگو سېنىڭ بەش مىڭ يىللىق ئۇزۇن تارىخىڭ بار،
كۈمۈش سۇلار، ئالتۇن تاغلار سانسىز ئورمان باغلىرىڭ بار.
تۆرلۈك مەدەن، نېفىت، كۆمۈر، ھېچ تۈگىمەس بايلىقلىرىڭ بار،
يەر شارىنى تويغۇزغۇدەك كەڭرى مۇنبەت تۇپرىقىڭ بار.

......

سۇندۇرالماس كۈچىمىزنى شەرقىنىڭ ياۋۇز چايانلىرى،
تىز پۈكمەيمىز قانچە بولسا زەھەرلەشكەن پىلانلىرى.
تېخى مەھكەم بىرلەشتۈردى بىزنى ئۇنىڭ زىيانلىرى،
بىز يېڭىمىز بۇ كۈرەشتە خەلق كۈچى - يۆلەنچى بار.

ئۇ ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتى ۋە خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇيغۇر شېئىر ئىجادى-يىتى تارىخىدا ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش رولىنى ئوينىدى.

تىياتىر

ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىمۇ خېلى بۇرۇن دۇنياغا كۆز ئاچ-قان. «خەننامە. جاڭچيەننىڭ تەرجىمىھالى»دا خەن دەۋرىدىلا غەر-بىي يۇرتتا غەلىتە ئويۇنلارنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان. «جىن-نامە. لۈي گۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دىمۇ كۇسەن رايونىدىكى «ئا-جايىپ ئويۇنلار» تىلغا ئېلىنغان. سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندې 982 - يىلى بېشبالىققا بارغان. ئۇ قوچو ئۇيغۇر خانلى-قىنىڭ ئۆزىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بەرگەن كاتتا زىياپىتىنى تىلغا ئالغاندا مۇنداق دېگەن: «ئېسىل ئويۇنلار بىلەن ئىچىلىپ - يېيىلىپ خۇشال يەپ - ئىچىش كەچكىچە داۋاملاشتى». 1906 - يىلى ياپونىيە ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى كۇچا ئەتراپىدا ئۇستىگە ئويۇن مەيدانى سىزىلغان بىر جەسەت كۆلى قۇتىسىنى قېزىۋالغان. جەسەت كۆلى قۇتىسى ئۇستىگە كۆپ كىشىلىك ئويۇن كۆرسىتىلىۋاتقان مەنزىرە سىزىلغان بولۇپ، ئىچىدىكى ئىككى ئادەم نىقاب تاقىۋالغان، ئۇلار ھەر خىل كى-يىم كىيگەن. 1907 - يىلى فىرانسىيە پېللىئوت تەكشۈرۈش ئەترىتىمۇ كۇچادىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان جەسەت كۆلى قۇتىسىنى بايقىدى. بۇ قەدىمكى دەۋردە تارىم ئويمانلىقىدا تىياتىر ئويۇنىدىن ئىبارەت بۇ خىل سەنئەت شەكلىنىڭ مەۋ-جۇتلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ. قومۇلدىن تېپىلغان قوچو ئۇيغۇر خاذ-لىقى دەۋرىگە ئائىت يازما يادىكارلىق «مايترى سىمىت»مۇ 8 - ئەسىرلەردە تۇرپاندىكى ئۇيغۇر راھىبلىرىنىڭ تىياتىر سەنئىتى ئارقىلىق بۇددىزم قائىدىلىرىنى تەشۋىق قىلغانلىقىنى كۆرسى-تىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «مايترى سىمىت» توخرى تى-لىدىكى نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىنغان. ھەر پەردىدىن بۇرۇن

قىزىل سىياھتا ئويۇن مەيدانى، دىرامىدىكى روللار بىرمۇبىر يېزىلغان. بىز ھازىر ساقلىنىۋاتقان «مايترى سىمىت»نىڭ مەزمۇنىدىن ئويۇن قويىدىغان مەيداننىڭ ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئىكەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، دىنىي خۇراپاتلىق ۋە ئۇرۇش ئوتىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدا، نۇرغۇن يادىكارلىق ۋە قەدىمىي كىتابلار خاراب بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تىياتىر سەنئىتىمۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۈزۈلۈپ قالدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن بۇرۇن يەكەن، كۇچا، ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىكى خەلق سەنئەتكارلىرى ھەر خىل تەنتەنە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزگەندە دائىم كىچىك تىپتىكى ئوپېرالارنى ئويناپ، ئەينى دەۋردىكى نامۇۋاپىق ھادىسىلەرنى سۆكەتتى، پاش قىلاتتى ۋە شەپقەتسىز تۈردە مەسخىرە قىلاتتى. ئۇلار گەرچە ئورۇنلاش ماھارىتى جەھەتتە تېخى پىششىپ يېتىلمىگەن بولسىمۇ، تىياتىر سەنئىتى ساھەسىدىكى دادىل بىر قەدەمنى باستى.

30 ـ يىللار شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى خېلىلا تەرەققىي قىلغان دەۋر بولۇپ، تىياتىرچىلىق ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى قولىدا جانلىنىشقا باشلىدى. 1934 ـ يىلى شىنجاڭدا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەسىس قىلىنىپ، سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلۇپ، كېيىن شىنجاڭ مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئىلى قاتارلىق جايلاردا كۇلۇبلار قۇرۇلۇپ، تىياتىر سەنئىتى راۋاجلىنىشقا باشلىدى. ئۇيغۇر تىياتىرچىلىرى تەجرىبە دىراما ئەترىتىنى قۇرۇپ، بىر قىسىم نادىر تىياتىرلارنى يىغىپ، رەتلەپ ۋە ئىجاد قىلىپ سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. مەسىلەن، 1939 ـ يىلى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى سەنئەت ئۆمىكىدىكى خەمىت ئىكرام يازغان چوڭ تىپتىكى مۇزىكىلىق دىراما «ئانارخان»، مۆمىن يازغان «قابىل پېرىخون»

قاتارلىق ئەسەرلەر رېپېتىتسىيە قىلىندى ۋە ئوينالدى. 1940 ـ يىلى جاۋ دەننىڭ تەشەببۇسى بىلەن، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى كۇلۇبىدا چوڭ تىپتىكى دراما «چېلىش ۋەتەن» ئوينالدى. بۇ ئويۇن بىر مەھەل ئۈرۈمچىدە زىلزىلە قوزغىدى. ئويۇن بېلىتى تالاشتا قېلىپ، ھەر كۈنى نۇرغۇنلىغان تاماشىبىن كۇلۇب ئالدىدا بېلەت ساقلايتتى. شېڭ شىسەي قوراللىق ساقچى ئەۋەتىپ، بۇ ئويۇننى تەقىب قىلىپ، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى زالىدا ئويۇن قويۇشقا رۇخسەت قىلمىدى. 1940 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1941 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى سەنئەت ئۆمىكى ئۈرۈمچىدە «غېرىب ـ سەنەم» ۋە «ئارشىن مال ئالان» ناملىق درامىلارنى ئوينىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۈرۈمچىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئىجاد قىلغان سەھنە ئەسەرلىرى باھار يامغۇرىدىن كېيىنكى بامبۇك نوتىسىدەك ئۇزۇلمەي مەيدانغا كەلدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەڭ ئالدى بىلەن چوڭ تىپتىكى دراما «چىمەنگۇل» ۋە كومېدىيە «سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ» نى ئىجاد قىلدى، ئارقىدىنلا «كۆرەش قىزى» ناملىق درامىنى يازدى؛ ئەھمەد زىيائىنىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن»، قاسىمجان قەمبىرىنىڭ «زەينەپكە تۆھمەت»، ئابدۇشۇكۇر يالقىنىنىڭ «شاڭخەي كېچىسى» قاتارلىق درامىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دەۋردە مەيدانغا چىقتى. بۇ تىياتىرلار ئوينالغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياقتۇرۇشىغا نائىل بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئۈرۈمچى سەھنىسىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. ئۇيغۇر درامىلىرىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلدى ۋە پىشىپ يېتىلدى. بىر تۈركۈم قەدىمكى ۋە ھازىرقى دەۋر تېمىسىدىكى ئەسەرلەر ئىجاد قىلىندى، شۇنداقلا خېلى مۇكەممەل مىللىي ئوركېستىرلار مەيدانغا كەلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرى-

شىپ، مۇزىكانتلار مۇقام ۋە خەلق قوشاقلىرىدىكى ئاھاڭلاردىن پايدىلىنىپ ئامىمىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى.

40 ـ يىللاردا، ئىلىدىكى مەدەنىيەت ئاقارتقۇچىلار ۋە سەنئەتكارلار «ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى»(قىسقارتىلىپ ‹ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى› دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قۇرۇپ، سەنئەت ـ تىياتىر ئۆمىكى تەسىس قىلىپ، ئىلغار زاتلارنىڭ ئاكتىپ قوللىشى ئارقىسىدا زور بىر تۇركۇم مەدەنىيەت ئىختىساسلىقلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇردى ۋە تەشكىللىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ۋە سانايىنەپىسەنىڭ يېتەكچىلىكىدە، غۇلجا شەھىرىدىكى ھەر قايسى مەكتەپلەر ئاساسىدا يەنە نۇرغۇن كىچىك سەنئەت ئۆمەكلىرى قۇرۇلۇپ، ئىلىدا داڭقى بار سەنئەتكارلارنى بىر يەرگە جەم قىلدى.

سانايىنەپىسە خەلق ئارىسىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇللارنى ۋە جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى ئېچىپ بەرگەن كىچىك تىپتىكى درامىلارنى ئورۇنلىدى. كېيىن «قانلىق داغ»، «يېتىملەر يېشى»، «يالغان تېۋىپ» ۋە «ئەمەت بەگ» قاتارلىقلارنى ئىجاد قىلىپ ئوينىدى. كېيىن يەنە گوگولنىڭ «ئۆيلىنىش» ۋە «ھاراق ئىچكەننىڭ جاجىسى» قاتارلىق درامىلىرىنىمۇ ئوينىدى. 1936 ـ يىلى سەنئەت ئىشلىرى تېخىمۇ چوڭ تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. مىللىي كۇلۇب قۇرۇلۇپ، چوڭ تىپتىكى سەھنە ئويۇنلىرىنى مەيدان بىلەن تەمىنلىدى. «قانلىق داغ» ۋە «ئارشىن مال ئالان» قاتارلىق تىياتىرلار، شۇنىڭدەك كوللېكتىپ رەتلەپ سىنارىيەلەشتۇرگەن «غېرىب ـ سەنەم»، «پەرھاد ـ شېرىن»، «نۇزۇگۇم» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىلا سانايىنەپىسە تەرىپىدىن سەھنىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ چىقىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر تۇركۇم ئايال سەنئەتكارلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سەھنىگە چىقىپ ئويۇن قويۇشقا قاتناشتى.

1942 ـ يىلىدىن كېيىن يەنە بىر تۈركۈم يېڭى تىياتىرلار سەھنىگە ئېلىپ چىقىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرىدىن باشقا، يەنە زۇنۇن قادىرى دىراممىلىرىدىن «غۇنچەم»، «باي بىلەن مالاي»، «يۇسۇپ ئەخمەت» قاتارلىقلار بار. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى پاك مۇھەببەت، نىكاھ ئەركىنلىكى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەلىرىنى تەشۋىق قىلسا، يەنە بەزىلىرى رەھىمسىز ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئېچىپ تاشلىغان. ئۇ دەۋردە بۇ ئەسەرلەر خەلقنى تەربىيەلەپ ۋە ئويغىتىپ، مىللىتارىستلار بىلەن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىشتا غايەت زور رول ئوينىدى.

1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، سانايىنەپىسەنىڭ خىزمىتى ۋاقىتىنچە توختاپ، كۆپ قىسىم سەنئەتكارلار گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى كۈرەشكە ئاتلاندى.

1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى جەڭدىن ئىلگىرى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانلارنى قايتۇرۇپ كېلىپ، سانايىنەپىسەنى يېڭىباشتىن قۇرۇپ چىقتى. سانايىنەپىسە ئەينى ۋاقىتتا ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىللەپ، بورتالا، جىڭ، شىخۇ، ماناس قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيەسىگە ھال سوراش ئويۇنى قويۇپ بەرگەنىدى.

50 ـ يىللاردا ئۇيغۇر تىياتىرلىرى ئومۇمىيلىشىش دەرىجىسى ۋە ئورۇنلىنىش سەۋىيەسى جەھەتتىن خېلى يۇقىرى پەللىگە يېتىپلا قالماستىن، بەلكى بىر ئۇيغۇر تىياتىرچىلىرى قوشۇنى يېتىشىپ چىقىپ، ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئاساس سالدى. زۇنۇن قادىرىنىڭ «غۇنچەم» ۋە «توي» ناملىق دىراممىلىرى، بۇرھان شەھىدىنىڭ «يالقۇنتاغ غەزىپى». شۇنداقلا «غېرىب ـ سەنەم» ناملىق ئۇيغۇر دىراممىلىرى جەمئىيەتتە نىسبەتەن زور تەسىرگە ئىگە ئەسەرلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ھەر قايسى شەھەرلەردە تىياتىرخانىلار

قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىلدى.

## ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە باي خەلق مۇزىكىسى[①]

شىنجاڭ دۇنياغا مەشھۇر «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى»دۇر. ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرى مەزمۇنىنىڭ مولـلۇقى، شەكلىنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە مىللىي ئۇسلۇبىنىڭ روشەنلىكى بىلەن كىشىلەرنىڭ بىردەك تەرىپلىشىگە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى. ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرى مۇزىكا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى كۆزنى چاقنىتىدىغان گۆھەردۇر. ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرى ئالدى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر ۋە قالتىس مۇزىكا ئىجادىيەت تالانتىغا ئىگە ئىكەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىيات جەريانىدا ئۇنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق كۆپ خىل مۇزىكا مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقى ۋە ئۇلار بىلەن يۇغۇرۇلغانلىقى سەۋەبىدىن مۇشۇنداق كاتتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلىدى.

ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرى ئالدى بىلەن قەدىمكى غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ بىرلىشىپ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر. تەرەققىيات جەريانىدا، ئۇ يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئەرەب، پارس، جەنۇبىي ئاسىيا قاتارلىق جايلارنىڭ مۇزىكىلىرىدىن ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئوزۇق ئالدى. يېقىنقى زاماندا يەنە ئۆزبېك، تاتار، رۇس قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ خەلق مۇزىكىلىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، تېخىمۇ بېيىدى ۋە مۇكەممەللەشتى.

تەتقىقات نەتىجىلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇيغۇر خەلق

① بۇ بۆلەكنى يېزىشتا جۇڭگو مۇزىكا ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى دۇ ياشيۇڭ ئەپەندىنىڭ ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىشىگە ئېرىشتۇق، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن رەھمەت ئېيتىمىز.

مۇزىكىلىرى جۇڭگو، ئەرەب ـ پارس ۋە ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئوخشاش بولمىغان مۇزىكا سىستېمىسىدىن پايدىلانغان، لېكىن ئەڭ ئاساسلىق پايدىلانغىنى ئەرەب ـ پارس مۇزىكا سىستېمىسى بىلەن جۇڭگو مۇزىكا سىستېمىسىدۇر. شەرقىي شىنجاڭ خەلق مۇزىكىلىرى جۇڭگو مۇزىكا سىستېمىسىدىن پايدىلانغان بولۇپ، غەربىي سېرىق ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرى بىلەن نۇرغۇن ئورتاقلىققا ئىگە. شۇڭا بۇ جايدىكى خەلق مۇزىكىلىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىدىكى تېخىمۇ كۆپ تەركىبلەر ساقلانغان. جەنۇبىي شىنجاڭ خەلق مۇزىكىلىرى ئەرەب ـ پارس سىستېمىسىدىن كۆپ پايدىلانغان بولۇپ، سېرىق ئۇيغۇر ناخشىلىرىدىن ناھايىتى چوڭ پەرقلىنىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئۇيغۇرلار ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىيات جەريانىدا، تارىم ئويمانلىقىدا پائالىيەت قىلىدىغان باشقا قەبىلىلەرگە قوشۇلۇپ، كۆسەن مۇزىكىلىرى ۋەكىللىكىدىكى غەربىي يۇرت مۇزىكا ئامىللىرىغا ۋارىسلىق قىلغان، شۇنداقلا ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرغان. شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭ خەلق مۇزىكىلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەرلىكتىكى خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق، تاتار قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ خەلق مۇزىكىلىرىدىكى ھەر خىل پايدىلىق تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىپ، قايتا ـ قايتا قوشۇلۇش ئارقىلىق ئۆزگىچە ئۇسلۇبنى شەكىللەندۇرگەن. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات، شايار ۋە لوپنور ئەتراپىدا «دولانلار» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، تۇرمۇش ئادىتى، تىلى قاتارلىق جەھەتلەردە باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن خېلى پەرقلىنىدۇ. دولان خەلق مۇزىكىلىرىمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ خەلق مۇزىكىلىرىدىن پەرقلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، ئۇ ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرىدىكى ئۆزگىچە قامەتلىك يېگانە گەۋدىدۇر.

ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرىنى ئۇسلۇبىدىن مۇقام، خەلق ناخشىلىرى، خەلق ئۇسسۇلى، خەلق كۈيلىرى، مەدداھلىق مۇزىكىلىرى ۋە دىنىي مۇزىكا قاتارلىقلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

بۇ ئالتىسى شەكىل جەھەتتىن ئۆزگىچە تەرەپلەرگە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆزئارا باغلىنىشلىق. ئۇسسۇلدىكى «لەپەر»، ئەلنەغمىدىكى «قوشاق» خەلق ناخشىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛ مەدداھلىقتىكى «داستان» قىلىپلاشتۇرۇلۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ بىر بۆلىكىگە ئايلانغان؛ مۇقامنىڭ مەرغۇلى كىشىلەر تەرىپىدىن ھەمىشە مۇستەقىل كۈي بىلەن ئورۇنلىنىدۇ، دەپ قارالغان.

## مۇقام

مۇقام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر خىل ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلى بولۇپ، مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە مەدداھلىق قاتارلىق تەركىبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «مۇقام» سۆزى ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ خىل مەنىگە ئىگە بولۇپ، بەزىدە چۈشۈرگىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

مۇقام ئىسلام سەنئىتىدىكى ئورتاق بايلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، تۈرىمۇ ناھايىتى كۆپ. ئەرەبىستان، شىمالىي ئافرىقا، تۈركىيە، ھىندىستان ۋە ئۆزبېكىستان قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدىلا مۇقام بار. لېكىن مۇقامنىڭ تۈرلىرىدىن ئېلىپ ئېيتساق، نۆۋەتتە دۇنيادا، دۆلىتىمىزدىكى ئۇيغۇر مۇقاملىرى سان جەھەتتىن ئەڭ كۆپ، شەكىل جەھەتتىن ئەڭ مۇكەممەل تۈر ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى تەخمىنىي ھالدا بەش تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچى خىلى، قەشقەر، كۇچا، ئاقسۇ، يەركەن رايونلىرىغا كەڭ تارقالغان جەنۇبىي شىنجاڭ مۇقامى؛ ئىككىنچىسى، قومۇل، ئارا تۈرۈك رايونلىرىغا كەڭ تارقالغان قومۇل مۇقامى؛

ئۈچىنچىسى، تۇرپان مۇقامى؛ تۆتىنچىسى، ئىلى مۇقامى؛ بەشىنچىسى، دولان مۇقامىدۇر. تۇرپان مۇقامى توققۇز يۇرۇشلۇك بولغاندىن سىرت، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى 12 يۇرۇشلۇك بولۇپ، جەمئىي 57 يۇرۇش.

ھەر قايسى جايلارغا كەڭ تارقالغان مۇقاملارنىڭ قۇرۇلمىسى تامامەن ئوخشاش ئەمەس، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قۇرۇلمىسى ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ زور بولغىنى جەنۇبىي شىنجاڭ مۇقامىدۇر. جەنۇبىي شىنجاڭ مۇقامى 170 تىن ئارتۇق ناخشا ۋە 70 تىن ئارتۇق چالغۇ مۇزىكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر قېتىم ئورۇنلاپ چىقىشقا 20 سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت كېتىدۇ. ھەربىر يۇرۇش جەنۇبىي شىنجاڭ مۇقامى چوڭ نەغمە، داستان ۋە مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ. ھەر بىر بۆلەك يەنە بىر قاتار ئوخشاش بولمىغان قىسىملاردىن تەركىب تاپىدۇ.

چوڭ نەغمە چوڭ تىپتىكى مۇزىكا دېگەنلىك بولۇپ، ھېسسىيات تۈسى چوڭقۇر بولغان مۇقام مۇقەددىمىسىدىن باشلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەئەززە، نۇسخا، سەلىقە، جۇلا قاتارلىق باسقۇچلاردىن ئۆتۈپ، قىزغىن، تېتىك سەنەم (ئۇسسۇلدىكى «سەنەم» بىلەن ئوخشاشمايدۇ) ۋە چوڭ سەلىقەدىن ئىبارەت يۇقىرى دولقۇنغا يېتىپ، ئەڭ ئاخىردا يېنىك تەكت نەغمىسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. مۇزىكىنىڭ راۋاجلىنىش ئالاھىدىلىكى: بوش(لەرزان)ــ مۇزىكا يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ــ قىزغىن، شوخ ـ شوخ ـ شادىمان. رەت تەرتىپى تۆۋەندىكىچە: مۇقەددىمە ــ تەئەززە ــ تەئەززە مەرغۇلى ــ نۇسخە(ياكى مۇستەھزات) ــ نۇسخە مەرغۇلى ــ سەلىقە ــ سەلىقە مەرغۇلى ــ جۇلا ــ سەنەم ــ سەلىقە ــ پەشرۇ ــ تەكت ۋە چۇشۇرگە.

«داستان» ئۈچتىن بەشكىچە تاكت ۋە تېزلىكى ئوخشاش بولمىغان ناخشىدىن تەركىب تاپىدۇ، ھەر بىر ناخشىنىڭ ئارىلىقىدا پائۇزا بولۇپ، «مەرغۇل» دەپ ئاتىلىدۇ. بىر قەدەر ئاستا

باشلىنىپ، تەدرىجىي تېزلىشىپ، قىزغىنلىق ۋە شادلىق ئىلـ-
كىدە ئاخىرلىشىدۇ. رەت تەرتىپى تۆۋەندىكىچە: بىرىنچى
داستان ــ بىرىنچى داستان مەرغۇلى ــ ئىككىنچى داستان ــ
ئىككىنچى داستان مەرغۇلى ــ ئۈچىنچى داستان ــ ئۈچىنچى
داستان مەرغۇلى... مەرغۇل چۈشۈرگىسى.

«مەشرەپ» بىر كىلاسسىك شائىرنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇ-
نىڭ شېئىرلىرى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، شۇڭا ھەممىشە تو-
لۇقلىنىپ خەلق ئاھاڭلىرىدا ئېيتىلغان، شۇنداقلا ئۇسسۇل
تەڭكەش قىلىنغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ شائىرنىڭ
ئىسمى مۇقامدىكى مۇشۇ بۆلەكنىڭ ئىسمىغا ئايلىنىپ قالغان.
«مەشرەپ» ئۈچتىن يەتتىگىچە ناخشا ــ ئۇسسۇللۇق مۇزىكىدىن
تۈزۈلىدىغان بولۇپ، مەرغۇلى يوق، شۇنداقلا بىر مۇزىكا باسقۇ-
چىدىن ئۇزۇن كىرىش قىسمى يوق. باشلىنىشى بىلەنلا جۇشقۇن
ئۇسسۇللۇق مۇزىكا بولۇپ، باشتىن ــ ئاخىر ئوتتەك قىزغىن
كەيپىياتنى ساقلايدۇ.

شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلى مۇقاملىرىنىڭ قۇرۇلمىسى
جەنۇبىي شىنجاڭ مۇقاملىرىنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ،
پەقەت بىرىنچى بۆلەك يوق (لېكىن مۇقەددىمە بار). شەرقىي
شىنجاڭدىكى قومۇل مۇقامى ۋە تۇرپان مۇقاملىرىنىڭ ھەربىر
يۈرۈشى مۇقەددىمە ۋە يەتتە ــ سەككىز ياكى ئون نەچچە ناخشى-
دىن تۈزۈلگەن بولۇپ، مەرغۇلى يوق، ئەكسىچە بىر خىل يۈ-
رۈشلۈك ناخشا شەكلىدە بولىدۇ.

دولان مۇقامى يەنە دولان سەنىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قۇرۇلما
جەھەتتىن بىر قەدەر قىسقا، ھەر يۈرۈش مۇزىكا مۇقەددىمە،
چېكىتمە، سەنەم، سەلىقە ۋە سىيرىلمادىن ئىبارەت بەش بۆلەك-
تىن تۈزۈلىدۇ. ھەر بىر بۆلەكنىڭ تاكت ۋە مۇقىم رىتىم شەك-
لى ئوخشاش ئەمەس، لېكىن ئوخشاش بىر يۈرۈش مۇقامدىكى
ناخشا بىلەن ئاھاڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك، بەزىدە كۈي ئۆزگەر-

تىش مۇناسىۋىتى بار.

مۇقام ناخشا تېكىستلىرىنى ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ: بىرىنچى خىلى، مەشھۇر كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بولۇپ، ھەر مىسراسى 15 ياكى 15 تىن ئارتۇق بوغۇملۇق شېئىرلاردىن تەركىب تاپقان. ئۇلار خەلقنىڭ گۈزەل بەخت ـ سائادەتنى قىزغىن سۆيۈش ۋە زۇلمەتلىك قالاق كۈچلەردىن يىرگىنىشتەك ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلغان. يەنە بىر تۈرى خەلق قوشاقلىرى ياكى نامەلۇم سەنئەتكارلارنىڭ ئەسەرلىرى. ئۇلارنىڭ ھەر مىسراسى يەتتە بوغۇم، ھەر كۇبلىتى تۆت مىسرا بولۇپ، كۆپ قىسمىنى مۇھەببەت قوشاقلىرى ئىگىلەيدۇ.

مۇقامغا تەڭكەش قىلىنىدىغان چالغۇلاردىن ساتار، تەمبۇر، دۇتار، غېجەك، راۋاب، قالۇن ۋە داپ قاتارلىقلار بار.

بىر يۈرۈش مۇقامنى ئورۇنلاشقا بىر ـ ئىككى سائەت ۋاقىت كېتىدۇ. ئادەتتە مۇقام ئورۇنلانغاندا، باشلىنىشتىن بۇرۇن مۇقامچى يۇقىرىدا ئولتۇرىدۇ. تاماشىبىنلار چۆرىدەپ ئولتۇرىدۇ ياكى ئۆرە تۇرىدۇ. ئالدى بىلەن يۇقىرىدا ئولتۇرغانلار ئىچىدىكى بىر پېشقەدەم مۇقامچى مۇقەددىمىنى ئېيتىدۇ، ئاندىن كېيىن كۆپچىلىك ئەگىشىپ تەڭ ئېيتىدۇ ۋە ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا، دۆلىتىمىزدىكى مۇزىكانتلار ۋە سەنئەتكارلار ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، توپلاش، رەتلەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە زور كۈچ چىقاردى. ئۇلار ئالدى بىلەن مۇقام ئۇستىسى تۇرداخۇن ئاكا ئېيتقان بىر پۈتۈن 12 مۇقامنى لېنتىغا ئېلىش، نوتىغا ئېلىش ۋە ئېلان قىلىش خىزمىتىنى تاماملىدى، شۇنىڭ بىلەن مۇقام دەل ۋاقتىدا ساقلاپ قېلىندى ھەمدە ھەر خىل شەكىللەردە سەھنىگە ئېلىپ چىقىلدى. 1983 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا مۇقام ئانسامبىلى تەسىس قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن مۇقام

تەتقىقات خىزمىتىمۇ ئىزىغا چۈشتى. مۇزىكانتلار ۋە ئورۇنلىغۇچى سەنئەتكارلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى ئىجرا قىلغان ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ئۈنگە ئېلىنىپ نەشر قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل تىلدىكى ناخشا تېكىستى كىرىشتۈرۈلگەن ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ نوتىسى نەشردىن چىقتى.

## خەلق ناخشىلىرى

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى خەزىنىسى ئىنتايىن مول بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن ئەنئەنىۋى خەلق ناخشىلىرى ۋە يېڭى خەلق ناخشىلىرى، دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ. ئەنئەنىۋى خەلق ناخشىلىرى تارىختىن بۇيان ۋارىسلىق قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. يېڭى خەلق ناخشىلىرى يېقىنقى نەچچە ئون يىللاردىكى ئىجادىيەتتۇر.

ئەنئەنىۋى خەلق ناخشىلىرى مۇھەببەت ناخشىلىرى، ئەمگەك ناخشىلىرى، تارىخىي ناخشىلار ۋە ئۆرپ ـ ئادەت ناخشىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇزاق تارىخىي يىللار مابەينىدە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەمگەك شارائىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتى ئىنتايىن جاپا ـ مۇشەققەتلىك بولۇپ كەلدى. ئۇلار ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇملىرى ئاستىدا ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈردى. لېكىن ئۇيغۇرلار ھامان كۆكسى ـ قارنى كەڭ، كۆڭلى ئوچۇق، ئۈمىدۋار ھالدا ياشاپ كەلدى. خەلق ناخشىسى خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا ئەنئەنىۋى خەلق ناخشىلىرى گەرچە مول مەزمۇنلارغا ئىگە بولسىمۇ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرسىمۇ، لېكىن ماھىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن «دەرد ئىچىدە كۆڭۈل ئېچىش»تىن ئىبارەت.

ئەنئەنىۋى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئىچىدە مۇھەببەت ناخشىلىرىنىڭ سانى ئەڭ كۆپ. سەۋەبى ئاساسلىقى ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق مەزگىل فېئوداللىق قائىدە ـ يوسۇن ۋە قالاق ئىجتىمائىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ بېسىمى ۋە كىشەنلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، قىز ـ يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەت ۋە نىكاھ ئەركىنلىكىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان. بۇ جەھەتتە خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات ئەنئەنىسى بىلەنمۇ مۇئەييەن باغلىنىشى بار. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھەببەت ناخشىلىرى ئىچىدە ھېسسىياتقا باي، ژانىرى نەپىس بولغان ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ مەدھىيەلىرى، سۆيگۈگە سادىق ۋەدىلەر بار، شۇنداقلا ھۆر مۇھەببەتنى فېئودال كۈچلەر تەرىپىدىن تۇنجۇقتۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئازابلىق قەلب ئىنژھارلىرىمۇ بار. نۇرغۇن مۇھەببەت ناخشىلىرىدا ياش قىز ـ يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەتكە بولغان چەكسىز ساداقىتى ۋە قىزغىن تەلپۈنۈشلىرى ئىپادىلىنىش ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلق ھېسسىياتىدىكى سەممىيەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئەمگەك ناخشىلىرى ئەمگەك جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن، شۇنداقلا كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى جەريانىدا ئېيتىلىدىغان ناخشىلاردۇر. ئەمگەك ناخشىلىرىدىن ئاساسلىقى ئوۋچى ناخشىسى، پادىچى ناخشىسى، ئورما ناخشىسى، خامان ناخشىسى، ئۆستەڭ ناخشىسى، چاق ئېگىرىش ناخشىسى ۋە تامچىلىق ناخشىسى قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوۋچى ناخشىسى بىلەن پادىچى ناخشىسى ئۇيغۇرلار پادىچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان دەۋردىكى خەلق ناخشىسى بولۇپ، پەيدا بولۇش دەۋرى بىر قەدەر ئۇزۇن. باشقا تۈرلەر دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا كۆچكەندىن كېيىنكى ھاسىلاتلاردۇر.

تارىخىي ناخشىلار ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى بىر قىسىم زور ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى خەلق ناخشىلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ

ئىچىدىكى بەزىلىرى فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ۋەھشىيانە زۇلمى، شۇنداقلا ئۇ خەلققە ئېلىپ كەلگەن بەختسىزلىكلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، شىمالىي شىنجاڭغا تارقالغان «خەندەك ناخشىسى»، «ۋاڭخۇلۇ ناخشىسى»غا ئوخشاش؛ بەزىلىرىدە دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ رەھبەرلىرى مەدھىيەلىنىپ، دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ۋە خەلقنىڭ ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەش ئەھۋالى تەسۋىرلىنىدۇ. مەسىلەن، «سادىر پالۋان»، «ھارۋىكەش ناخشىسى» ۋە «تۆمۈر خەلىپە داستانى» قاتارلىقلار؛ يەنە بەزىلىرىدە جاھانگىر تاجاۋۇزچىلارنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسى ئېچىپ تاشلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چەتنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتەك تىللاردا داستان قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىش ـ ئىزلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ، مەسىلەن، ياقۇپبەگنى قامچىلىغان قوشاقلار ۋە «كۆچ ـ كۆچ قوشىقى»غا ئوخشاش.

تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەت ناخشىلىرى ھەر خىل مۇراسىم ۋە مىللىي ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ، مۇراسىملار، تەزىيە ۋە ئەل ئىچىدىكى ھېيت ـ بايراملارنىڭ ھەممىسىدە ئۆرپ ـ ئادەت ناخشىلىرى ئېيتىلىدۇ. بۇ تۈردىكى خەلق ناخشىلىرىدىن توي ناخشىسى، يەسمەن گۈل ناخشىسى، قارلىق قوشىقى، ھازا قوشىقى ۋە رامىزان قوشىقى قاتارلىقلار بار.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنلىنىش شەكلى بويىچە يۈرۈشلۈك ناخشىلار ۋە يالغۇز كىشىلىك ناخشىلار، دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئىلى رايونىغا كەڭ تارالغان ئون ئىككى يۈرۈش قەدىمىي ناخشا يۈرۈشلۈك ناخشىلارنىڭ ۋەكىلىدۇر. بۇ ئون ئىككى يۈرۈش قەدىمىي ناخشىنىڭ ھەر يۈرۈشى 7 ـ 8 دىن 10غىچە خەلق ناخشىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ناخشا تېكىستى مەزمۇن جەھەتتىن باغلىنىشلىق بولمىغاچقا، ھەر بىر

ناخشىنى يەككە ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ، ئۇلىسا يەنە يۇرۇشلۇك مۇزىكا تەشكىللىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ ژانىر جەھەتتىكى تۈرگە نىسبەتەن تېخىچە بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق. بەزى مۇتەخەسسىسلەر ئالدى بىلەن سىمفونىيەلىك مۇزىكىنىڭ تەڭكەش قىلىنغان ـ قىلىنمىغانلىقىغا ئاساسەن تەڭكەشلىك ناخشا ۋە تەڭكەشسىز ناخشىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە، ئاندىن كېيىن ھەربىر تۈرنى يەنە تاكت ۋە ئۇدارلىرىغا ئاساسەن ئىككى كىچىك تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

تەڭكەشسىز ناخشىلار بولسا مۇزىكا تەڭكەش قىلىنمايدىغان يالغۇز كىشىلىك ناخشىدۇر. ئۇ ئەمگەك، تۇرمۇش جەريانىدىلا توقۇلۇپ، تارقىلىپ، ئېيتىلىدىغان، ئۆزى ئېيتىپ، ئۆزى ئاڭلايدىغان ناخشا بولۇپ، ئادەتتە سەھنىگە ئېلىپ چىقىلمايدۇ. بۇ تۈردىكى خەلق ناخشىلىرى بىر قەدەر ئاز بولسىمۇ، لېكىن ساقلاپ قالغان قەدىمىيلىك ئامىلى خېلى كۆپ.

تەڭكەشسىز ناخشىلارنى ئۇزۇن تاكتلىق ۋە قىسقا تاكتلىق دەپ ئىككى كىچىك تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئۇزۇن تاكتلىق ناخشا تارقاق، لىرىك، ياڭراق، ئەركىن، كەڭ بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ ئورتىئىندو (76 ئۇزۇن تاكتلىق) ناخشىلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.①

شەرقىي شىنجاڭدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئەللەي ناخشىسى قىسقا ئۇدارلىق ناخشىدۇر. بۇ ناخشىدا بەش ئاۋازلىق گامما ۋە بېشى جىددىي، ئاخىرى بوش رىتىم شەكلى قوللىنىلغان بولۇپ، غەربىي سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ناخشىسىغا ناھايىتى ئوخشىشىدۇ.

تەڭكەشلىك ناخشىنىمۇ يەنە ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىد-

---

① 76 ئورتىئىندو: مېلودىيەسى ئازادە ۋە سوزۇپ ئېيتىلىدىغان، رىتىمى ئەركىن، جۈملە ئارىلىقى كەڭ يايلاق پۇرىقىغا ئىگە ناخشىلاردىن ئىبارەت ــ ت.

دۇ. بىرىنچى خىلىدا مۇقىم رىتىم شەكلى ئىشلىتىلمەيدۇ، رىد-ىتىمى ئەركىن، دائىم تاكت ئۆزگىرىشى كۆرۈلىدۇ، شۇنداقلا مىسرا ئاخىرىدا ئاۋاز تەبىئىي سوزۇلىدۇ. نەپەس ئۇزۇن بولۇپ، چوڭقۇر ھېسسىيات ئادەمنى زوقلاندۇرىدۇ. يالغۇز كىشىلىك ئۆزى چېلىپ ئۆزى ئېيتىشنى ئاساس قىلغان ھالدا لىرىك ۋە ئېپىك خەلق ناخشىلىرى ئېيتىلىدۇ. مۇقىم رىتىم قوللىنىلـ-مايدىغان تەڭكەشلىك ناخشىلاردا پادىچى ناخشىلىرىنىڭ پۇرىقى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بەلكىم ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى تارىم ئويمانلىقىدىكى بەزى قەبىلىلەرنىڭ پادىچى ناخشىلىرىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچى خىل تەڭكەشلىك ناخشىلاردا مۇقىم رىتىم قوللىنىلىدۇ، تاكتلىرى تەرتىپلىك، ئۇدارلىرى ئېنىق، كەيپى-يات قىزغىن بولۇپ، دائىم ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلىنىدۇ. ئو-رۇنلاش شەكلى ئېيتىشىش، بىرلىشىپ ئېيتىش، باشلاپ ئېيـ-تىش(خور ئېيتىشتا) ۋە ياردەمچى ئېيتىشنى ئاساس قىلىدۇ. سىرىق ئۇيغۇرلاردا بۇ خىل خەلق ناخشىسى يوق. شۇڭا ئۇ بەل-كىم قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئەنئەنىسىگە تېخىمۇ زور دەرىجىدە ۋارىسلىق قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ئادەتتە تۆت مىسرا بىر كۇپلېت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا خەلق ناخشىلىرىدا تۆت كۇي ئۇزۇندىسىدىن تەركىب تاپقان يەككە كۇي بۆلىكى ئەڭ ئومۇملاشقان. يەككە كۇي بۆلىكىدىن باشقا ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدا مۇرەككەپ كۇي بۆ-لىكمۇ بار بولۇپ، ئىككى بۆلەكلىك، ئۈچ بۆلەكلىك، ھەتتا ئۇ-نىڭدىنمۇ مۇرەككەپ كۇي شەكلى قوللىنىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ كۇي شەكلىدىكى ئالاھىدىلىك شۇنى چۈشەندۈ-رىدۇكى، ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرى ناھايىتى بۇرۇنلا تەرەققىي قىلىپ ئىنتايىن يۇقىرى پەللىگە يەتكەن.

## خەلق ئۇسسۇللىرى

ئۇيغۇرلار خەلق ئۇسسۇللىرى يېنىك، نەپىس بولۇپ، تېز پىرقىراش، ھەرىكەتتىكى مۇرەككەپلىك ھەمدە كۆپ خىل ئۆز-گىرىشچانلىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان. خەلق ئۇسسۇلىنىڭ كۆپىنچىسى ھەم ناخشا ئېيتىلىپ، ھەم ئۇسسۇل ئوينىلىدىغان ئۇسسۇللۇق ناخشا شەكلىدە بولۇپ، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرى بار:

(1) لەپەر: بۇ بىر خىل كىچىك تىپتىكى ئۇسسۇل بولۇپ، ئەر - ئايال ئىككى ئادەم ئوينايدۇ. شۇڭا «قوش كىشىلىك ئۇسسۇل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇسسۇل ھەرىكىتى بىر قەدەر ئاددىي بولۇپ، ئېيتىشىشنى ئاساس قىلىدۇ، ئوتتۇرىسىغا دىيالوگ قوشۇشقا بولىدۇ. ئەرنىڭ ئويۇنى يۇمۇرلۇق، قىزىقارلىق بولىدۇ.

(2) سەنەم: بۇ بىر خىل چوڭ تىپتىكى خەلق ئۇسسۇلى بولۇپ، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ ھەممى-سىگە كەڭ تارقالغان. ئۇ ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلاردا پەيدا بولغانلىقتىن، كىشىلەر «سەنەم»نىڭ ئالدىغا يەر - جاي نامىنى قوشۇپ ئادەتلەنگەن. مەسىلەن، قەشقەردە تارقالغىنى «قەشقەر سەنىمى»، ئىلىدا تارقالغىنى «ئىلى سەنىمى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ-نىڭدىن باشقا يەنە «كۇچا سەنىمى»، «قومۇل سەنىمى» قاتار-لىقلار بار. «سەنەم» ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز بولۇپ، ئەسلىي مەنىسى «مەبۇد»، «ئەۋلىيا» دېگەنلىك بولىدۇ، كۆچمە مەنىدە يارنى كۆرسىتىدۇ. ئومۇمەن مۇشۇ تۈردىكى ناخشا - ئۇسسۇلنىڭ ناخشا تېكىستى ئاساسەن مۇھەببەت قوشاقلىرى بولغاچقا، بۇ تۈردىكى ناخشا - ئۇسسۇل «سەنەم» دەپ ئاتالغان.

«سەنەم» دائىم ھېيت - بايرام، كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىك-لىرىدە ئوينىلىدۇ. ئورۇنلانغاندا تاماشىبىنلار ۋە سازەندىلەر

دائىرىنى چۆرىدەپ يەردە ئولتۇرىدۇ، ئۇسسۇل ئوتتۇرىدا ئوينى-لىدۇ. بەزىدە بىر ئادەم يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل، بەزىدە ئىك-كى ئادەم قوش كىشىلىك ئۇسسۇل ئوينايدۇ، يەنە بەزىدە ئۈچ – تۆت ئادەم بىرلىكتە ئوينايدۇ، كۆپچىلىك چاۋاك چېلىپ بىر-لىكتە ئېيتىدۇ. مۇزىكا رىتىمى ئوتتۇراھال تېزلىكتىن بارا – بارا تېزلىشىپ، ئۇسسۇل قەدىمى بارغانسېرى جىددىيلەشكەندە، تاماشىبىنلارنىڭ بارىكاللا ساداسى ھەممە تەرەپتە كۆتۈرۈلىدۇ، ئۇسسۇلچىلارنىڭ كەيپىياتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

«سەنەم» ئادەتتە خەلق ناخشىلىرىدىن ئىبارەت خام ماتېرى-يالنى مۇزىكا مۇقەددىمىسى قىلىپ پايدىلىنىپ ئۇسسۇلغا تەي-يارلىق قىلىدۇ. مۇقەددىمىنىڭ كەينىدىن ئۇلاپلا بىر قانچە ناخشا بار بولۇپ، ئوتتۇراھال تېزلىكتە باشلىنىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي تېزلىشىپ، ئەڭ ئاخىرىدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، شادىيانە تۈستە ئاخىرلاشتۇرغۇچى مۇزىكا بىلەن تاماملىنىدۇ. ئاخىرلاشتۇرغۇچى مۇزىكا بىر ناخشا بولۇشىمۇ، پەقەت مۇزىكىدىنلا ئىبارەت بولۇشىمۇ مۇمكىن. «سەنەم»دىكى ھەر بىر ناخشىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى ئىنتايىن جىپسىلاشقان بو-لۇپ، مەرغۇل كەمدىنكەم ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتىكى مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى: مۇقەددىمە ـــ بىرىنچى ناخشا ـــ ئىككىنچى ناخ-شا ـــ ئۈچىنچى ناخشا ... خاتىمە.

«سەنەم» ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق يورۇشلۇك مۇزىكا بولۇپ، ئادەتتە پەقەت بىرلا ئاھاڭ ئىشلىتىلىدىغان ئەھۋال ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا باشتىكى مۇزىكا بىر ئاھاڭ بولغان بولسا، كېيىنكى مۇزىكا يەنە بىر خىل ئاھاڭغا يۆتكىلى-دۇ، تۈسى ئىنتايىن رەڭدار.

مۇزىكا تەڭكەش قىلىش «سەنەم»دىكى بىر ئورگانىك تەر-كىبىي قىسىم بولۇپ، تەڭكەش قىلىنىدىغان چالغۇلار ئىچىدى-كى سوقما چالغۇلاردىن داپ ئاساس، ساپايى بىلەن تاش قوشۇم-

چە؛ چەكمە چالغۇلاردىن تەمبۇر، راۋاب، دۇتار؛ كامانچىلىق چال-غۇلاردىن غىجەك؛ سوقۇپ چېلىنىدىغان تارلىق چالغۇلاردىن چاڭ؛ يەللىك چالغۇلاردىن نەي، سۇناي قاتارلىقلار بار. چالغۇنىڭ ئاز - كۆپلۈكى مۇقىم بولمايدۇ، ئەمما داپ كەم بولسا بولمايدۇ. چالغۇ بىلەن تەڭكەش قىلىنغان مۇزىكا بىلەن ناخشا مېلودىيە-سى ئاساسەن بىردەك بولۇپ، شوخ، تېتىك ئۇسسۇل قىياپىتىگە زىچ ماسلىشىپ، رىتىمنى كۈچەيتىش، كەيپىياتنى روشەن گەۋ-دىلەندۇرۇش ۋە ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

(3) ساما: بۇ ئەرەب تىلىدىكى «ساماھ»(Samah ) دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئەسلىي «ئىجازەت» دېگەن مەنىدە ئىدى، كېيىن مەخسۇس رىتىمغا ئىگە ئۇسسۇلنى كۆر-ستىدىغان بولدى. ئەڭ دەسلەپتە بۇ سۆز ھەرىكەت رىتىمى ئار-قىلىق شېئىردىكى ۋەزىننى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۇسسۇل شەك-لىنىڭ ئورتاق نامى ئىدى. ئۇ ئابباسىيلار خەلىپىلىكىدىكى شېئىرىيەت پائالىيەتلىرى تازا گۈللەنگەن دەۋردە مەيدانغا كەل-گەن. مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلار قوش قاپىيەلىك شېئىرلارنىڭ رىتىمغا ئاساسەن چاۋاك چېلىپ ئۇدار ھاسىل قىلىپ، رىتىم بىلەن ناخشىغا جۆر بولاتتى. كېيىن شېئىرىيەت پائالىيەتلىرى مەسچىتلەرنىڭ ھامىيلىقىدىكى مەدرىسەلەرگە كىردى. مەدرىسە-لەر شېئىرنىڭ رىتىمى ۋە ۋەزنىگە ئاساسەن ئۇسسۇللۇق ھەرىد-كەت قىلىدىغان مەزمۇنلارنى قوشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئۇسسۇل ئوردىلارغا كىرىپ ئوردا ئۇسسۇلىغا ئايلاندى. ئىسلام دىنى سوپىزم ئېقىمىدىكى ئۇستازلار بۇ ئۇسسۇلنى سىپتىلاپ تۈزەپ، دىنىي تۈسكە ئىگە ساما ئۇسسۇلىنى شەكىللەندۇردى. بۇ ئۇسسۇلدا قەدەم ئۆزگىرىشچان بولۇپ، باش تاشلىنىپ، مۈرە چىقىرىلىدۇ. ساماچىلار بەزىدە چەمبەر شەكلىنى، بەزىدە باشقا خىل گېئومېترىيەلىك شەكىللەرنى ھاسىل قىلىدۇ. جەنۇبىي

شىنجاڭدىكى قەشقەر قاتارلىق جايلاردا دىنىي بايراملاردا ئامما كۆپىنچە مەسچىتنىڭ سىرتىدىكى مەيداندا كوللېكتىپ ساما ئۇسسۇلى ئوينايدۇ. ساماغا ناغرا بىلەن سۇنايدا تەڭكەش قىلىنىدۇ. بىر تەرەپتىن ئويىنغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن «هۇا! هۇا!» دەپ توۋلاپ قىزغىنلىقنى كۆتۈرىدۇ. ساما ئۇسسۇلىنىڭ ھەرىكىتى جۇشقۇن، مەردانە، چەبدەس، قىزغىن، قايناق، مۇزىكىلىق تۈسى قويۇق. شىنجاڭدىكى سوپىزم ئېقىمىدىكى مۇسۇلمانلار زىكىر ئوقۇغاندىمۇ ساما ئوينايدۇ.

**خەلق چالغۇلىرى**

ئۇيغۇر چالغۇلىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ۋە ئەنئەنىگە ئىگە. كۆپ ئىشلىتىلىدىغان چالغۇلار تۆۋەندىكى نەچچە خىل:

چەكمە چالغۇ: تەمبۇر، راۋاب، دۇتار، قالۇن.

كامانچىلىق چالغۇ: ساتار، غېجەك، خۇشتار.

يەللىك چالغۇ: نەي، بالىمان، سۇناي، كاناي.

سوقما چالغۇ: داپ، دۇمباق، ناغرا، ساپايى، تاش.

چەكمە چالغۇلار ئۇيغۇر خەلق سازلىرى ئىچىدە ئەڭ ئۆزگىچە بىر گۇرۇپپا چالغۇ ھېسابلىنىدۇ، ئۇلار خەلق ئوركېستىرىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن مۇزىكىلارنى ئورۇنلاشتا قوللىنىلىدۇ. تۆۋەندە نەچچە خىل تىپىك چالغۇلارنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرىمىز.

(1) تەمبۇر: دائىم يالغۇز چېلىش، تەڭكەش قىلىش ۋە كوللېكتىپ چېلىشتا ئىشلىتىلىدۇ. بېشى ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، نەشپۈت شەكىللىك. ئۈستىدە بەش تال پولات سىم تار بولۇپ، ئىككى تال سىرتقى تار بىر گۇرۇپپا، ئىككى تال ئىچكى تار يەنە بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ئوتتۇرىدا بىر تال تار بار. بارماق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچىغا سىم ناخۇن بېكىتىلىپ ياكى باش بارماق ۋە بىگىز بارماق بىلەن سۇلياۋ زەخمەك تۇتۇپ چېكىپ چېلىنىدۇ. سىرتقى تاردا ئاساسلىقى مېلودىيە ئورۇنلىنىدۇ، ئوتتۇرا تار بىلەن ئىچكى تار مۇزىكا تەڭكەش قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

(2) راۋاب: بۇ چەكمە ساز بولۇپ، تۈرى بىر قەدەر كۆپ. ئەڭ كەڭ تارقالغىنى قەشقەر راۋابى ۋە شىمالىي شىنجاڭ راۋابىدۇر. بېشى ياغاچتىن يېرىم شار شەكلىدە ئويۇلۇپ، قوي تېرىسى ياكى ئېشەك تېرىسى بىلەن كېرىلىدۇ. دەستىسىدە پەدە بولۇپ، قەشقەر راۋابىغا يىپتىن پەدە بېسىلىدۇ، شىمالىي شىنجاڭ راۋابىنىڭ بولسا مېتالدىن ياسىلىدۇ. پەدە ئون نەچچىدىن تارتىپ يىگىرمە نەچچىگىچە بولىدۇ. بەش تال (بەزىلىرىدە بەشتىن كۆپ) تار بېكىتىلىدۇ. دائىم ئىككى تال سىرتقى تار بىر گۇرۇپپا، ئىككى تال ئوتتۇرا تار يەنە بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ئاۋازنىڭ يۇقىرىلىقى ئوخشاش. ئىچكى تار پەقەت بىر تاللا بولىدۇ. سىرتقى تار ئاساسىي مېلودىيە ئورۇنلاشقا، ئوتتۇرا تار بىلەن ئىچكى تار مۇزىكا تەڭكەش قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. چالغاندا چالغۇنى ئوڭ مۈرىگە توغرىسىغا تىرەپ، سول قولدا پەدە بېسىپ، ئوڭ قولدا زەخمەك بىلەن چېكىپ چېلىنىدۇ. كۆپىنچە خەلق چالغۇلىرى بىلەن كوللېكتىپ مۇزىكا ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، شۇنداقلا يالغۇز كىشىلىك مۇزىكىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل چالغۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىغىمۇ كەڭ تارقالغان.

(3) دۇتار: بۇ ئىسىم قەدىمىي پارس تىلىدىن كىرگەن بولۇپ، «ئىككى تار» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. دۇتار ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىغا ئەڭ كەڭ تارقالغان چەكمە سازلارنىڭ بىرى بولۇپ، كۆپىنچە ئۆزى چېلىپ ئۆزى ئېيتىشتا ئىشلىتىلىدۇ. بېشى ياغاچتىن نەشپۈت شەكىللىك قىلىپ ياسىلىدۇ، دەستىسى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن بولۇپ، ئۇستىگە 13~20 گىچە پەدە بېكىتىل-

لىدۇ، ئىككى تارلىق. چالغاندا ئوڭ قول باش بارماق ئىچكى تارنى، بىگىز بارماق، ئوتتۇرا بارماق ۋە نامسىز بارماقلار بىلەن سىرتقى تارنى بېسىپ، ئوڭ قولدا تار چېكىلىدۇ. ئاۋازى بىر قەدەر تۆۋەن، ئاۋاز تۇسى يۇمشاق كېلىدۇ.

(4) قالۇن: ئاۋاز ساندۇقى ياغاچتىن ياسىلىدۇ، ئۈستىگە 15~18 گىچە جۈپ سىم تار ئورنىتىلىدۇ، ھەربىر جۈپ سىم كېرىلىدۇ، تارنىڭ ئاۋازىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ئوخشاش. چالغاندا سازنى جازىغا تۈز قويۇپ، ئوڭ قولدا ياغاچتىن ياكى سۆڭەكتىن ياسالغان زەخمەك بىلەن تارنى ئىلىپ، سول قولدا تۆمۈردىن ياسالغان باسقۇچ ئارقىلىق تارنى بېسىش ياكى سىيرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق چېلىنىدۇ. ھەر خىل ئاھاڭلارنى چىقىرىشقا بولىدۇ. سازنى تەڭشىگەندە مۇزىكىنىڭ كوي شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان ئاۋاز قاتارىغا تەڭشىلىدۇ. مۇقامغا تەڭكەش قىلىشتا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

(5) ساتار: بۇ بىر خىل قەدىمىي كامانچىلىق چالغۇ بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا «塞他尔» دەپ خاتىرىلەنگەن. بېشى ياغاچتىن نوگايسىمان ياسىلىدۇ، دەستىسى بىر قەدەر ئۇزۇن، ئۈستىگە ئادەتتە 16~18 گىچە پەدە بېكىتىلىدۇ. بىر تال ئاساسىي مېلودىيە تارى، 9~13 كىچە ئەكس سادا تارى بار. چالغاندا سول قول پەدىنى باسىدۇ، ئوڭ قولدا ئاتنىڭ قۇيرۇق قىلىدىن ياسالغان كامانچە سىيرىلىدۇ. ئاۋازى سىلىق، مۇڭلۇق بولۇپ، كۆپىنچە مۇقامغا تەڭكەش قىلىنىدۇ.

(6) غېجەك: بۇ بىر خىل كامانچىلىق چالغۇ بولۇپ، بېشى ياغاچتىن يېرىم شار شەكلىدە ياسىلىپ، يۈزىگە تېرە كېرىلىدۇ. قەدىمكى غېجەكنىڭ ئاتنىڭ قۇيرۇق قىلىدىن ئېشىپ ياسالغان ئۈچ تال ئاساسىي تارى بولۇپ، ئارىلىق تۆت گىرادۇسلۇق قىلىپ تەڭشىلەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاساسىي تارنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ ھەربىرىدە بەشتىن ئەكس سادا تارى بولاتتى.

چالغاندا چالغۇ سول پۇت تىقىمىغا قويۇلۇپ، ئاتىنىڭ قۇيرۇق قىلىدىن ياسالغان كامانچە بىلەن سىيرىپ چېلىنىدۇ. ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىنكى غىجەكنىڭ تارى تۆت تال مېتال سىم تار بولۇپ، ئاۋازى بىر قەدەر يۇقىرى، ئاۋاز دائىرىسىمۇ خېلى كەڭ بولۇپ، يالغۇز كىشىلىك مۇزىكا، كوللېكتىپ مۇزىكا ۋە ناخشىغا تەڭكەش قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

(7) داپ: بۇ ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان سوقما ساز بولۇپ، ئاساسلىق مۇقىم ئۇدارلىق مۇزىكىلارنى چېلىشتا ئىشلىتىلىدۇ. دىيامېتىرى 40 سانتىمېتىر قىلىپ ياسالغان چەمبەرسىمان گەردىشىنىڭ بىر تەرىپىگە قوي تېرىسى ياكى يىلان تېرىسى كېرىلىپ ياسىلىدۇ، گەردىشىنىڭ ئىچىگە نۇرغۇنلىغان كىچىك مېتال ھالقىلار ئېسىلىدۇ. چالغاندا سول قولنىڭ باش بارمىقى گەردىش ئىچىدىكى تۆمۈر ھالقىغا چېگىلگەن لېنتىغا قويۇلىدۇ، ئاندىن لېنتا قول بىلەن گەردىشكە ئېلىپ قويۇلىدۇ. داپ قىرى بىگىز بارماقتا تىرىلىدۇ. ئوڭ قول باش بارماق ئۇچى داپ قىرىغا تىرىلىدۇ، قالغان بارماقلار بىلەن داپ يۈزىگە ئۇرۇپ چېلىنىدۇ. ئىككى قولنىڭ زىچ ماسلىشىپ، داپ يۈزىنىڭ ئوخشاشمىغان جايلىرىغا ئۇرۇلۇشىدىن ئوخشاشمىغان ئاۋاز چىقىدۇ. يېقىنقى يىللاردا، بەزىلەر داپنى ئىككى پۇت ئارىسىغا قويۇپ، ئىككى قول بىلەن ئۇرۇپ چېلىۋاتىدۇ. داپ چېلىشتا مەركىزىگە ئۇرۇپ چېلىش، يانىنى چېكىش، دومىلىتىپ ئۇرۇپ چېلىش، ئۇستىنى چېكىش، ئۇستىگە ئالىقان بىلەن ئۇرۇپ چېلىش قاتارلىق ماھارەتلەر بار.

(8) ناغرا: سوقما چالغۇ بولۇپ، ناغرا گەۋدىسى تۆمۈر قۇيما، قۇتىسىمان، ئىچى بوش بولۇپ، يۈزلۈكىگە تېرە كېرىلىدۇ. كۆپىنچە چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە ئاۋازىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ئوخشاش بولمىغان ئىككى ناغرا بىر گورۇپپا قىلىنىدۇ. چوڭ ناغرا يۈزىنىڭ دىيامېتىرى 25 سانتىمېتىر، كىچىكىنىڭ

23 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بىر ئادەم ئىككى تال ناغرا چوكىسىنى تۇتۇپ، چوڭ ـ كىچىكلىكى تەڭ بولمىغان بىر جۈپ ناغرىنى سوقۇپ چالىدۇ. دائىم كوللېكتىپ مۇزىكىدا ۋە ناخشىغا تەڭ-كەش قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

(9) ساپايى: بۇ سوقما چالغۇ. ئۆزئارا جۈپلەنگەن ئىككى تال ياغاچ ساپىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا بىر جۈپ چوڭ تۆمۈر ھالقا، ھەربىر تال چوڭ تۆمۈر ھالقىغا يەنە ئون نەچچە تال كىچىك تۆ-مۈر ھالقىلار بېكىتىلىدۇ. چالغاندا ئوڭ قول بىلەن ياغاچ ساپنى سىلكىش ياكى مۈرىگە سوقۇش ئارقىلىق ئاۋاز چىقىرىدۇ. بۇ خەلق ئۇسسۇلى ئوينىغاندا، ئەرلەر بىر تەرەپتىن ئۇسسۇل ئوي-نىغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن چالىدىغان چالغۇدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ چالغۇ مۇزىكىلىرى باي ھەم مەزمۇنلۇق بو-لۇپ، تەخمىنەن ئۈچ خىل تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ:

1. خەلق ناخشىلىرىدىن ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن چالغۇلۇق مۇزىكىلار. مەسىلەن، يالغۇز كىشىلىك تەمبۇر مۇزىكىسى «ئاسمانىڭدا ئاي بارمۇ»، «ئەجەم» قاتارلىقلار.

2. مۇقام مەرغۇلى

3. ناخشىسىز كۈي. بۇ تۈردىكى مۇزىكىلارنىڭ كۆپ قىس-مى تارىختىكى خەلق سەنئەتكارلىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىن-غان. مەسىلەن، «تاشۋاي». ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى-نىڭ نامى بار بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ ئورۇنلىنىش سەۋىيەسى نا-ھايىتى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. بەزى تالانتلىق خەلق سەنئەت-كارلىرىنىڭ ئورۇنلاش ماھارىتى ئىنتايىن ئۆزگىچە. تارلىق چالغۇلارنىڭ چېلىنىشىدىكى سىيرىش، ئىلىش ۋە چېكىش قا-تارلىقلار ئەڭ بەك مىللىي خاسلىققا ئىگە. خەلق سازەندىلىرى ئايلانما ئۇدارنى نۆۋەتلەشتۈرۈش بىلەن مۇقىم ئۇدارنى ساقلاش ئارقىلىق مۇزىكىدىكى تەكرار ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈرۈش-نى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى ئىچىدە ئەڭ كەڭ

تارقالغىنى «ناغرا پەدىسى»(ئىلى رايونىدىكى ــ ت) مۇزىكىسى. بۇ يەللىك ۋە سوقما چالغۇلار ئارقىلىق ئورۇنلىنىدىغان مۇزىكا بولۇپ، بىر سۇناي، ئۈچ جۈپ ناغرا ۋە بىر دۇمباق ئىشلىتىلىدۇ. دۇمباقنىڭ قۇرۇلمىسى ناغرا بىلەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت ھەجمى بىر قەدەر چوڭ، خالاس.

ناغرا پەدىسى جەمئىي 12 يۈرۈش بولۇپ، ئۇلار: (1) سەنەم. (2) قوش سەنەم. (3) مۇشاۋىرەك. (4) سەيلىگاھ. (5) ئۆلەن. (6) گۈلۈم. (7) رۇخسارە. (8) رۇخسارە گۈل. (9) سەھەر يار. (10) شادىيانە. (11) كۆركەم. (12) راك (ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇقاملىرىدىن بىرىنچىسىنىڭ نامى، ئەسلىي سانسكرىتچە سۆز بولۇپ، «ئاھاڭ»، «كۈي» دېگەن مەنىدە).

ھەر بىر «ناغرا» 3~5 كىچە مۇزىكىدىن تەشكىل تاپىدۇ. تۈزۈلۈشى: مۇقەددىمە ــ بىر قانچە مۇزىكا ــ چۈشۈرگە. مۇقەددىمە سۇناي بىلەن چېلىنىدۇ، سوقما چالغۇ يوق، بۇ مۇزىكا مەرغۇل ھېسابلىنىدۇ؛ مۇقامدىن كېيىنكىسى كۈللىكتىپ مۇزىكا بولۇپ، «ناغرا پەدىسىنىڭ» ئەڭ مۇھىم قىسمىدۇر. ھەر بىر يۈرۈشتە ئاخىردىكى ناغرا رىتمى ئوخشاش بولىدۇ.

بۇ 12 يۈرۈش ناغرا مۇزىكىسىنىڭ بەزىلىرى ئالاھىدە ئەھۋاللاردا ئورۇنلىنىدۇ، يەنە بەزىلىرىدە ئارتۇقچە بەلگىلىمە يوق. مەسىلەن، «مۇشاۋىرەك»، «سەيلىگاھ» كۆپىنچە سەيلى ـ باراۋەتلەردە ئورۇنلىنىدۇ، لېكىن «ئۆلەن» پەقەت تويدىلا ئورۇنلىنىدۇ. «سەھەر يار» پەقەت دىنىي پائالىيەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، رامىزان ئېيى مەزگىلىدە زوھۇر ۋاقتىدا مۇشۇ مۇزىكا چېلىنىپ، قاتتىق ئۇخلاۋاتقان كىشىلەر ئويغىتىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئىسمىمۇ مۇشۇ مەنىدە قويۇلغان. «شادىيانە» بىلەن «گۈلۈم» دائىم ناخشا ـ ئۇسسۇل كېچىلىكلىرىدە چېلىنىدۇ. ناۋادا مېھمانلارغا كۈتۈۋېلىش زىياپىتى بېرىلسە، دائىم دېگۈدەك «سەنەم» ئورۇنلىنىپ، مېھمانغا بولغان ھۆرمەت ـ ئېھتىرام

ئىپادىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سالماق ۋە ھەيۋەتلىك كەيپىيات يارىتىلىدۇ.

مەدداھلىق

ئۇيغۇر مەدداھلىق سەنئىتى «داستانچىلىق» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ ئادەتتە چوڭ ھەجىملىك شېئىرىي ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. «داستان» ئىجرا قىلغۇچى سەنئەتكارلار ئەل ئارىسىدا «داستانچى» دېيىلىدۇ. داستان تېكىستلىرىنىڭ تولىسىنى مەشھۇر كىلاسسىك شائىرلار خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن ئىجاد قىلغان بولۇپ، بىر قەدەر داڭلىقلىرىدىن «غېرىب ـ سەنەم»، «تاھىر ـ زۆھرە» ۋە «سېيىت نوچى» قاتارلىقلار بار.

«غېرىب ـ سەنەم»دە بىر جۈپ قىز ـ يىگىت ئارىسىدىكى ساداقەت ۋە سۆيگۈنىڭ پادىشاھنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ، ئاخىر ئىككى تەرەپ ۋىسال ئىشقىدا بۇ دۇنيادىن خوشلاشقانلىقىدىن ئىبارەت ھېكايە بايان قىلىنىدۇ. «تاھىر ـ زۆھرە»مۇ مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن ئەسەر بولۇپ، يىگىت بىلەن قىزدىن ئىبارەت باش قەھرىمانلارنىڭ تەۋرەنمەس سەمىمىي مۇھەببىتى ھەمدە ئەركىنلىككە ئىنتىلىش، ۋەھشىي كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشتەك روھى مەدھىيىلىنىپ، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ رەزىللىكى ئېچىپ بېرىلگەن. «سېيىت نوچى»دا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چەت سۇلالىسىنىڭ ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيەسىگە قارشى كۈرەشى تېما قىلىنىپ، خەلقنىڭ قارشىلىق روھى مەدھىيىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ مىللىي زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشقا بولغان تەشنالىقى ئىپادىلەنگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئادالەتسىز، زۇلمەتلىك جەمئىيەت قاتتىق سۆكۈلگەن.

داستان ئېيتقاندا، ئادەتتە كىچىك مۇزىكا ئەترىتى تەڭكەش

قىلىدۇ، ئۆزى چېلىپ ئۆزى ئېيتىدىغانلىرىمۇ بار. تەمبۇر، راۋاب ياكى دۇتارلار بىلەن تەڭكەش قىلىنىدۇ. داستان مۇزىكىسى ئاساسىي گەۋدىنى باغلاپ تۇرىدۇ، ناخشىلار ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

دىنىي مۇزىكا

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا يەنە دىنىي مۇزىكىلارمۇ كەڭ تارقالغان. ئۇيغۇر دىنىي مۇزىكىلىرى ناخشا، ئۇسسۇل ۋە ئەلنەغمىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئوخشاش بولمىغان ژانىر ۋە شەكىلگە ئىگە.

دىنىي مۇزىكىلار ھەر قايسى جايلاردىكى ئوخشاش بولمىغان «ئەزان»، «تەجۋىد»، «قىرائەت» ۋە «رامىزان قوشاقلىرى» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دىنىي ئۇسسۇللار ئاساسەن ئىككى خىل: بىر خىلى سوپىزم مۇرىتلىرى «ھەلقە ــ ساما» پائالىيىتىدە ئوينايدىغان ساما ئۇسسۇلى، يەنە بىرى شامان دىنىدىكى پېرىخون، باخشىلارنىڭ كېسەل داۋالاش ئەپسۇنلىرىنى ئوقۇغاندىكى ناخشا ــ ئۇسسۇللىرىدىن ئىبارەت. سوپىزم ئېقىمىدىكى «قادىرىيە سۇلۇكى» مۇرىتلارنىڭ ئاللاھقا بولغان سېغىنىشىنى ئوچۇق ــ ئاشكارا ئىپادىلىشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇلار بەلگىلىك ۋاقىتتا ئۆزلۈكىدىن يىغىلىپ، ئىشاننىڭ رىياسەتچىلىكىدە پائالىيەت قىلىدۇ. پائالىيەت باشلانغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن زىكرى سالغۇچى مۇزىكا تەڭكەش قىلىنىدىغان ھۆكمەتلەرنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆپچىلىك «ھىم»، «ھۇھ» قاتارلىق ئىملىق سۆزلەر بىلەن ماسلىشىدۇ. ئۇدار ۋە سۈرئەتنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، چۆرىدەپ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئالدى ــ كەينىگە تاشلىنىپ، تەدرىجىي سەكرىشىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ساماغا چۈشىدۇ. يۇقىرى دولقۇن-

غا يەتكەندىن كېيىن، يەنە ھۆكمەتكە قايتىپ كېلىدۇ. مۇشۇ تە-
رىقىدە كۆپ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن مۇراسىم ئاخىرلىد-
شىدۇ. باخشى پېرە ئويناتقاندا، ئالدى بىلەن ھەر خىل رەڭلىك
رەخت پارچىلىرىنى بىر تۇغقا چىگىدۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ناخ-
شىسى بىلەن تەڭ بىمارنى تۇغنى چۆرىدەپ ئايلاندۇرىدۇ. باخشى
پېرە ئويناتقان چاغدىكى مۇزىكا سەنەم، سەلىقە، سۆھبەت ۋە
قەسىدەدىن ئىبارەت تۆت قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر بىر
قىسىمدا يەنە بىر قانچە ناخشىنىڭ نامى بار. پېرە ئويناتقاندا
ھەممە ناخشىنى ئېيتىشقىمۇ، بىر ـ ئىككى بۆلەكنىلا ئېيتىش-
قىمۇ بولىدۇ. باخشىلارنىڭ ناخشىسىغا كۆپىنچە چوڭ ـ كىد-
چىكلىكى ئوخشاش بولمىغان داپلار بىلەن تەڭكەش قىلىنىدۇ.
ناخشا تېكىستى كۆپىنچە جىنلارنى قوغلاش، بويسۇندۇرۇشنى
مەزمۇن قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىردا باخشى يەنە بىر بۆلەك ئەپسۇن
ئوقۇپ پېرە ئويناشنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.
دىنىي مەدداھلىق ئاساسلىقى «ۋائىزلىق» بولۇپ، بۇ خىل
ئەلنەغمىلەر دىنىي ئۇرۇش ۋە رىۋايەتلەرنى ئىپادىلەشنى ئاسا-
سىي مەزمۇن قىلىدۇ. ئادەتتە نەيلىك، تارلىق چالغۇ بىلەن تەڭ-
كەش قىلىنىدۇ. سەنئەتكارلار كوچىلاردا، بازارلاردا ئويۇن قوي-
غاندا پەقەت داپ، ساپايى ۋە تاش بىلەنلا تەڭكەش قىلىدۇ. سەن-
ئەتكارلار جانلىق تىل ۋە ئوبرازلىق ھەرىكەتلەر بىلەن تاماشى-
بىنلارنى جەلپ قىلىدۇ. ياردەمچىلەر تاماشىبىنلارنىڭ ئارىسىدا
بارىكاللا ئېيتىشىپ كەيپىياتنى كۆتۈرىدۇ.
ۋائىزلاردىن باشقا، سوپىزم ئېقىمىدىكى جاھانكەزدى، دىن
تارقاتقۇچى «ئاشىق» لارمۇ راۋاب چالغاچ تىلەمچىلىك قىلغۇ-
چىلار، شۇنداقلا دىنىي ئەقىدىلەرنى تەرغىب قىلغۇچىلاردۇر.
ئۇلار كۆپىنچە بازارلاردا ۋە مازارلاردا ساز چېلىپ، ناخشا ئېي-
تىدۇ. ئۇلار ئورۇنلىغان مېلودىيە 12 مۇقامدىكى مېلودىيەگە
ئوخشاپ قالىدۇ. 8 ــ 5 لىك ۋە 8 ــ 7 لىك ئۇدارنى ئاساس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىدۇ.

ئۇيغۇر دىنىي مۇزىكىلىرىدىكى ئاز بىر قىسىم ئاھاڭ ئەرەب، پارس ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىن ئىسلام دىنىغا ئەگىشىپ كىرگەن. لېكىن كۆپ قىسىم مېلودىيە ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى، مەدداھلىق ۋە خەلق ئۇسسۇللىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا ئۇيغۇر دىنىي مۇزىكىلىرى ئەمەلىيەتتە دىنىي تۈستىكى خەلق مۇزىكىلىرىدۇر.

## رەڭدار ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەزەلدىن «ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى» دېگەن چىرايلىق نامى بار. ئۇزاق دەۋرلەردىن بېرى، ئۇيغۇر مىللىتى تەنتەنىلىك ھېيت ـ بايراملاردا، ئەمگەكتىن بوشىغان ۋاقىتلىرىدا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سەنئەت خەزىنىسىنى بېيىتىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ۋە ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلدى.

ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى ئۇزاق تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە بولۇپ، قەدىمىي ئۇيغۇرلار دائىم ناخشا ـ ئۇسسۇل ئارقىلىق چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق مەنزىرىسىنى ۋە مول ـ ھوسۇلدىن كېيىنكى خۇشاللىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. ئۇلار ئۆزىنىڭ خەلق ئۇسسۇلىغا ۋارىسلىق قىلىپ ھەمدە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇزىكىلىق ئۇسسۇلىنىڭ جەۋھىرىنى كەڭ قوبۇل قىلغان، بولۇپمۇ قەدىمكى شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى ــ كۇسەن ۋە سۇلىنىڭ مۇزىكىلىق ئۇسسۇلى.

ئۇيغۇرلار خەلق ئۇسسۇلىدا باش ۋە قول ـ بېغىش ھەرىكىتىگە ماھىر. بويۇن سوزۇش، باشنىڭ چۆرۈلۈشى، ئېتىلىشى

ۋە ئۆزگىرىشچان بىرخىش ھەرىكەتلىرىگە غادىيىش، كۆكرەك كېرىش، بەلنى تولغاش قاتارلىق بەدەن قىياپەتلىرى قوشۇلۇپ، كۆز ئىپادىلىرىنىڭ ئەپچىل ماسلىشىشى ئارقىسىدا ئۇسسۇلنىڭ تۇسى قويۇقلىشىپ، ئالاھىدە ئۇسلۇبقا ئىگە بولىدۇ، ئوخشاشمىغان ئىچكى ھېسسىيات ۋە خاراكتېر ئىپادىلىنىدۇ. يېنىك سىلكىنىش ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلىدىكى ئۆزگىچە ھەرىكەت بولۇپ، تىزنىڭ قانۇنىيەتلىك ئۇزۇكسىز سىلكىنىشى ياكى ھەرىكەت يۆتكىگەن چاغدىكى پەيتلىك سىلكىنىش ئۇسسۇل ھەرىكىتىنى سىلىقلاشتۇرىدۇ، نەپىسلەشتۈرىدۇ ۋە تەبىئىي تۇتاشتۇرىدۇ. پىرقىراش ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلىدا كەڭ قوللىنىلىدىغان ماھىرلىق ھەرىكىتى بولۇپ، جىلۋىدار بەدەن قىياپىتى تېز سۈرئەتلىك پىرقىراش، ئارقىدىنلا شاپپىدە توختاش ھەرىكىتىنىڭ ھەمراھلىقىدا خۇددى ئېگىز ھاۋا بوشلۇقىدا پەرۋاز قىلىۋاتقان شۇڭقارنىڭ شامال بىلەن تەڭ ئەگىپ، تۇيۇقسىز ئۇزاق تۇرۇپ قالغان ھالىتىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ھەر خىل ئۇسسۇل شەكلىنىڭ ئۆزگىچە پىرقىراش ھەرىكىتى بار بولۇپ، ھەممىشە ماھارەت خاراكتېرلىك پىرقىراش ھەرىكىتى ئۇسسۇلنىڭ يۇقىرى دولقۇنى قىلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلىدا ئوخشاشمىغان تۆردىكى شەكىللەرنىڭ ھەممىسى بەلگىلىك ئۇدارغا ئىگە. بەلگە، بۆلەكلەرنىڭ رىتىمى ۋە ئاجىز تاكتقا كۈچلۈك تاكت بېرىشتىن ئىبارەت بەدىئىي بىر تەرەپ قىلىش ناھايىتى كۆپ قوللىنىلىدۇ. بۇ كۆپ ھاللاردا ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ ئۇسلۇبىدىكى جەزبىدارلىق ئەڭ گەۋدىلىك جاي ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلىنىڭ تۈرى خىلمۇخىل بولۇپ، ھەم ئورتاق ئۇسلۇبقا، ھەم ئوخشاشمىغان يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەزمۇنىدا كۆپىنچە خەلقنىڭ جاپالىق ئەمگىكى، قىز - يىگىتلەرنىڭ سادىق مۇھەببىتى ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەركىن، بەختلىك تۇرمۇشقا ئىنتىلىشى ھەمدە ئىچكى دۇنياسىدىكى قاي-

ناق ھېسسىياتى ئىپادىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەمگەك-چان، باتۇر ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئوچۇق، ئاددىي - ساددا، ئاق كۆڭۈل خاراكتېرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

سەنەم — ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان شەكلىدۇر. ئۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب، شىمالىدىكى شەھەر - بازار، يېزا - قىشلاقلارغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئامىمىنىڭ ياقتۇرۇشىغا نائىل بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ھېيت - بايرام تەنتەنىلىرىدە، توي - تۆكۈنلەردە ۋە ئادەتتە ئورۇق - تۇغقان ۋە يارۇ-بۇرادەرلەر يىغىلىشىدا سەنەم ئوينىلىدۇ. سەنەم ئۇسسۇلى ئىنتايىن ئەركىن، جۇشقۇن، مۇقىم قائىدە تەلەپ يوق، ئوينىغۇچى خۇشال ئويناپ، مۇزىكا رىتىمىغا ماسلاشسىلا كۇپايە. يالغۇز كىشىلىك، قوش كىشىلىك ياكى ئۈچ - تۆت كىشىلىك ئۇسسۇل شەكىللىرىنىڭ ھەممىسىلا بار. سەنەم مۇزىكا رىتىمىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇراھال سۈرئەتتىن تەدرىجىي تېزلىشىدۇ. ئۇسسۇل، مۇزىكا يۇقىرى باسقۇچقا كىرگەندىن كېيىن، كۆپچىلىك دائىم قىزغىن ئاۋازدا «قاينا،قاينا!» ياكى «بارىكاللا!» دەپ ۋارقىرىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئادەملەرنىڭ ۋارقىراشلىرى، قايناپ تاشقان داقا - دۇمباق سادالىرى سەنەم كەيپىياتىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈپ، بارلىق ئىشتىراكچىلارنى چەكسىز ھاياجان ۋە شادلىققا چۆمدۈرىدۇ. سەنەمنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكىتى لىرىك، نەپىس، جىلۋىگەر. ھەر قايسى جايلارنىڭ سەنەملىرى روشەن خاسلىققا ئىگە، مەسىلەن، «قەشقەر سەنىمى»، «ئىلى سەنىمى» دېگەندەك.

دولان ئۇسسۇلى — ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ئۇزۇن، شەكلى مۇكەممەل، ھەرىكىتى جۇشقۇن ۋە مەردانە بىر خىل خەلق ئۇسسۇلىدۇر. ئۇ قويۇق يايلاق پۇرىقىغا ئىگە بولۇپ، ئوۋچىلىق ۋە جەڭ تۇرمۇشىنىڭ ئىزلىرىنى ساقلاپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ باتۇر، جەڭگە ماھىر خاراك-

تېرىنى ئىپادىلىگەن. بۇ ئۇسسۇل يەركەن دەرياسى بويىدىكى مەكىت، مارالبېشى، يەركەن، ئاۋات قاتارلىق جايلاردىكى دولانلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. دولان ئۇسسۇلى ئاساسەن ئىككى كىشى بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئوينايدىغان قوش كىشىلىك ئۇسسۇل شەكلى بولۇپ، ھازىر ساقلانغانلىرىدا تۆت گۇرۇپپا ھەرىكەت بار، ئۇسسۇلنىڭ ئەڭ ئاخىرى ماھارەتلىك پىرقىراش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇسسۇل مەرغۇلدىن باشلىنىپ، دولان مۇقامىنىڭ مۇقىم تەرتىپى بويىچە داۋاملىشىدۇ.

ساما ــ ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقى ھېيت ـ بايرام ئۆتكۈز ـ گەندە كوللېكتىپ ئوينايدىغان بىر خىل خەلق ئۇسسۇلى بو ـ لۇپ، ھەرىكىتى ئاددىي، جانلىق. ئاساسلىق قەشقەر، يەركەن تە ـ رەپلەرگە كەڭ تارقالغان. ساما ئوينايدىغانلار ئاساسەن ئەرلەر بولۇپ، ئايرىم جايلاردا ئاياللارمۇ قاتنىشىدۇ، لېكىن ھەممە ئايال بىرلىكتە ئايرىم ئوينايدۇ.

شادىيانە ئۇسسۇلى ــ بايراملاردا ۋە داغدۇغىلىق يىغى ـ لىشلاردا ئوينىلىدىغان كوللېكتىپ خەلق ئۇسسۇلى بولۇپ، پۈتكۈل شىنجاڭغا تارقالغان، جەنۇبىي شىنجاڭدا كەڭ ئو ـ مۇملاشقان. شادىيانە ــ «شاد ـ خۇرام» دېگەن مەنىلەردە كېلى ـ دۇ. ھەر قېتىم بايرام كەلگەندە، ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقى بىر يەرگە يىغىلىپ، ناغرا ـ سۇنايىنىڭ مۇزىكا ئۇدارىغا ماسلىشىپ، خىلمۇخىل خەلق ئۇسسۇللىرىنى ئويناشقا ئامراق، يىغىلىش يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىردا كۆپىنچە شا ـ دىيانە ئويناپ، چەكسىز شادلىقىنى پۇخادىن چىققۇچە ئىپادە قىلىشىدۇ. كاتتا تەبرىكلەش سورۇنلىرىدا شادىيانە ئويناپ، مۇ ـ بارەكلەيدۇ.

نازىركوم ـ ئالاھىدە ئۇسلۇبتىكى ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلى بولۇپ، تۇرپان رايونىدا پەيدا بولۇپ، پىچان، توقسۇن، قومۇل قاتارلىق جايلارغا كەڭ تارقالغان. توي، بايرام ۋە مەشرەپ كې ـ

چىلىكىدىكى ئەڭ ئېسىل ئويۇن بولۇپ، كۆپىنچە سەنەم ياكى تۇرپان مۇقامىدىن كېيىن ئوينىلىدۇ. بۇ ئەرلەرنىڭ شوخ ئۇسۇلى بولۇپ، ئىككى ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى خەلق ئۇسسۇللىرى ئىچىدە يەنە بىر قىسىم سەھنە جابدۇقى تەلەپ قىلىنىدىغان ئۇسسۇل شەكىللىرى بار. مەسىلەن، «تەخسە ئۇسسۇلى»، «ساپايى ئۇسسۇلى»، «تاش ئۇسسۇلى» قاتارلىقلار. ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ـــ سەھنە جابدۇقى بىلەن نەپىس ئۇسسۇل قىياپەتلىرىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، يېقىملىق ئاۋازلارنى چىقىرىپ بەدىئىي تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئۇسسۇللار تارقالغان جايلار كەڭ بولۇپ، ماھارەتچانلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك، كۆپىنچە كەسپىي سەنئەتكارلار ۋە خەلق سەنئەتكارلىرى تەرىپىدىن ئورۇنلىنىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى تەرىپىدىن «شىنجاڭنىڭ ئەڭ گۈزەل ئىككى تال سەنئەت گۈلى»نىڭ بىرى دەپ تەرىپلەنگەن قەمبەرخانىم ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقىدىكى مۇۋەپپەقىيەت ئىگىسى، شۇنداقلا تالانتلىق سەنئەت پېشۋاسى. قەمبەرخانىم ئورۇنلىغان «نىم پەدە» (يېرىم پەدە دېگەن مەنىدە بولۇپ، تېز رىتىملىق ئۇسسۇل)، «دىلخاراج»، «ئەجەم» (ئون ئىككى مۇقامنىڭ بىرى) قاتارلىق تىپىك ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللىرى شىنجاڭنىڭ سەنئەت ساھەسىگە بىر مەزگىل جانلىنىش ئېلىپ كىرىپ زىلزىلە قوزغىدى، قەمبەرخانىمنىڭ نامى تېزلا تەڭرى تاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىغا تارالدى. ئۇ ھەر ۋاقىت ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلىدىن بەدىئىي ئوزۇق ئېلىپ، مىللىي ئۇسسۇل سەنئىتىنى پارلاق تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈردى. ئۇ ئۇزۇن مەزگىل شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈز ئۈستىگە ئالدى، بۇ يەردە تەربىيەلىنىپ چىققان سەنئەتكارلار شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالدى. ئوقۇتۇشتا ئۇ ئۆزىنىڭ سۆز ۋە

ھەربىكىتىدە ئۆلگە بولۇپ، بىر سەنئەتكارنىڭ يۇقىرى سەۋىيە-
دىكى ماھارەتكىلا ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت ساپاسىغا ئىگە بو-
لۇشى، تېخىمۇ مۇھىمى ئېسىل پەزىلەت ۋە ئادەم بولۇش خىس-
لەتلىرىنى ھازىرلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. ئۇزۇن مەز-
گىللىك سەنئەت ئەمەلىيىتى ۋە ئوقۇتۇشى جەريانىدا ئەنئەنىۋى
ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىدىكى «قەمبەر خانىم ئېقىمى» شەكىل-
لەندى. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ نەپىس ئۇسسۇلى ئارقىلىقلا كەڭ تا-
ماشىبىنلارنىڭ ماختىشى ۋە ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ قالماس-
تىن، ئوڭۇشسىزلىق ئالدىدا قەتئىي تىز پۈكمەس روھى ۋە
باشتىن - ئاخىر بىردەك بولۇشتىن ئىبارەت كىشىلىك پەزىلى-
تى ئارقىلىق خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولدى.

1950 - يىلى قەمبەرخانىم شىنجاڭ ۋەكىللى سالاھىيىتىدە
بېيجىڭغا بېرىپ دۆلەت بايرىمى پائالىيىتىگە قاتناشتى، شۇ
ۋاقىتتا رەئىس ماۋ زېدۇڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەر-
لىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئۇنىڭ
قولىنى سىقىپ تۇرۇپ: « مەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى بىلىمەن»
دېدى. ئۇ خۇەيرېنتاڭدا پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىگە «ناغرا
ئۇسسۇلى» ۋە «چىنە - تەخسە ئۇسسۇلى» قاتارلىق مىللىي تو-
سى قويۇق ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى ئويناپ بەردى، رەئىس ماۋ زېدۇڭ
قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە ئورۇنلاش ماھا-
رىتىنى قىزغىن چاۋاك چېلىپ ئالقىشلىدى[①].

4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر يى-
غىنىدا، قەمبەرخانىم مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەم-
ئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى. ئۇ يەنە شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئى-

① رەنا مەخسۇت: «سەنئەتچىلەرنىڭ ھايات يولى»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، 1994 - يىل
5 - سان، 38 - بەت.

سى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى-نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىدى. ئۇنىڭ مەملىكىتىمىز ئۇسسۇلچىلىق ئىشلىرىغا قوشقان كاتتا تۆھپىسى سەۋەبلىك ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىز باسار تەربىيەلەش ئۈچۈن، 1992 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قەمبەرخانىم نامىدىكى فوند جەمئىيىتى تەسىس قىلىندى. 1994 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قەمبەرخانىم بەختكە قارشى ۋاپات بولدى. سەنئەت كۆكىدىكى بىر گىگانت يۇلتۇز ئېقىپ چۈشتى، ئۇيغۇر خەلقىمۇ بىر تالانتلىق سەنئەتكاردىن مەھرۇم بولدى.

## ئۇيغۇر ھۈنەر ـ سەنئىتى

ئۇيغۇر ھۈنەر ـ سەنئىتى دۆلىتىمىز مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىر تال يارقىن گۈل ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر سەنئەت بۇيۇملىرى ئاجايىپ گۈزەل بولۇپ، كۆزنى چاقنىتىدۇ. دۆلەت ئىچى ـ سىرتىغا مەشھۇر قاشتاش ئويمىلار، مىس ئەسۋابلار، گىلەمدىن تارتىپ قۇرۇلۇش بېزەكچىلىك سەنئىتى قاتارلىقلارغىچە ھەممىسى ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە.

شىنجاڭ قەدىمدىن قاشتاش چىقىدىغانلىقى بىلەن مەشھۇر. بۇ قاشتاشلارنىڭ بىر قىسمى ئىچكى ئۆلكىلەرگە يۆتكەلسە، يەنە بىر قىسمى ئۆز يېرىدە پىششىقلاپ ئىشلىنىپ، ھەر خىل قاشتاش بۇيۇملار ياسىلىدۇ. ھازىر بېيجىڭ گۇگۇڭ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان چوڭ تىپتىكى قاشتاش ئويما «دايۇنىڭ سۇنى تىزگىنلىشى» دەل خوتەندىن چىققان بوز قاشتاشتىن ئويۇلغان. ئۇيغۇر قەدىمكى قاشتاش بۇيۇملىرىدىكى ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىك ئەمەلىي ئىشلىتىلىشچان، كۆركەم، ئاددىي ـ ساددا، يارىشىملىق بولۇپ، ئاساسلىقى تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە زىننەت بۇيۇملىرىدۇر. ئۇلارنىڭ شەكلى ئۆزگىچە، بەزىلىرى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى

ساپال بۇيۇملارغا ئوخشىشىپ قالىدىغان بولۇپ، قويۇق مىللىي پۇراقتا ئىگە. ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەنلىرىدىن ئۈستىگە «ھىجرىيە 492 ـ يىلى» (مىلادىيە 1098 ـ يىلى) دېگەن خەت ئويۇلغان ئاق قاشتاشتىن ياسالغان ئۈچ تۇمشۇقلۇق ئاسما چىراغ ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇزۇن تۇمشۇقلۇق ئاق قاشتاش چىراغ، ئاق قاشتاش دېرىزە قىيىق گۈلى، قاشتاش قەدەھ، قاشتاش خۇمرا، قەلەمدان، قەغەز باستۇرغۇچ ھەمدە ئاق، قارا قاشتاش تەخسە قاتارلىقلار بار. بۇ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قالغان ئەتىۋارلىق بۇيۇملاردىن قارىغاندا، سىپتىلاش، ئويۇش ۋە تېشىش قاتارلىق ياساش ئۇسۇللىرى مەۋجۇت بولغان. مەسىلەن، ئۈچ تۇمشۇقلۇق ئاق قاشتاش چىراغ ئاق رەڭلىك يۇمشاق قاشتاشتىن سىلىقلاپ ياسالغان. ئۇ ناھايىتى نەپىس، ئۇزۇنلۇقى 13.5 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 12.8 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئۈستى قىسمى گۈل شەكىللىك بولۇپ، 12 تال گۈل بەرگى بىلەن قورشالغان، ئاستى قىسمىدا ئۈچ دانە ماي ئېغىزى بولۇپ، ماي قۇيۇپ يورۇتۇشتا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭ ئاغزىدا ئىشلەتكەنلىكىنىڭ ئىزنالىرى ساقلانغان. چىراغ ئۈستىدە بىر يۇمىلاق تۆشۈك بولۇپ، ئېنىقكى تانا چىگىپ ئېسىش ئۈچۈن مەخسۇس تېشىلگەن. چىراغنىڭ بىر يېقىغا «ھىجرىيە 492 ـ يىلى» دېگەن خەت ئويۇلغان. بۇ چىراغ قەشقەردىن تېپىلغان بولۇپ، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىگە ئائىت تارىخىي يادىكارلىقتۇر. بۇ چىراغ ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتىگە ئىگە كەشپىيات، تەڭداشسىز ئىختىرا، شۇنداقلا شەكلى ئۆزگىچە سەنئەت بۇيۇمىدۇر. يەنە مەسىلەن، ئۇزۇن تۇمشۇقلۇق چىراغ ۋە ئاق قاشتاش دېرىزە قىيىقىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سىلىقلاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاشتاش تەخسىلەر ئاساسلىقى مېتال سايمانلار بىلەن ئويۇپ، تېشىپ ياسالغان. يىڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت قاشتاش قېزىش

ۋە پىششىقلاشنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، قاشتاش ئويمىچىلىق زاۋۇتى قۇردى ۋە ئۇيغۇرلاردىن قاشتاش ئويمىچىلىق ئىشچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئادەم، قۇش، گۈل ھەيكەللىرى، مەدەنىيەت ۋە زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىق مەھسۇلات تۈرلىرىگە ئىگە بۇ بۇيۇملار نەپىس، سۈزۈك ۋە تىنىق بولۇپ، قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى، كۈچلۈك مىللىي جەزبىدارلىقى ۋە ئۆزگىچە بەدىئىي گۈزەللىكى بىلەن كىشىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدا بازار تاپماقتا.

ئۇيغۇرلار ئاسان بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغان ھەم ئېلىپ يۈرۈشكە قولاي مىس قازان، مىس تەخسە، مىس چۆگۈن ۋە مىس قاچا قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىشنى ياقتۇرىدۇ. شۇڭلاشقا مىس بۇيۇملار ھۈنەرۋەنچىلىكى ۋە سەنئىتى خېلى تەرەققىي قىلغان. ئۇيغۇر مىسكەرچىلىك ھۈنەر - سەنئىتىدە ئادەتتە قىزىل مىس خام ماتېرىيال قىلىنىدۇ. مىسكەرلەرنىڭ شەكىلگە كىرگۈزۈشىدىن ئۆتۈپ، سىلىقلاپ پارقىرىتىلغان قىزىل مىستىن ياسالغان ئىدىش، قاچا - قۇچا ھەمدە زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل گۈل نەقىشلەر يەككە ياكى كىرىشتۈرۈلۈپ كۆڭۈل قويۇپ ئويۇلىدۇ. ئادەتتە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈلى، يوپۇرمىقى، شېخى، شۇنىڭدەك ئانار، جۇخارگۈل، ياۋا جۇخارگۈل، ئەنجۈر، مودەنگۈل قاتارلىقلار نەقىش تېمىسى قىلىنىدۇ. قاپارتىش، ئويۇش، سىزىق سىزىش ۋە تېشىش قاتارلىق مەلىكىلىك ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ. ھەربىر گۇرۇپپا ياكى ھەر بىر خىل نەقىشنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەمىشە ئوخشاشمىغان ئەگرى سىزىقلار ياكى گېئومېتىرىيەلىك نەقىشلەر كىرىشتۈرۈلىدۇ، نەقىشلەشتۈرۈلگەن گۈل - گىياھ بىلەن گېئومېتىرىيەلىك شەكىلدىكى نەقىشلەر بىرلىكتە جۇلالىنىپ، ئۆزئارا بىر - بىرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، قاتلاملار روشەنلىشىدۇ. سىزىقلار تەبىئىي، جانلىق، نەقىشلەر ئۆزگىرىشچان بولۇپ، نا-

ھايىتى كۈچلۈك ئىپادىلەشچانلىققا ئىگە.
ئۇيغۇر گىلەمچىلىكى ئۇزاق تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە قول
ھۈنەر - سەنئىتىدۇر. ئۇ رەسساملىق، ئويمىچىلىق، توقۇمىچى-
لىق، كەشتىچىلىك، گۈل بېسىش ۋە بوياقچىلىق قاتارلىق كۆپ
خىل تېخنىكىلارنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان. گىلەمنىڭ تۈرى
كۆپ، نەقىشلىرى كۆركەم، رەڭلىرى ئوچۇق، توقۇلۇشى زىچ،
ئىنچىكە، يۈزى پارقىراق، سىلىق، گىلەم ئارقىقى(يۈزى) پۇختا
ھەم يۇمشاق، ئۇزاق ئىشلىتىشكە چىداملىق. گىلەم مۇشۇ سۈ-
پەتلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى
ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەر ھەمىشە نەقىش شەكلىدىكى مەنە، مەنبە
ۋە ئىشلىتىلىشى، شۇنىڭدەك خەلق ئىچىدىكى قىزىقارلىق مە-
سەللەرگە ئاساسەن گىلەمنى تۈرلەرگە ئايرىيدۇ ھەم ئىسىم قو-
يىدۇ. نەقىشلىرىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىچە بىر نەچچە خىل تۈر-
گە بۆلۈشكە بولىدۇ: (1) كەلكۈن نۇسخا. گىلەمنىڭ يۈزىنى قاپ-
لىغان تۆت بەرگىلىك گۈللەر ۋە باشقا نەقىشلەر ھەر خىل ئوخ-
شاشمىغان رەڭدىكى كۆپ قاتلاملىق رومبا شەكىللىك رامكا ئى-
چىگە ئېلىنىدۇ؛ (2) چاچما نۇسخا. گۈل، نەقىشلىرى چاچما بو-
لۇپ، بەلگىلىك دائىرە ئىچىدە ئىككى ياكى ئۈچ خىل شەكىل-
دىكى ماس نۇسخىلار مەركىزى ئاساسىي گەۋدىدىكى نەقىشنى
تەشكىل قىلىدۇ. بۇ يەنە ئايگۈل گىلەم دەپمۇ ئاتىلىدۇ؛ (3) ئا-
نارگۈل نۇسخا. ئانارگۈل نەقىشى ئۇيغۇرلار ئەڭ ياقتۇرۇپ ئىش-
لىتىدىغان نەقىش نۇسخىسى بولۇپ، ھەر خىل سەنئەت ئەسەر-
لىرىدە كەڭ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ نەقىش بىر گۇرۇپپا شەكلى ئۆز-
گەرگەن ئانار گۈلى، شېخى، يوپۇرمىقى، غۇنچىسى قاتارلىقلار-
دىن تۈزۈلىدۇ. پۈتكۈل نەقىش سىممېترىك، تەكشى، قويۇق
زىننەت ئۇسلۇبىغا ئىگە؛ (4) بەش چېچەك نۇسخا. بۇ نۇسخىدا
گۈللەر ئارقىمۇئارقا تۇتاشتۇرۇلۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، گۈل
سىزىقلىرىدىكى ئۆزگىرىش بىرقەدەر چوڭ، رەڭ بوياقلىرى

چوڭ سوپەت، سىپتا، گويا بوك ـ باراقسان ئېچىلغان باھار
گۈللىرىگە ئوخشاش بولۇپ، كونىلار ئۇنى «بەش باھار گۈل» دەپ
ئاتىغان؛ (5) ئەدىيال نۇسخا. ئۇ زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەتىر-
گۈل، چوغلۇق گۈل، مودەنگۈل، نىلۇپەر، مېيخۇا گۈلى، لەيلى-
گۈل قاتارلىق ھەر خىل گۈللەر ۋە شاخچە، يوپۇرماق، شۇنىڭدەك
پۇتاق، چىۋىقلاردىن تەركىب تاپقان نۇسخا. بۇ نۇسخا چوڭ سو-
پەت، رەڭ جۇلاسى كۆزنىڭ يېغىنى يەيدۇ؛ (6) قەدىم نۇسخا. بۇ
ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ گىلەم نەقىشلىرىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى
قوبۇل قىلىپ مەيدانغا كەلگەن، قەدىمكىگە تەقلىد قىلىپ ئىش-
لەنگەن نۇسخىلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. ئادەتتە قىزىل يا-
كى كۆك ئارقاق ئۈستىگە داڭقان، لوڭقا، كومزەك، ساز، شاھ-
مات، كىتاب، سۈرەت، گۈل، دەرەخ شېخى، ئۇچار قۇش، قۇتلۇق
ھايۋان، تاغ ـ دەريا، مەنزىرىلەرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلۈپ توقۇ-
لىدۇ. بۇنداق تەقلىدىي گىلەم كۆرۈنۈشى ھەشەمەتلىك، دې-
كوراتسىيەچانلىقى ئىگە بولۇپ، كۆپىنچە زىننەت ئۈچۈن ئىشلى-
لىدۇ؛ (7) شام نۇسخا. بۇ مەككىگە ھەجگە بارغان ھاجىلار ئېلىپ
كەلگەن گىلەم نۇسخىسى بولۇپ، رەڭگى سىپايە، سالاپەتلىك،
سۈرلۈك، بۇنداق گىلەم ئۇلۇغلىنىپ جايناماز ئۈچۈن ئىشلىتى-
لىدۇ؛ (8) ئىران نۇسخا. بۇ ئىرانچە نۇسخا دېگەن مەنىدە. بۇ
نۇسخا ئىران، تۈركىيە، تۈركمەنىستان، ئافغانىستان قاتارلىق
جايلاردىن ئېلىپ كىرىلگەندىن كېيىن، ھۈنەرۋەنلەر تەرىپىدىن
ئۆزگەرتىلىپ، ئۇيغۇرچە ئۇسلۇبقا ئىگە گېئومېتىرىيەلىك
نۇسخىغا ئايلاندۇرۇلغان. ئۇنىڭ گۈللىرى ئاددىي ـ سادا، سال-
ماق، سىپتا، چوڭ سوپەت؛ (9) جايناماز گىلەم. بۇ ئەسلىدە
مەخسۇس نامازدىلا ئىشلىتىلىدىغان گىلەم ئىدى. كېيىن تام
گىلىمى سۈپىتىدە تامغا ئېسىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىدىكى
سېغىنىش ئىپادىلىنىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا
يەنە يەرگە سېلىپ جايناماز قىلىنىدۇ؛ (10) سەنئەت گىلىمى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن كېيىن قوشۇلغان تۈرلەر.
نىڭ بىرى. ئۇنىڭدا زامانىۋى رەسىملەر بىلەن ئەنئەنىۋى گىلەم
نۇسخىلىرى بىرلەشتۇرۇلۇپ، مەنزىرە، ئاسار ـ ئەتىقىلەر، قە.
دىمىي يادىكارلىقلار چۈشۈرۈلۈپ توقۇلىدۇ. ئۇ بەئەينى بىر پار.
چە گۈزەل ماي بوياق رەسىمگە ئوخشاش بولۇپ، مول تۈرمۇش
پۇرىقىغا ۋە بېزەكچىلىك رولىغا ئىگە. ئۇيغۇر گىلەملىرى ئا.
ساسلىقى ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا
ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. مەھسۇلاتلار ياۋروپا، ئامېرىكا، شۇنىڭدەك
ئاسىيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە سېتىلىدۇ.

ئۇيغۇر دوپپىسىمۇ مىللىي تۈسكە ئىگە سەنئەت بۇيۇملى.
رىنىڭ بىرى. ھېيت ـ بايرام، توي ـ تۆكۈن، ناخشا ـ ئۇس.
سۇل، تەنتەنە پائالىيەتلىرىدە كىشىلەر نەپىس دوپپىلىرىنى
كىيىپ بارىدۇ. كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك ھەر خىل دوپپىلارغا
ئادەم قاراپ تويمايدۇ، ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. دوپپا يەنە كىشىلەر
ئۆزئارا سوۋغا قىلىپ ھېسسىيات ئىزھار قىلىدىغان، بېزەك
ئۈچۈن تىزىپ قويۇلىدىغان سەنئەت بۇيۇمىدۇر. ئۇيغۇر دوپپى.
لىرىنىڭ نەقىشلىرى ۋە تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، شەكلى ھەر
خىل. تىكىش ئۇسۇللىرىغا قاراپ ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى مەشۇت
يىپلىق سىدام كەشتە، مەشۇت يىپلىق تۈگۈنچەك كەشتە، ئۈنچە
ئۆتكۈزۈپ تىكىلگەن كەشتە، كاتەكچىلىك كەشتە، كالۋۇتۇن
كەشتە، كىرېست كەشتە، ئىلما كەشتە، مەخمەلگە تۆنەلگەن
كەشتە، سانجىپ، ئۆتكۈزۈپ، چۆرىدەپ تىكىلگەن ئۇنىۋېرسال
كەشتە دېگەنگە ئوخشاش تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن. مۇتلەق كۆپ
قىسىم دوپپىلار قول بىلەن كەشتىلەپ تىكىلگەن تۆت پارچە
گۈلنى دوپپىنىڭ چوققىسىنى مەركەز قىلىپ ئۇلاپ تىكىپ،
قېلىپقا سېلىپ، ئاخىردا جىيەك ئورنىتىش بىلەن ئىستېرېئو.
لۇق ھالەتتە پۈتۈپ چىقىدۇ. بەزى دوپپىلارنى قاتلاپ ئېلىپ يۈ.
رۈشكىمۇ بولىدۇ. دوپپىلارنىڭ نەقىش تۈزۈلۈشى كۆپ خىل بو.

لۇپ، نەقىشنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىچە بىر قانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: (1) يالغۇز گۈلگە مۇۋاپىق نۇسخا.

بىر ئۈچ بۇرجەك ئىچىگە بىر ياكى ئىككى تال يالغۇز گۈل ئېلىنىدۇ، بىر گىرۋىكىدىكى نەقىشلەر بىر گۇرۇپپا ماس نەقىشلەرنى تۈزىدۇ، گۈل، نەقىشلىرى يىغىنچاق، تۈزۈلۈشى چوڭ سۈپەت بولىدۇ. بۇ خىل نۇسخا ئادەتتە «مەنپۇر» دەپ ئاتىلىدۇ. تەگلىككە كۆپىنچە تۇتۇق رەڭلىك مەخمەل ئىشلىتىلىپ، تەگلىك رەڭگى بىلەن گۈل رەڭگىدە كۈچلۈك سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىنىدۇ، بۇنداق بولغاندا كۆركەم بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرىدۇ؛ (2) چاچما گۈللۈك چىمەن نۇسخا. تارقاقلىشىش نۇقتىسى ئۇلىنىپ، گۈللەر تىزىلىدۇ، ھەر خىل نەقىشلىك گۈللەر كۆپىنچە شاخچىلار بىلەن چېتىلىدۇ ياكى سىزىق بىلەن ئايرىلىدۇ. بەزىلىرىدە يىرىقلىق نەقىش ياكى چېكىتلىك نەقىش تەگلىككە كەشتىلىنىپ، ئاساسىي نەقىش بىلەن ئۆزئارا بىر - بىرىنى روشەنلەشتۈرىدۇ. پۈتكۈل كۆرۈنۈش خۇددى پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلگە ئوخشايدۇ. بۇ خىل چاچما گۈللۈك دوپپا تېگى قېلىن، قىرلىرى گەۋدىلىك، چىدامىلىق بولىدۇ؛ (3) بادام گۈل نۇسخىسى. بادام ئۇرۇقچىسى ئاساسىي مودېل قىلىنىپ، شەكىل ئۆزگەرتىش ۋە قوشۇش ئارقىلىق نەقىش ھاسىل قىلىنىدۇ. نەقىشلىرى رەڭدار، گۈل رەڭگى ساددا، كۆركەم، چوڭ سۈپەت بولۇپ، كۆپرەك ئەرلەر كىيىدۇ؛ (4) كىرىېست شەكىللىك سىممېترىك گۈللۈك نۇسخا. بۇ نۇسخىدا ھەر بىر بەرگ ئىچىدە كىرىېست شەكىللىك قۇرۇلما غول قىلىنىدىغان، خەنزۇچە «米»، «井»، «田» خەتلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان تۈزۈلۈشلەر بىلەن بېزىلىدىغان گۈل بولۇپ، ئوڭ - سولدىكى گۈللەر سىممېترىك كېلىدۇ، ئورۇنلاشتۇرۇلۇش جەھەتتە تويۇنغان، رەڭگى كۆركەم، ھەربىر بىرلىك ئىچىدىكى گۈللەر ماسلاشقان، شاخچىلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، رەڭ سېلىشتۇرمىسى

روشەن بولۇپ، بىر خىل ئالاھىدە نەقىشلىك تۈزۈلۈشنى ھاسىل قىلىدۇ. ھەر قايسى جايلارنىڭ دوپپىسى يەنە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەسىلەن، خوتەن دوپپىلىرى ئىچىدە كاتەكچە كەشتىلىك ئايالچە دوپپا ئەڭ داڭلىق. بۇ دوپپىنىڭ شەكلى ياپيالاڭ، تۆت بۇرجىكى گەۋدىلىك بولۇپ، كەڭ خانىم ـ قىزلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە. قەشقەر دوپپىلىرى ئىچىدە قارا تەگ، ئاق گۈللۈك، ئۈستى چوڭ، ئېغىزى كىچىك، قىرلىرى كۆتۈرەڭگۈ ئەرەنچە بادام دوپپا ئەڭ گەۋدىلىك ھېسابلىنىدۇ. كۇچادا ئۇنچە تىزىپ، كۈمۈش قادالغان، ئۈستى كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان ئايالچە دوپپا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ خىل دوپپىنىڭ ئۇنچىلىرى قاتار تىزىلغان، رەڭگى جۇلالىق بولۇپ، نەقىشلىرى بەئەينى قاپارتما نەقىشكە ئوخشايدۇ. تۇرپان دوپپىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، گۈلى كەڭ، سىدام گۈل بىلەن قىرغاق نەقىشى ئاستى ـ ئۈستىگە تولدۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، دوپپىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. خۇددى رەڭدار گۈل تاجىدەك جۇلالىق، كىشىگە باياشاتچىلىقتىكى گۈزەللىك تۇيغۇسىنى بەخش ئېتىدۇ. ئىلى رايونىنىڭ دوپپىسى ياپيالاڭ، يۇمىلاق، رەڭگى سۇس، يارىشىملىق كېلىدۇ. يىغىنچاق، ئاددىي گۈللۈك نۇسخا كۆپ ئۇچرايدۇ. دوپپا كۆركەم، چوڭ سۈپەت، گۈل نۇسخىلىرىدا چەتنىڭ تەسىرى ئەكس ئېتىدۇ. قومۇل دوپپىلىرىنىڭ گۈل نۇسخىسى كۆپ، رەڭگى ئىنتايىن ئوچۇق. كېرىيە، نىيە، چىرا، چەرچەن رايونلىرىدا يەنە تەخسە شەكىللىك، نوقۇل بىزەك تۇسىگە ئىگە بىر خىل كىچىك دوپپا كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، دىيامېتىرى ئون سانتىمېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ، مەخسۇس ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغان ئاياللار لېچەكنىڭ ئۈستىگە ئىلغۇچ بىلەن قادىۋالىدۇ. خۇددى باشقا قىسىلغان بىر گۈلگە ئوخشاش بولۇپ، قويۇق بىزەك تۇسىگە ئىگە. زېھنى ئۆتكۈر، قولى ئەپلىك ئۇيغۇر ئاياللىرى دوپپا تىكىش ھۈنەر ـ

سەنئىتىنىڭ ماھىرلىرىدۇر. ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى رەڭگارەڭ گۈللەرنى يۇقىرى دەرىجىدە بەدىئىي تاللاش، يىغىنچاقلاش، كۆپتۈرۈش ۋە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق قويۇق يەرلىك تۈس ۋە مىللىي پۇراقا ئىگە گۈل، نەقىشلەرگە ئايلاندۇرىدۇ. گۈل، مېۋە، ئۈچار قۇش، ھاشارات قاتارلىقلار دائىم ئۇچرايدىغان نەقىش شەكلىدۇر. شاپتۇل چېچىكى، ئۆرۈك چېچىكى، ئانار چېچىكى، كېۋەز گۈلى، بادام، ئانار، شاپتۇل، ئۈزۈم، بۇغداي باشىقى، پۇرچاق، قۇشقاچ، توخۇ، ئۆردەك، پىلە، كېپىنەك، ئاي، يۇلتۇز، قار ئۇچقۇنى قاتارلىق ئوبرازلار بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆپ مىقداردا گېئومېترىيەلىك شەكىللەر قوللىنىلىپ نەقىشلەرنى يەنىمۇ زور ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدە ياستۇق پەقەتلا باشقا قويىدىغان سەرەمجان بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇمى سۈپىتىدە تىزىپ قويۇلىدۇ. شەھەر ئۆيلىرىدە ياستۇق كۆپىنچە مېھمانخانىدىكى كارىۋات ياكى ساندۇق ئۈستىگە قويۇلۇپ، ئۈستىگە بىر قەۋەت ئوچۇق رەڭلىك گاز ياغلىق يېپىلىدۇ. غۇۋا ئايان بولغان ياستۇق گۈلى كۆركەم، چوڭ سۈپەت كۆرۈنىدۇ. يېزىلاردا ياستۇق ئويۇققا ياكى كاڭغا تىزىپ قويۇلىدۇ. ياستۇقنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، چاسا ياستۇق تولا ئۇچرايدۇ. ياستۇق ئۈستىگە كەشتىلەش، شىرىش، تۆنەش ئۇسۇلى بىلەن ھەر خىل چىرايلىق گۈللەر تىكىلىدۇ. نەقىشكە كۆپىنچە گۈللەر، قۇشلار ئۈلگە قىلىنىدۇ. گۈللەر ياكى غۇنچىسى ئېچىلاي دەپ قالغان ياكى گىرەلىشىپ كەتكەن ھالەتتە نامايان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈل غۇنچىسى، گۈل بەرگى، يوپۇرماق تومۇرلىرى، شاخچىلىرى ۋە سىزىقلارنىڭ قۇرۇلمىسى، رەڭگىنىڭ ئاچ ـ توقلۇقى، كەشتە زىچلىقى، شۇنداقلا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى پەرقلىق بولۇپ، ھەر خىل شەكىللەرنى تەسەۋۋۇر قىلىپ چىقىش مۇمكىن.

ئەتلەس بىر خىل مىللىي تۈسى قويۇق يىپەك رەخت بو-
لۇپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتى-
دۇ. ئۇنىڭدا قەدىمىي ئۆرۈش، بوياش تېخنىكىسى قوللىنىلىدۇ.
بوياش جەريانىدا بوياقنىڭ گۈلگە سىڭىشى بىلەن تەبىئىي شە-
كىللەنگەن رەڭ تاجى قەلەم سۈرۈلۈپ كەتكەندەك تەسىر بېرى-
دۇ. گۈللەر ئېگىز - پەس، تارقاق، لېكىن مالىماتاڭ ئەمەس،
شۇنداقلا گۈللەرنىڭ قاتلاملىق تەسىرى ۋە رەڭگىنىڭ ئۆتكۈنچى
يۈزىنى ئاشۇرغان ھەم گۈللەرنىڭ ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە ئى-
كەنلىكىدەك ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەتلەس چىققان
جايىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلى ئىككى خىل تۈرگە ئايرى-
لىدۇ. بىر خىلى خوتەن لوپ ئەتلىسى. بۇنىڭدا ئاق ۋە قارا رەڭ-
نىڭ تەسىر ئۈنۈمىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. بوشلۇق
ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، گۈللەرنىڭ ئوبرازى جۇشقۇن ھەم
كۆركەم بولۇپ، رەڭ تەڭشەشتە تېگى قارا، گۈلى ئاق ياكى گۈلى
قارا تېگى ئاق، يەنە قىزىل - سېرىق، ئاق - قارا، ئاق - كۆك
كىرىشتۇرۇلىدىغانلىرى بار. گۈللەر شالاڭ بولسىمۇ كۆرۈمسىز
ئەمەس، ئىخچام بولسىمۇ ئاددىي ئەمەس. ھەر بىر كىيىملىك
رەختنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكى بار بولۇپ، بىر خىل شەكىل
ناھايىتى ئاز تەكرارلىنىدۇ. يەنە بىر خىلى قەشقەر يەركەن ئەت-
لىسى. بۇ خىل ئەتلەس رەڭگىنىڭ ئوچۇقلۇقى بىلەن داڭ چى-
قارغان، ئۇنىڭ يۈزىگە بىر قانچە تال كەڭ - تارلىقى بىر - بى-
رىگە ئوخشىمايدىغان قارىمۇقارشى سوزۇنچاق گۈللەر پاراللېل
تىزىلغان. گۈل قۇرۇلمىسى زىچ، چوڭ سۈپەت بولۇپ، دائىم
يېشىل، كۆك، شاپتۇل چېچىكى، قىزغۇچ سېرىق، ئاچ سۆسۈن،
قارا، ئاق قاتارلىق رەڭلەر ئىشلىتىلىدۇ. نۇسخىسىدىكى سو-
زۇنچاق گۈللەرنىڭ تىزىلىشى ۋە رەڭگىدىكى كۈچلۈك سېلىش-
تۇرما مۇناسىۋىتىنىڭ نەتىجىسىدە رەڭدار، ئوچۇق كۆرۈنىدۇ.
ئەتلەس شايىدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان گۈل نۇسخىسى

بادامگۈل، تاختىگۈل ۋە تارغاقگۈل قاتارلىق نەقىشلەردۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ گۈللۈك باسما رەختىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تىپىك قول ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇمى بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ گۈلىنى تامغا قېلىپلىق كۆپ رەڭلىك باسما گۈل ۋە كاۋاك قېلىپلىق تاق يەككە رەڭلىك باسما گۈل دەپ ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. تامغا قېلىپلىق كۆپ رەڭلىك باسما گۈلدە گۈل نۇسخىسىنى ياغاچ قېلىپتا سىزىپ، قاپارتمىسى ئېنىق بولغان گۈللەر ئويۇپ چىقىلىدۇ، ئاندىن مۇشۇ خىل تامغىلىق قېلىپتىكى بوياقنى بىۋاسىتە ئاق رەڭلىك رەختنىڭ ئۈستىگە بېسىش بىلەن پۈتۈپ چىقىدۇ. بۇ خىل كۆپ رەڭلىك باسما رەخت تولىراق كىيىم ـ كېچەك ئەستىرى، زەدىۋال، مەرەپ ياپقۇچ، دېرىزە پەردىسى، شىرە يوپۇقى، داستىخان، بوغجۇما، بەلباغ، كۆرپە كىرلىكى ياكى جايناماز قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. كاۋاك قېلىپلىق يەككە رەڭلىك باسما رەخت گۈلى قېلىن قەغەز تاختا ياكى تۇنىكىگە سىزىلىپ، تەشمە نەقىش قېلىپ قىلىنىدۇ. گۈل باسىدىغان چاغدا قېلىپنى ئاق رەختنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، گەج لاي(گەجگە ئاق ئۇن ۋە ئاز مىقداردا تۇخۇم ئېقى ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدۇ)نى قېلىپتىكى ئويۇپ ئېلىۋېتىلگەن گۈلنىڭ ئورنىغا سۈۋاپ، قېلىپ چىقىرىۋېلىنىدۇ، گەج قۇرۇغاندىن كېيىن رەختنى بوياققا سالىدۇ، يەنە قۇرۇغاندىن كېيىن گەجنى سويۇۋەتسە، بوياق بىلەن ئاق رەڭ ئارىلىقىدىكى گۈل چىقىدۇ. بۇنداق گۈللۈك رەخت كۆپرەك زەدىۋال، كارىۋات ئەديىلى، رەڭلىك ئەديىال قىلىنىدۇ. بۇ ئىككى خىل گۈللۈك رەختنىڭ ھەر ئىككىسى ئۇزاق تارىخقا، روشەن مىللىي ئۇسلۇبقا، قويۇق يەرلىك تۈسكە ۋە يۇقىرى زىننەتلەش قىممىتىگە ئىگە. بۇنىڭدىكى گۈللەرنىڭ ئۆلگىلىرى كۆپرەك رېئال تۇرمۇش ۋە تەبىئەتتىكى خىلمۇخىل شەيئىلەر ئوبرازىدىن ئېلىنىدۇ. ئەڭ كۆپ ئۇچرايـ

ـدىغان ئاساسىي گۈل نۇسخىلىرى شاخ ـ يوپۇرماق، غۇنچە ۋە پىلەكلىك گىياھلاردىن ئىبارەت. ئادەتتە ئىشلىتىلىدىغان گۈل ـ نەقىشلەردىن بادامگۈل، ئانارگۈل، مودەنگۈل، كەترەن قاتارلىقلار بار.

يېڭىسار پىچىقى ئاساسلىق يېڭىسار ناھىيەسىدىن چىقىدىغان بولغاچقا، مۇشۇنداق ئاتالغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى داڭدار قول ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ مەھسۇلات بىر قانچە يۈز يىللىق ئىشلەپچىقىرىش تارىخىغا ئىگە. ئۇنىڭ شەكلى كۆركەم، گەۋدىسى تەكشى، پارقىراق، بىسى ئۆتكۈر. پىچاق دەستىسىگە كۈمۈش، مىس، قاشتاش، سۆڭەك، سەدەپ قاتارلىقلار قويۇلۇپ مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە نەقىش ھاسىل قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە نەپىس تېرە غىلاپ سەپلىنىدىغان بولۇپ، ئېلىپ يۈرۈشكە قولايلىق.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ باسما گۈللۈك كىگىزلىرى، كەشتىلەنگەن كىيىم ـ كېچەك، قوندۇرۇلغان گۈل، رەڭلىك سىزما گۈل، نەقىشلىك ساندۇق، بەلباغ ۋە ساپال بۇيۇملار ھەم تۇرمۇش بۇيۇمى، ھەم نەپىس ئىشلەنگەن سەنئەت بۇيۇمى بولۇپ، ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ماھارىتىنى نامايان قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن بۇيان، ئۇيغۇر گۈزەل سەنئىتىنىڭ شەكلىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئىسلام دىنى بۇتقا چوقۇنۇشقا قارشى تۇرغانلىقتىن، گۈزەل سەنئەت ئاساسەن گۈل، نەقىش تەرەپكىلا تەرەققىي قىلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى نەقىش بېزەكلىرى ئەزەلدىنلا ناھايىتى ئومۇمىيۈزلۈك تارقالغانلىقتىن، تەدرىجىي ھالدا ئۆزگىچە بىر خىل شەكىل مەيدانغا كەلدى. بۇ ئالاھىدىلىك مەسچىت، قەبرە قاتارلىق قۇرۇلۇش ئىمارەتلىرىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسىدە گەج ئا-

رىلاشمىسى ۋە رەڭلىك خىشلاردىن ئۆرنەك بويىچە جۈپلەپ ھەر
خىل تىزما ۋە چاپلانمىلار چىقىرىلغان. تام، تورۇس، پېشايۋان
ۋە تۈۋرۈكلەرنىڭ ھەممىسىگە رەڭدار گۈل، نەقىشلەر سىزىل-
غان. بەزى پېشايۋان ۋە تۈۋرۈكلەردىكى نەپىس بەدىئىي ئويمىلار
ئۆسۈملۈك ۋە گېئومېتىرىيەلىك نۇسخىلارنى ئاساسىي بېزەك
تېمىسى قىلغان. گۈللەر كۆپىنچە ئىككى بۆلۈك ۋە تۆت بۆ-
لۈڭلارنى جۈپلەش، يانمۇيان تىزىش، سىممېترىك ئورۇنلاشتۇ-
رۇش، گىرەلەشتۈرۈش، ئۇلاش، ئايلاندۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن چى-
قىرىلغان. گەج بىلەن چىقىرىلغان گۈللەر ئۆزىدىكى تەڭداش-
سىز قۇرۇلما ۋە ئويۇش تېخنىكىسى ئارقىلىق مىللىي خاسلىق-
قا ئىگە بېزەكچىلىك ئۇسلۇبىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇنىڭدا تام-
نىڭ تورۇسقا تۇتىشىدىغان يېرىگە، مەرەپىنىڭ چۆرىسىگە ماس
كېلىدىغان لېنتا شەكىللىك گۈللەر، تامنىڭ يۈزىگە باب كېلى-
دىغان ئۇچى ئۇچلۇق ئەگمە شەكىللىك گۈللەر ۋە تورۇسقا
ئىشلىتىلىدىغان يۇملاق، كۆپ بۇرجەكلىك گۈللەر بار. تېما
جەھەتتە مودەنگۈل، نىلۇپەر، ئاپتاپپەرەس، سەبدە گۈل، مېي-
خۇاگۈل، قىزىلگۈللەر ئاساس قىلىنىدۇ. گەج بېزەك ئادەتتە قا-
پارتىش ئۇسۇلى بىلەن چىقىرىلىدۇ. ئايرىم جايلىرىغا (مەسى-
لەن، مەرەپ شەكىللىك گۈللەرنىڭ چۆرىسىگە) چوڭقۇر ئويۇش،
ئۆتمە - قاپارتما قىلىپ ئويۇش قاتارلىق ئۇسۇللارمۇ قوللىنى-
لىدۇ. رەڭلىك گۈللەر مەسچىتلەرنىڭ كەڭ تورۇس، خار، جە-
گىلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ. تېما، نەقىشلىرى گەج بېزەك بىلەن
ئوخشاش بولىدۇ، ئاندا - ساندا بىر پۈتۈن مەنزىرىنىڭ سۈرە-
تىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ياغاچ ئويمىنىڭ بىناكارلىقتا ئىشلىتىلى-
شى گەج گۈل ۋە رەڭلىك سۈرەتكە سېلىشتۇرغاندا بۇرۇن بول-
غان، يېقىنقى يۈز يىل مابەينىدىلا ئاندىن ئۇنىڭ ئورنىنى رەڭ-
لىك سۈرەت ئالدى. ياغاچ ئويما تۈۋرۈك، خار، جەگە ۋە ئى-
شىك - دېرىزىگە ئىشلىتىلىدۇ. ياغاچقا ئويۇلىدىغان گۈل كۆپ-

ـرەك شاپتۇل، ئۆرۈك، ئۈزۈم، ئانار، نىلۇپەر قاتارلىقلارنى يەككە گۈلنىڭ ئاساسىي نەقىشى ۋە تېما مەزمۇنى قىلىدۇ. خىشنى جۇپلەپ چىقىرىدىغان گۈللەر خىش بىلەن قوپۇرۇلىدىغان تام ـ نىڭ يۈزىگە، ئۇل تامغا، تۈۋرۈككە ۋە پەلەمپەينىڭ دۇكاللىرى قاتارلىق جايلارغا ئىشلىتىلىدۇ. خىشنىڭ رەڭگى توق سېرىق، خىشنىڭ ئارىلىقىغا سىلىنغان گەج ئاق، قارا، قارامتۇل يېشىل بولىدۇ. خىشتىن چىقىرىلغان نەقىشلەرنىڭ كۆپى گېئومېتىـ ـرىيەلىك نەقىشلەر؛ يەككە گۈللەرنىڭ ئۆزئارا كىرىشتۈرۈلۈشى بىلەن ئۆزگىرىشچان، رەتلىك تۆت بۇرجەكلىك چاتما گۈل ھا ـ سىل بولىدۇ. نۇسخا خىشى قارامتۇل سېرىق ياكى قېنىق كۈل ـ ـرەڭ بولىدۇ. چاسا خىش ياكى قىبۇجا خىشلارنى ئۇلاپ ياكى ئا ـ رىلاپ تىزسا، ئوپتىك ئۈنۈمى كۈچلۈك گۈل ھاسىل بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن پېشايۋان ۋە ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىڭ چۆرىسى زىننەتلىنىدۇ. كاھىش بىلەن گۈللۈك چاقچۇق ئاساەن مەدرى ـ سە ۋە قەبرىستانلىقلارنىڭ دەرۋازىلىرىغا، قەبرە تېمىغا، گۈمـ ـبەز ۋە مۇنارلارغا ئىشلىتىلىدۇ. قومۇل شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قومۇل ۋاڭىنىڭ قەبرىسى مۇھەممەد بېشىر ۋاڭ تەختتىكى مەزگىلدە (1820 ـ 1866) ياسالغان. قەبرىنى يا ـ ساشقا 20 يىل ۋاقىت كەتكەن. قەبرىنىڭ ئاستى چاسا، ئۈستى يۇمىلاق، ئېگىزلىكى 20 غۇلاچ، ئۈستى گۈمبەز شەكىللىك، ناھايىتى ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك. قەبرىنىڭ تېمى پۈتۈنلەي تېگى ئاق، گۈلى كۆك چاقچۇق خىش بىلەن ئېتىلگەن، شەكلى كۆر ـ كەم، نەپىس، چوڭ سۈپەت. قەبرىلەرنىڭ ئارقىسىدا مىڭدىن ئار ـ تۇق ئادەم سىغىدىغان كۆلىمى زور بىر مەسچىت ـــ ھېيتگاھ جامەسى بار. ھېيتگاھ ئىچىگە كۆك خىش ياتقۇزۇلغان، تورۇس ـ تىكى بېزەك نەقىشلەر ئىنتايىن نەپىس، تۆت تېمىغا «قۇر ـ ئان»ئايەتلىرى رەڭلىك قىلىپ يېزىلغان.

# ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ۋە يېزىقى

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق مىللىي تىلى. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تىلىنىڭ باشقا تىللار بىلەن ئۇزۇن مەزگىللىك ئارىلىشىشى ئارقىسىدا شەكىللەنگەن. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىيات جەريانى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يېزىق ئىشلىتىشكە باشلىغاندىن كېيىنكى ھەر قايسى دەۋرلەردە، ئۇيغۇر خەلقى نۇرغۇن مەڭگۈ تاش، قول يازما ۋە تۈرلۈك دىنىي ۋەسىقە، شۇنداقلا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قالدۇردى. تىلشۇناسلار بۇ يازما يادىكارلىقلار ۋە ھازىرقى ھەر قايسى دىيالېكت، شېۋە ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئۇسۇلى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارغا ئېرىشىپ كەلدى، ھەتتا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئوخشاشمىغان دەۋرلىردىكى تىل قۇرۇلمىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مەڭگۈ تاش چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مويۇنچۇر قاغان (747 ــ 759 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان)نىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشىدۇر. بۇ مەڭگۈ تاش موڭغۇلىيەنىڭ شىنە ئۇسۇ دېگەن يېرىدىن بايقالغانلىقى ئۈچۈن «شىنە ئۇسۇ مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەڭگۈ تاش ئۇيغۇرلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى زامانلاردا قوللانغان قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان. مەڭگۈ تاشتا «توخۇ يىلى سوغداق ۋە تابغاچلارغا سېلىنگا دەرياسىدا بايبالىقنى سالدۇردۇم» دېگەن سۆزلەر بار، بۇ يەردىكى توخۇ يىلى 757 ـ يىلىنى كۆرسىتىدۇ. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە نۇرغۇنلىغان بۇددا ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمە قىلىنىـ

شى ۋە يېزىلىشى ئۇيغۇر تىلىنى تەرەققىي قىلدۇردى ۋە بېيىت-تى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر يېزىق تىلى ئۆلچەملىشىپ ۋە راۋاجلى-نىپ، بىر مەھەل ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ ئورتاق يېزىق تىلىغا ئايلاندى، شۇنداقلا باشقا تۈركىي مىللەتلەر ئەدەبىي تى-لىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. قارا قىتان خاز-لىقى دەۋرىدىن چاغاتاي خانلىقى دەۋرىگىچە، ئۇيغۇر تىلى شىن-جاڭ ۋە يەتتەسۇ ۋادىلىرىدا بارغانسېرى تەرەققىي قىلىپ ۋە ئو-مۇملىشىپ، پارس ۋە ئەرەبلەردىن كەلگەن ئىسلام مەدەنىيىتى-نىڭ تەسىرىدە، ئىلىم ساھەسىدە «چاغاتاي تىلى» دېيىلىدىغان ئورتاق يېزىق تىلىنى شەكىللەندۇردى. بۇ يېزىق تىلى بىر خىل مۇقىم ئەدەبىي تىل بولۇپ، بۇ تىلدا تاكى يېقىنقى دەۋرلەرگىچە نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر يارىتىلغانىدى. ھا-زىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى مەركىزىي دىيالېكتنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۇرۇمچى تەلەپپۇزىنى ئۆلچەملىك تەلەپپۇز قىلغان بو-لۇپ، ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە:

فونېتىكا: ① ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئا، ئە، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ، ئې، ئى »دىن ئىبارەت سەككىز سوزۇق تاۋۇش بار. ئالدىنقى ئالتىسىدە تىل ئورنىنىڭ ماسلىشىشى ئاساسىي ئورۇن تۇتىدۇ. كېيىنكى ئىككىسىدە تىل ئورنىنىڭ ماسلىشىشى ئا-ساسىدىكى لەۋ ھالىتىنىڭ ماسلىشىشى ئاجىزلايدۇ. مەسىلەن، «ئى» ۋە «ئې» تاۋۇشلىرى ھەم تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار بى-لەنمۇ، ھەم تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەنمۇ بىر سۆز ئىچى-دە كېلەلەيدۇ. مەسىلەن، يىلان، يىگەن، يېزا، كېمە دېگەندەك. «ئى» بىلەن «ئې» تاۋۇشى كۆپىنچە «ئا» بىلەن «ئە» تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلاشقان شەكلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، بىر بوغۇم-لۇق سۆزلەردىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى بوغۇم ئاخىرىغا قوشۇم-چىلار ئۇلىنىپ كەلگەندە، ئادەتتە «ئې» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىدۇ، مەسىلەن، ئات — ئېتىم، بەل — بېلىم، نان — نېنىم دېگەن-

دەك. كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە قوشۇلغاندا ئادەتتە «ئى» تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ، مەسىلەن، ئاتا ـــ ئاتىسى، ئىشلە ـــ ئىشلىدى دېگەندەك. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ئۇيغۇر تىلىنى باشقا تۈركىي تىللاردىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم بەلگە. ② ئۇيغۇر تىلىدا «ب، پ، ۋ، م، ف، ز، س، د، ت، ن، ل، ر، ج، چ، ش، ژ، ي، ڭ، گ، ك، غ، خ، ق، ھ»دىن ئىبارەت 24 ئۈزۈك تاۋۇش بار. پارتلىغۇچى ۋە پارتلىغۇچى - سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇشلار جاراڭلىق، جاراڭسىز دەپ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ؛ ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئارىلىقىدا كەلگەن جاراڭسىز، پارتلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇشلاردا جاراڭلىقلىشىش ھادىسىسى بولىدۇ. ③ تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى سەۋەبىدىن سۆزنىڭ قىسقارغان شەكلى مەيدانغا چىققان، مەسىلەن، ئېلىپ چىقىپ كەت ـــ ئەچىكەت دېگەندەك. ④ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزنىڭ ئۇرغۇسى كۆپىنچە سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىغا چۈشىدۇ، ئاساسلىق بولمىغان ئۇرغۇ بىرىنچى بوغۇمغا چۈشىدۇ.

گىراماتىكا: ① تىل ئالاھىدىلىكى بويىچە بولغاندا، ئۇيغۇر تىلى يېپىشقاق تىللارغا تەۋە. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلار سۆز ياسىغۇچى ۋە گىراماتىكىلىق مەنە ھاسىل قىلغۇچى ئاساسىي ۋاستە. ② مۇستەقىل سۆزلەر تۈرلەنمەيدىغان سۆزلەر ۋە پېئىللار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. تۈرلىنىدىغان سۆزلەر ئىسىم، سۈپەت، سان، رەۋىش، ئالماش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسىملار ۋە ئىسىم رولىنى ئۆتەيدىغان باشقا تۈرلىنىدىغان سۆزلەرگە كۆپلۈك، تەۋەلىك، كېلىش قوشۇمچىلىرىنى قوشۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن، ئىش + چى (سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە) ئىشچى + لار (كۆپلۈك قوشۇمچىسى) ئىشچىلار + ىمىز (بىرىنچى شەخس كۆپلۈك قوشۇمچىسى) ئىشچىلىرىمىز + دىن

(چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى) ئىشچىلىرىمىزدىن دېگەندەك. ③ پېئىللار پېئىل ئۆزەكلىرى، شەخسلىك پېئىل، شەخسسىز پېئىل دېگەن ئۈچ خىل شەكىلگە ئىگە. پېئىل ئۆزەكلىرى دەرىجە كاتېگورىيەسى ۋە بولۇشلۇق ـ بولۇشسىزلىق كاتېگورىيەسىگە ئىگە، ئۇلار بۇيرۇق ـ تەلەپ مەيلىدىكى ئىككىنچى شەخس، بىرلىك شەكلىنى تولۇقلايدۇ. مەسىلەن، ياز ـ دۇر، ياز ـ دۇر ـ ما. پېئىلنىڭ شەخسلىك، شەخسسىز شەكىللىرى سۆز يىلتىزى ۋە پېئىل ئۆزەكلىرى ئاساسىدا ياسىلىدۇ. پېئىلنىڭ شەخسلىك شەكلى مەيل، هال ـ زامان، شەخس، سان دېگەندەك گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەلەرگە ئىگە. مەسىلەن، ياز ـ دىم، ياز ـ ىمەن، يېز ـ ىۋاتىدۇ، يازساڭ، يازايلى. پېئىللارنىڭ شەخسسىز شەكلى هەم پېئىللىق، هەم تۇرغۇن سۆزلۈك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۈچكە بۆلۈنىدۇ: سۈپەتداشلار، مەسىلەن، يازغان، يازىدىغان، يېز ـ ىۋاتقان؛ ئىسىمداشلار، مەسىلەن، يېز ـ ىش؛ بۇنىڭدىن باشقا يەنە رەۋىشداشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مەسىلەن، يېزىپ دېگەندەك. ياردەمچى پېئىللار رەۋىشداشلارنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ كېلىپ، هەرىكەتنىڭ تۈرلۈك هالىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، يېزىپ بول، يېزىپ بەر، يېزىپ تۇر. ④ بەزى ياردەمچى پېئىللار تاۋۇش ئۆزگىرىش تۇپەيلى قوشۇمچىلاغا ئايلىنىپ كەتكەن، مەسىلەن، يېزىپ يات ـــ يېز ـ ىۋات، يېزىپ ئال ـ يېزىۋال. ⑤ بەزى تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ كەينىدە كەلگەن تىركەلمىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى قوشۇمچىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، مەسىلەن، تۇرسۇن ئۈچۈن دېگەندەك. ⑥ جۈملىدە سۆزلەرنىڭ تەرتىپى ئىگە خەۋەرنىڭ ئالدىدا، تولدۇرغۇچى پېئىللارنىڭ ئالدىدا، كۆچۈرمە ئېنىقلىغۇچىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. ⑦ جۈملە ئاددىي جۈملە ۋە مۇرەككەپ جۈملە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. مۇرەككەپ جۈملە يەنە تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە، بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملە-لەر دائىم شەرت پېئىلى «- سا» ۋە باغلىغۇچى «- كى» ئارقى-لىق باغلىنىپ كېلىدۇ.

لېكسىكا: ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ياساش ئۇسۇلى سۆز يىلىتىزىغا قوشۇمچە قوشۇشنى ئاساس قىلىدۇ، مەسىلەن، يەر + لىك ← يەرلىك دېگەندەك؛ يەنە سۆز يىلتىزىغا سۆز يىلتىزىنى قو-شۇش ئارقىلىقمۇ ياسىلىدۇ، مەسىلەن، تاش + يول — تاشيول؛ قاپىيەداش بولەك ئۇسۇلى، مەسىلەن، چاي - پاي دېگەندەك. ئۇيغۇر خەلقى شەرق - غەرب مەدەنىيەتىنىڭ ئۆتۈشمە ۋە ئۇچراشما بەلبېغىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇزۇن تارىخىي تە-رەققىيات جەريانىدا كۆپلىگەن مىللەتلەر بىلەن ئىقتىساد، ئىل-لىم - پەن، مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئالاقە قىلغان، شۇڭا چەتتىن كىرگەن سۆزلەر ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىدە، ئاسا-سىي سۆزلەر ۋە ئورتاق تۈركىي سۆزلەردىن تاشقىرى، يەنە پارس، ئەرەب، خەنزۇ، رۇس، موڭغۇل تىللىرىدىن قوبۇل قىلغان نۇرغۇن سۆزلەر بار. ئۇيغۇر تىلىنىڭ قاتلاملىرىدا يەنە بىر مۇز-چە توخرى ۋە ساك تىللىرى ئامىللىرىنىمۇ ئۇچرىتىش مۇمە-كىن. يېقىنقى زاماندىن بۇيان ئۇيغۇر تىلى رۇس تىلى ۋە باشقا تۈركىي تىللار ئارقىلىق نۇرغۇن خەلقئارا ئورتاق ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىنى بېيىتتى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرىدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇت-پۇللا مۇتەللىپ، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئىبراھىم تۇردى، زۇنۇن قادىرى، نىمشېھىتلەر ئەسەرلىرىنىڭ تىلى ھازىرقى زامان ئۇي-غۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ نەمۇنىلىرىدىندۇر.

ئۇيغۇر دىيالېكتلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى: 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى تىلشۇناسلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەر قايسى دىيا-لېكتلىرى ئۈستىدە ئەترابلىق تەكشۈردى. ئۇلار ھەر قايسى

رايونلاردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا، گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئۇيغۇر تىلىنى ئۈچ دىيالېكت رايونىغا ئايرىدى: مەركىزىي دىيالېكت. ئاساسلىق شەرقتە قومۇلدىن باشلاپ، غەربتە ئىلىغىچە، شۇنداقلا جەنۇبتا قەشقەرنىڭ كەڭرى رايونلىرىغىچە تارقالغان بولۇپ، ئىشلىتىدىغان ئادەم سانى ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 80% نى ئىگىلەيدۇ. خوتەن دىيالېكتى. ئاساسەن خوتەن ۋىلايىتىگە تارقالغان بولۇپ، ئىشلىتىدىغان ئادەم سانى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 19% نى ئىگىلەيدۇ. لوپنۇر دىيالېكتى. ئاساسەن لوپنۇر ناھىيەسىدىكى دۆڭقوتان ۋە چاقىلىق ناھىيەسىدىكى مىرەن يېزىسىنىڭ قىسمەن جايلىرىغا تارقالغان بولۇپ، ئىشلىتىدىغان ئادەم سانى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.3% نى ئىگىلەيدۇ. مەركىزىي دىيالېكت(بولۇپمۇ جەنۇبتىكى قەشقەر شېۋىسى) ۋە خوتەن دىيالېكتىنىڭ پەرقى چوڭ ئەمەس، لوپنۇر دىيالېكتى بىلەن بولغان پەرق بىر قەدەر روشەن. لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى: ① بىر بوغۇملۇق سۆزلەر ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى ئاجىزلاشمايدۇ، مەسىلەن، كالاسى (لوپنۇر دىيالېكتى) = كالىسى (ئەدەبىي تىل)، ئۇزمەدىم (لوپنۇر دىيالېكتى) = ئۇزمىدىم (ئەدەبىي تىل)؛ ② سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى، بولۇپمۇ لەۋ ھالىتىنىڭ ماسلىشىشى ناھايىتى كۈچلۈك. «ئۆ، ئو» تاۋۇشلىرى بوغۇمنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، مەسىلەن، ئۆتكۆرمۆ(لوپنۇر دىيالېكتى) = ئۆتكەرمە(ئەدەبىي تىل)، بوتو (لوپنۇر دىيالېكتى) = بوتا (ئەدەبىي تىل) دېگەندەك؛ ③ سۆز ئاخىرىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەسى قوشۇمچىنىڭ بېشىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشتا كۆپ خىل شەكىلدە كېلىدۇ. مەسىلەن، ئەدەبىي تىلدا كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىدىن ئاران « ـ لار، ـ لەر» بار، ئەمما لوپنۇر دىيالېكتىدا يەنە « ـ لور، ـ لۆر، ـ زار، ـ زەر، ـ تار، ـ تور، ـ تەر، ـ تۆر،

ـ سار، ـ سور، ـ سەر» دېگەندەك ئۇندىن ئارتۇق شەكلى بار.

جۇڭگو ئۇيغۇرلىرى ھازىر ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى يېزىقنى ئىشلىتىدۇ. ئۇيغۇرلار ئوخشاشمىغان دەۋرلەردە ۋە رايونلاردا ئوخشاشمىغان ھەرپ سىستېمىلىرى ئارقىلىق ئۆز تىلىنى ئىپادە قىلىپ كەلگەن. 8 ـ ئەسىردە ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا ھاكىمىيەت قۇرغان ئۇيغۇرلار تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىنى ئىشلەتكەنىدى. 9 ـــ 15 ـ ئەسىرلەردە بۈگۈنكى شىنجاڭ، گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورى ۋە يەتتەسۇ ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار سوغد يېزىقى ئاساسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتتى، ئەمما ھەر قايسى رايونلاردا ئىشلەتكەن ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىدا پەرق بار. تۇرپان، قومۇل رايونلىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى15 ـ ئەسىرگىچە ئىشلىتىلگەن. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «ئىدىقۇت مەھكىمىسى مەكتۇپلىرى»دىن بۇ نۇقتىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. گەنسۇنىڭ جيۇچۈەن ئەتراپىدىن بايقالغان «ئالتۇن ياruq»نىڭ قولىيازمىسى 18 ـ ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دائىرىسى ئىچىدە بىر مەھەل مانى يېزىقى ئىشلىتىلگەن، مانى راھىبلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر مانى يېزىقىدا يېزىلغان. ئۇيغۇرلار ۋە قارلۇقلار 10 ـ ئەسىردە قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇرۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى يېزىقنى ئىشلىتىشنى باشلىغان ۋە بارا ـ بارا خاقانىيە يېزىقىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ يېزىق ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىپ، ئۇزلۇكسىز كېڭىيىشى بىلەن ئىشلىتىش جەريانىدا ئۆزگىرىش بولغان، يەنى پارس يېزىقىدىكى بىر قانچە ھەرپنى ئېلىپ كىرگەن. قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشى بىلەن خاقانىيە يېزىقى 15 ـ ئەسىردە ئاساسىي جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئالدى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ۋە شىن-

جاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئور-تاق يېزىقىغا ئايلاندى. بۇ يېزىق چاغاتاي خانلىقى تېررىتورىيە-سىدە كەڭرى ئىشلىتىلگەنلىكتىن، خەلق ئارىسىدىكى خەت ــ ئالاقە ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردىمۇ قوللىنىلغانلىقتىن «چاغاتاي يېزىقى» دەپ ئاتالدى. ئاخىرقى مەزگىللەردە چاغاتاي يېزىقى يې-قىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى روشەن ئەكس ئەتتۇردى.

بۈگۈن قوللىنىلىۋاتقان ئۇيغۇر يېزىقى ئاخىرقى مەزگىل-لەردىكى چاغاتاي يېزىقى ئاساسىدا، باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ يېزىق ئۆزگەرتىشلىرىدىن پايدىلىنىلىپ شەكىللەندى. 20 ــ ئەسىرنىڭ 30 ــ يىللىرىدىن كېيىن نەچچە قېتىملىق ئۆزگەر-تىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، 1938 ــ يىلى بۈگۈنكى ھالەتكە كەلدى. بۈگۈنكى ئۇيغۇر يېزىقى 32 ھەرپتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئوڭدىن سولغا، توغرىسىغا يېزىلىدۇ. ھەر بىر ھەرپ كۆرۈلۈش ئورنىغا قاراپ، يالغۇز شەكلى، باش، ئوتتۇرا، ئاياغ شەكلىگە ئوخشاش بىر قانچە ئوخشاشمىغان شەكىلگە ئىگە. ھەرپلەرنىڭ يالغۇز شەكلى شۇ ھەرپنىڭ مۇستەقىل شەكلىنى ئىپادىلەشتىن باشقا، ئادەتتە سۆز بېشىدا ياكى باشقا ھەرپلەر بىلەن ئۇلانمىغان ئەھۋالدا، باش شەكلى ئۇلىنىدىغان ھەرپلەرنىڭ ئالدىدا، ئوتتۇرا شەكلى سۆزدىكى ئۇلىنىدىغان ھەرپلەرنىڭ ئارىسىدا كېلىدۇ. بەزى ھەرپلەرنىڭ يالغۇز شەكلى ۋە باش شەكلى ئوخشاشمايدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى فونېتىكىلىق پرىنسىپنى ئاساس، مورفولوگىيەلىك پرىنسىپ ۋە ئەنئەنىۋى پرىنسىپلارنى قوشۇمچە قىلغان. قوشۇمچىلارنىڭ يېزىلىشى سۆز يىلتىزىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشىنى ئەكس ئەتتۇر-دۇ، شۇڭا بىر تۈرلۈك قوشۇمچىنىڭ بىر نەچچە خىل ۋارىيانتى بولىدۇ. قوشۇمچىلاردىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قا-ئىدىسىگە بويسۇنىدۇ، يەنى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش، تىل ئار-

قا سوزۇق تاۋۇش، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بىر نەچچە خىل ۋارىيانتى بولىدۇ. قوشۇمچىلارنىڭ بېشىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش جاراڭسىز، جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ۋارىيانتىدىن ئىبارەت بولىدۇ، يازغان چاغدا سۆز يىلتىزىدىكى تاۋۇش خۇسۇسىيىتىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

1960 ـ يىلىدىن كېيىن، ئۇيغۇر يېزىقىنى لاتىنلاشتۇرۇشتەك يېزىق ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى. 1965 ـــ 1982 ـ يىللىرى ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېڭى يېزىق تەڭ قوللىنىلدى، ئەمما يېڭى يېزىقنى ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىشنىڭ شارائىتلىرى پىشىپ يېتىلمىگەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى خىل يېزىقنى تەڭ قوللىنىش مىللىي مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدىسىز بولغاچقا، 1982 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يېڭى يېزىقنى ئىشلىتىش توختىتىلدى.

# 8. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى

## ئائىلە ۋە نىكاھ

ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىسى ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى ئاساس قىلىدىغان كىچىك ئائىلىدۇر. ئائىلە ئەزالىرى ئادەتتە ئۈچ ئەۋلاد ئىچىدىكى بىۋاسىتە قانداش ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەنئەنە بويىچە، كۆپ پەرزەنتلىك ئائىلىلەردە ئوغۇل چوڭ بولۇپ توي قىلغاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئۆي ئايرىپ، باشقىدىن بىر ئائىلە قۇرىدۇ. لېكىن ئاتا ـ ئانىنىڭ قېشىدا ئادەتتە ئەڭ كىچىك ئوغۇل قېپقالىدۇ. يالغۇز ئوغۇل ئادەتتە ئۆي ئايرىمايدۇ.

تۇغقانلارنىڭ نامىنى ئاتاشقا كەلسەك، پەقەت ئۈچ ئەۋلاد ئىچىدىكى بىۋاسىتە قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭلا ئېنىق نامى بار. مەسىلەن، دادا، بوۋا، ئانا، موما، ئاكا، ئۇكا، ئاچا، سىڭىل دېگەنگە ئوخشاش. گەرچە بۇلاردىن سىرت باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئېنىق نامى بولسىمۇ، ئادەتتە بىر دەك ئىشلىتىلمەيدۇ. ئادەتتە يېشىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ ئاتا، ئانا، ئاكا، ئۇكا، ئاچا، سىڭىل دەپ ئاتايدۇ. ئىسىم ـ فامىلە ئادەتتە ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئىسمىدىن تەركىب تاپىدۇ، يەر ـ جاي ناملىرىنى قوشۇۋالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. ئۆز ئىسمى ئالدىدا، ئاتىسىنىڭ ئىسمى كەينىدە بولىدۇ. مەسىلەن، «ئوسمان تۇرسۇن»، بۇنىڭدا «ئوسمان» ئۆز ئىسمى، «تۇرسۇن» بولسا ئاتىسىنىڭ ئىسمىدۇر. بەزى جايلاردا ئەرلەر ئىسمىنىڭ كەينىگە «ئاخۇن» قوشۇلىدۇ، مەسە-

لەن، «ئوسماناخۇن» دېگەنگە ئوخشاش. ئاياللارنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «خان» قوشۇلىدۇ، مەسىلەن، «ئايىمخان» دېگەندەك.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، مىراس بىۋاسىتە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بويىچە تەقسىم قىلىناتتى، لېكىن يەنە ئۆلگۈچىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە يىراق تۇغقانلارغا بېرىشكىمۇ بولاتتى. مىراس تەقسىم قىلىش پىرىنسىپىدا «ئەر-لەر ئەزىز، ئاياللار خار» قارىشى ئەكس ئېتەتتى. ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە، بىۋاسىتە قانداش تۇغقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولاتتى، لېكىن قىز پەر-زەنت ئوغۇل پەرزەنت ئېرىشكەن مىراسنىڭ يېرىمىنى ئالالايتد-تى. ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مال - مۈلۈك ۋارىسلىقىدا، پەرزەنت بار - يوقلۇقىغا قارايتتى. ئەر بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسە، ئەگەر پەرزەنتى بولسا، ئەردىن قالغان مال - مۈلۈكنىڭ سەك-كىزدىن بىرى خوتۇنغا، قالغان قىسمى بالىلىرىغا بۆلۈپ بېرد-لەتتى. ئەگەر پەرزەنتى بولمىسا، تۆتتىن بىر قىسمى خوتۇنغا، قالغىنى ئەرنىڭ ئاكا - ئىنىسى ياكى باشقا تۇغقانلىرىغا بۆلۈپ بېرىلەتتى. خوتۇنى بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسە، پەرزەنتى بولمىسا، ئەرگە مىراسنىڭ يېرىمى بېرىلەتتى، قالغان يېرىمى ئايال تە-رەپنىڭ بىۋاسىتە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا بۆلۈپ بېرىلەتتى. ئە-گەر پەرزەنتى بولسا ئەرگە تۆتتىن بىرى بېرىلىپ، قالغىنى ئۇ-نىڭ بالىلىرىغا بۆلۈپ بېرىلەتتى. بېقىۋېلىنغان ئوغۇل - قىز-نىڭ مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئاتىسى ئۆ-گەي بولغان پەرزەنت پەقەت ئانىسىنىڭ مال - مۈلكىگىلا ۋارىسلىق قىلالايتتى، ئۆگەي ئاتىسىنىڭ مال - مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئەگەر ئۆلگۈچىنىڭ يا ئا-تا - ئانىسى، يا پەرزەنتى، يا قېرىنداش ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭلىسى ۋە يا جىيەنى بولمىسا، مىراس مەسچىتنىڭ ئىگىدار-لىقىغا ئۆتەتتى.

كونا فېئوداللىق ئەنئەنە بويىچە، ئائىلىدە ئاتا، يەنى ئەر ئۆي چوڭى بولۇپ، ئائىلىدىكى بارلىق ئىشلاردا مۇتلەق قارار قىلىش هوقۇقى بولاتتى. ئائىلىدە ئەر ـ ئايالنىڭ ئورنى ئىنتايىن تەڭسىز بولۇپ، ئايال ئەرگە ئىتائەت قىلاتتى. ئاياللار ئۆيدىگە بەنت قىلىنغان بولۇپ، ئىختىيارى سىرتلارغا چىقىپ هەرىكەت قىلىش هوقۇقى بولمايتتى، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا يول قويۇلمايتتى، ئائىلە مۈلكىنى سورۇشتە قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش هوقۇقى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ سۆز ـ هەرىكىتى يەنە دىنىي قائىدىلەرنىڭ چەكلىمىسى ۋە مۇداخىلىسىگە ئۇچرايتتى، سىرتقا چىققاندا چوقۇم چۈمبەل تارتىشى، رومال ئارتىشى، بالاغەتكە يەتكەن ئەرلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئاتىلار هوقۇقى، ئەرلەر هوقۇقى ۋە نۇرغۇن دىنىي چەكلىمىلەر ئاياللارغا چەكسىز ئازابلارنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازاد بولۇشى ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلاردىكى ئائىلە مۇناسىۋىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، ئاياللار ئەرلەر بىلەن تامامەن باراۋەر هوقۇققا ئېرىشىپ، يېڭىچە، ئىناق ئائىلە مۇناسىۋىتى شەكىللەندى.

ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ تۈزۈمى ئاساسەن بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمدۇر. نىكاھلىنىش دائىرىسى ئاساسەن ئۆز مىللىتى ئىچىدە بولىدۇ. 1949 ـ يىلىدىن ئىلگىرى، جەمئىيەتتە يەنە بىر ئەر ئىككى ـ ئۈچ، هەتتا تۆت خوتۇن ئالىدىغان ئەهۋال بار ئىدى، لېكىن بۇنداق ئەهۋال بەكلا ئاز كۆرۈلەتتى. ئۇيغۇرلاردا ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، خوتۇنىنىڭ تامامەن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىش ياكى باشقىدىن ياتلىق بولۇش هوقۇقى بار بولۇپ، باشقىلار بۇنىڭغا ئارىلىشالمايدۇ. ئېرى ياكى ئايالى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئادەتتە يىلغا توشقاندا ئاندىن قايتا نىكاھلىنىشقا بولىدۇ. دىنىنىڭ نىكاھلىنىش دائىرىسىگە قويغان

چەكلىمىسى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن غەيـ-
رىي مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا تويلىشىش ئىنتايىن ئاز كۆرۈ-
لىدۇ. بۇ خىل چەكلىمە ئاياللارغا نىسبەتەن تېخىمۇ قاتتىق.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نىكاھتا تەبىقىچىلىك ئېڭى كۈچ-
لۈك بولۇپ، باي ـ كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ ناھايىتى
كەم ئۇچرايتتى. بۇرۇن نىكاھ روشەن سودا خاراكتېرىنى ئالغان
بولۇپ، چاي ئىچكۈزگەندە، ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە كېلىشىل-
گەن مىقداردا نۇرغۇن تويلۇق بېرەتتى، توي قىلغاندىمۇ يەنە
نۇرغۇن سوۋغات بېرەتتى، ھەتتا قىز تەرەپنىڭ مېھمان كۈتۈش
راسخوتىنىمۇ ئوغۇل تەرەپ ئۈستىگە ئېلىپ، پۇل ۋە ماددىي
نەرسە(قوي، بۇغداي، گۈرۈچ دېگەندەك)لەرنى بېرىشى كېرەك
ئىدى. شۇڭا توي ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچار ئائىلىلەرگە نىسبە-
تەن ناھايىتى ئېغىر يۈك ئىدى. بۇنداق نامۇۋاپىق فېئوداللىق
سودا تىپىدىكى نىكاھ تۈزۈمى ئاستىدا، تويدىن كېيىن قىز پۈ-
تۈنلەي ئوغۇلغا قاراشلىق بولۇپ، ئېرىنىڭ ھەر قانداق باشقۇ-
رۇشىغا بويسۇناتتى. بۇنداق بولغاندا ئاياللار پۈتۈنلەي ئەرلەرنىڭ
قوشۇمچە بويۇمىغا ئايلىنىپ، مۇستەقىل كىشىلىك قەدىر ـ
قىممىتى بولمايتتى. نامۇۋاپىق نىكاھ تۈزۈمى ۋە باشقا ئىجتىـ-
مائىي، ئائىلىۋى سەۋەبلەر تۈپەيلى نىكاھتىن ئاجرىشىش ناھا-
يىتى ئومۇميۈزلۈك ھادىسە بولۇپ، ئاجرىشىش ھوقۇقى يەنىلا
ئەرلەرنىڭ قولىدا ئىدى، ئاياللارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش
ئەركىنلىكى بولمايتتى. ئەرنىڭ ھەر ۋاقىت ئايالىنى تاشلىۋې-
تىشتىن ئىبارەت ئالاھىدە ھوقۇقى بار بولۇپ، ئەر خوتۇنىغا
«تالاق» دېسىلا، نىكاھتىن ئاجراشقانلىق ھېسابلىناتتى.
ئاجراشقاندا، ئايال ئۆزىنىڭ قىز مېلىنى ئېلىپ كەتسە بولاتتى،
ئېرى يەنە بەلگىلىك مىقداردا پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى بېرەت-
تى. ئاجرىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئايال چوقۇم ئۈچ ئاي ئون
كۈن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن قايتا ياتلىق بولالايتتى. دەل

مۇشۇ مەزگىلدە ئايال هامىلدار بولسا، تۇغۇلغان بالا ئەسلىدى-كى دادىسىغا تەۋە بولاتتى. ئاجراشقاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ ناۋادا ياراشماقچى بولسا، ئىمامنى چاقىرىپ، ئايەت ئوقۇتۇپ، يەنە بىر قېتىم توي مۇراسىمى ئۆتكۈزەتتى. لېكىن نىكاھتىن ئاجراشقاندا، ئەر ئايالغا « ئۈچ تالاق» دەپ سالغان بولسا، كېيىن يارىشىۋېلىشى بىر قەدەر قىيىن بولۇپ، تېخىمۇ مۇرەككەپ جەريانلاردىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى.

فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، نامۇۋاپىق فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىمۇ ئاغدۇرۇلۇپ، يېڭىچە نىكاھ تۈزۈمى ئۇيغۇر قىز - يىگىتلىرىنىڭ نىكاھ ئەركىنلىك هوقۇقىنى كا-پالەتكە ئىگە قىلدى. هازىر نىكاھلىنىش، ئاجرىشىش، يارد-ششلارنىڭ هەممىسىلا قانۇنىي بەلگىلىمىلەر بويىچە ئېلىپ بې-رىلىدۇ.

كونا فېئوداللىق ئەنئەنە بويىچە، ياشلارنىڭ نىكاھ ئىشىنى ئاتا - ئانىلار چاڭگىلىغا ئېلىۋالاتتى، ئادەتتە ياشلارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكى يوق ئىدى. توي قىلىش يېشى دىنىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، ناۋادا قىز ئاززاقلا چوڭ بولۇپ ياتلىق بولمىسا، جەمئىيەتتىكى سۆز - چۆچەكلەر قىزغا ۋە قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا بېسىم ئېلىپ كېلەتتى. ئاتا - ئانىلارمۇ بالد-دۇرراق نەۋرە كۆرۈش ۋە قېرىغاندا باققۇچىسى بولۇشنى كۆز-لەپ، قىزلارنىڭ بالدۇر ياتلىق بولۇشىنى خالايتتى. شۇڭا نۇر-غۇن جايلاردا بالدۇر توي قىلىش هادىسىسى مەۋجۇت بولۇپ، ئا-دەتتە ئوغۇللار 16 ياشتىن 18 ياشقىچە، قىزلار 15 ياشتىن 17 ياشقىچە توي قىلاتتى. بۇنداق بولغاندا ئوغۇل - قىزلارنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر زىيان يېتىپ، ئاياللارنىڭ بالدۇر قېرىپ كېتىش هادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى، شۇنداقلا كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يەتكۈزەتتى. 20 - ئە-سىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن بۇيان، ئىجتىمائىي ئىگىلىك، مەدە-

نىيەت ۋە ماتارىپنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بالدۇر توي قىلىش ھادىسىسىمۇ تەدرىجىي ئازايدى.

ھازىر ياش قىز - يىگىتلەرنىڭ نىكاھتا ئەركىن مۇھەببەتلىشىش ۋە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن پۈتۈشۈش ھوقۇقى بار. تويلىشىش جەريانى ئادەتتە تونۇشتۇرۇش، چاي ئىچكۈزۈش ۋە توي قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچتىن ئۆتىدۇ. يىگىت لايىق تاللاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇرۇق - تۇغقان ياكى يارۇبۇرادەرلىرىنى قىزنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىدۇ. قىز تەرەپ قوشۇلغاندىن كېيىن، ئوغۇلنىڭ ئانىسى كىيىم - كېچەك، چاي، قەنت - گېزەك قاتارلىق سوۋغاتلارنى ئېلىپ، ئۈچ - تۆت ئايال تۇغقانلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بىۋاستە قىزنىڭ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، چاي ئىچكۈزۈش ۋاقتىنى مەسلىھەتلىشىدۇ. چاي ئىچكۈزگەندە، ئوغۇل تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىسى تويلۇق (كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى، قوي، ماي، گۈرۈچ، نان، سەۋزە، قەنت - گېزەك قاتارلىق سوۋغا - سالاملار)نى ئېلىپ، يېقىن تۇغقانلىرى بىلەن بىللە قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، قىز تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە يېقىن تۇغقانلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. قىز تەرەپنىڭ كۈتۈۋېلىشىغا داخىل بولغاندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ ئېلىپ كەلگەن تويلۇقنى نەق مەيداندا ئېچىپ، بىر - بىرلەپ ئېلىپ يۇقىرى ئاۋازدا نامىنى ئاتاپ، كۆپچىلىككە كۆزدىن كەچۈرگۈزىدۇ، سورۇندىكى ئايال مېھمانلار سوۋغاتلارنى بىر قۇر باھالاپ چىقىدۇ. ئىككى تەرەپ يەنە توي كۈنى ۋە تويدا ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەر ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىدۇ. ئاندىن نىكاھنى روبخەتكە ئالدۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرىدۇ. توي مۇراسىمى بۇرۇن ئىككى كۈن ئۆتكۈزۈلەتتى، ھازىر كۆپىنچە بىر كۈن ئىچىدە كېلىننى ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ بولىدۇ. توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئوغۇل تەرەپ تەييارلىغان تويلۇق ۋە تويدا مېھمان

كۇتۇشتە لازىملىق نەرسىلەر (ئادەتتە بىر تىرىك قوي ھەمدە گۇرۇچ، ماي، سەۋزە، نان، چاي، شېكەر، تۇز، ئۇتۇن ياكى كۆ-مۇر قاتارلىق نەرسىلەر بولىدۇ)نى قىزنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك. توي كۈنى يىگىت قولداشلىرىنىڭ ھەمراھلىد-قىدا، مۇزىكا ساداسى ئىچىدە قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە بېرىپ توي ئۆتكۈزىدۇ. مۇراسىم داۋامىدا تويى بولغان ئىككىيلەن ئۆز قولداشلىرى بىلەن مېھمانخانا يېنىدىكى ئۆيگە كىرىدۇ. ئىمام پاتىھە ئوقۇپ، قىز - يىگىتتىن تويلىشىشقا قوشۇلىدىغان ياكى قوشۇلمايدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئىككى تەرەپ قوشۇلىدىغانلىقىد-نى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئىككى بۇردا تۇزغا چىلانغان ناننى قىز - يىگىتكە سۇنىدۇ، قىز - يىگىت قوش قوللاپ ئېلىپ، نەق مەيداندا يەپ، بۇنىڭدىن كېيىن جاپانىمۇ، ھالاۋەتنىمۇ تەڭ كۆرۈپ، تەڭ ياشاپ، تەڭ قېرىيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاندىن كېيىن مېھمانلار يىغىلغان مېھمانخانىغا كىرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا نەق مەيداندىكى ئۇرۇق - تۇغقان ۋە يارۇبۇرادەرلەر توينى تەب-رىكلەپ، بەخت تىلەپ، ناخشا - ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. بۇ يەرنى بىر پەس قىزىتقاندىن كېيىن، يىگىت ئۆز دوستلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا، ناغرا - سۇناي ساداسى ئىچىدە يۈزى چۈمكەلگەن كېلىننى ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرىدۇ. كېلىن كەلگەندە، ئوغۇل تەرەپنىڭ ئىشىكى ئالدىغا جىن قوغلاش ئۈچۈن گۇلخان يېقىد-لىدۇ، مېھمانلار بىر تۇتام ئوتنى ئېلىپ كېلىننىڭ بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرىدۇ. كېلىن ھەممە مېھمانلارغا سۆيۈنچە بەرگەندىن كېيىن، ئوتنى بىر ئايلىنىپ ئاندىن يېڭى ھۇجرىغا كىرىدۇ. كېلىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن شۇ كۈنى قىز تەرەپ قىز-نىڭ جابدۇقلىرىنى ئوغۇل تەرەپنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ، يەنە بىر ئايالنى يەڭگە قىلىپ، قىزنىڭ يېنىدا ئۈچ كۈن تۇ-رۇپ، ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئوغۇل تەرەپنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يېڭى ھۇج-رىدا يۈز ئاچقۇلۇق ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قىز - يىگىت

ئىككى تەرەپنىڭ مېھمانلىرى ھۇجرىغا كىرىدۇ، قىز تەرەپنىڭ مېھمانلىرى سولدا، ئوغۇل تەرەپنىڭ مېھمانلىرى ئوڭدا تۇرۇپ بىرلا ۋاقىتتا دۇئا قىلىدۇ. ئوغۇل تەرەپتىن بىر مېھمان (ياكى يىگىتنىڭ ئۆزى) قىزنىڭ يۈزىنى ئاستا - ئاستا ئاچىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مېھمانلار ناخشا - ئۇسسۇلنى باشلاپ كېتىدۇ. توي بولۇپ ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، يېڭى كېلىن يەڭگىنىڭ ھەمراھلىقىدا قېيىنئاتا - قېيىنئانىسىنىڭ ئالدىغا سالامغا كىرىدۇ، قېيىنئاتا - قېيىنئانىسىمۇ قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ ۋە سوۋغات بېرىدۇ. بۇ كۈنى ئەتىگەندە قىز تەرەپنىڭ ئۆيىدىكىلەر پولۇ، پېتىرمانتا ياكى باشقا تاماقلارنى ئېتىپ، ناشتىلىق سۈپىتىدە كۈيئوغۇلغا ئەۋەتىپ غەمخورلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاندىن يىگىتمۇ بىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قېيىنئاتا - قېيىنئانىسىنىڭ ئالدىغا سالامغا بارىدۇ. قىزنىڭ ئۆيىدىكىلەرمۇ قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ ھەمدە سوۋغات بېرىدۇ. تويدىن بىر ھەپتە (ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ھەر قايسى جايلاردا ئوخشاش ئەمەس) كېيىن، كېلىن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئازنىغا بارىدۇ. ئوغۇلنىڭ ئۆيىدىكىلەر سوۋغات ئەۋەتىدۇ، قىزنىڭ ئۆيىدىكىلەر ھەر خىل تاماقلار بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى يەنە كۈيئوغۇلغا كىيىم - كېچەك قاتارلىق سوۋغاتلارنى قويىدۇ. ئاندىن ئىككى تەرەپتىكى قۇدىلار ئۆزئارا بىر - بىرىنى ۋە دوست - بۇرادەرلىرىنى زىياپەتكە چاقىرىپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

## دىنىي ئېتىقادى ۋە دەپنە ئادىتى

### دىنىي ئېتىقادى

ئۇيغۇر خەلقى تارىختا شامان دىنى، مانى دىنى ۋە بۇددا دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. 15 - ئەسىرگە كەلگەندە ئىسلام دىنى باشقا دىنلارنى سىقىپ چىقىرىپ، ئۇيغۇرلار رايو-

ندا تەدرىجىي ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلەپ، پۈتكۈل مىللەت ئېتىقاد قىلىدىغان دىنغا ئايلانغان. ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى قاتار-لىق تەرەپلەرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

ئىسلام دىنىدا ئوخشاشمىغان مەزھەپلەر بار. كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلار سۈننىي مەزھىپىدىكى فىقھىچىلەردىن بىرى بولغان ھەنەفىي مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ، شۇنداقلا يەنە بىر قىسىم كىشىلەر تەسەۋۋۇپ ئېقىمىدىكى سوپىزىم مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، شىنجاڭدا سوپى — ئىشانچىلىق دەپ ئاتى-لىدۇ. يەنە ئاز بىر قىسىم كىشىلەر ۋاھابىي مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ.

سۈننىي مەزھىپىدىكىلەر ئۆزىنى ئەھلى سۈننەت ياكى ئەنـ-ئەنىچىلەر دەپ ئاتايدىغان بولۇپ، ئىسلام دىنىدا مۇرىتلىرى ئەڭ كۆپ مەزھەپتۇر. ئۇلار ئاللاھقا ئەقىدە قىلىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەدكە، ئاللاھنىڭ كىتابى «قۇرئان كەرىم»گە چىن قەلبىدىن ئىشىنىدۇ. شەرىئەتكە قاتتىق ئەمەل قىلىدۇ. قىيامەتكە ۋە قايتا تىرىلىشكە ئىشىنىدۇ. بەش پەرز (ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ئۆشرە - زاكات بېرىش، ھەج قىلىش)گە ئېتىبار بېرىدۇ. ھەر كۈنى بەش ۋاخ ناماز، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم جۈمە نامىزى ئوقۇيدۇ. ئۇيغۇرلار دىنىي زاتلارنى ھۆرمەتلەپ «ئىمام» ياكى «ئاخۇنۇم» دەپ ئاتايدۇ.

مەسچىت — مۇسۇلمانلار دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇندۇر. مەسچىتلەرنىڭ تۈرى ۋە چوڭ - كىچىكلىكى ئوخـ-شاش بولمايدۇ. مەسچىتلەرنىڭ مەسچىت، جامە ۋە يولۇچىلار مەسچىتى قاتارلىق كۆپ خىل تۈرى بار. مەسچىتلەردە سان جە-ھەتتە بىردەك بولمىغان، مەخسۇس ۋەزىپىلەرگە مەسئۇل خا-دىملار بولىدۇ. مەسىلەن، قازى كالان — مەھكىمە شەرئىنىڭ مەسئۇلى؛ قازى رەئىس — دىنىي قائىدە ۋە ئەقىدىلەرنى ئىجرا

قىلىشقا مەسئۇل؛ ئەلەم ـــ بەلگىلىمە، مۇراسىم ۋە ئۆرپ ـ ئا-دەتلەرنى مەخسۇس باشقۇرىدۇ؛ مۇپتى ـــ دىنىي ئىشلار ۋە مىراسلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ؛ ئىمام ـــ نامازغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ ؛ خاتىپ ـــ جۇمە نامىزىغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ؛ مۇھتەسىب ـــ دىنىي تەپتىش بولۇپ، شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا چارە كۆرىدۇ؛ خەلىپەت ـــ قۇرئان ئۆگىتىدۇ. مەسچىتلەر ئادەتتە يەر، ئورمان، ئىمارەت، دۇكان، چارۋا ۋە يايلاق قاتارلىق ۋەخپىلەرگە ئىگىدارلىق قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئا-ساسىي كىرىش مەنبەسى ـــ مۇرىتلارنىڭ سەدىقىسى ۋە ئۆشرە ـ زاكات قىلغان مۇلۇكتۇر، باشقا شەكىللەردە ئىگە بولىدىغانلى-رىمۇ بار، ئەلۋەتتە. تارىختا مەھكىمە شەرئى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچكى ھەق تەلەپ دەۋالىرى، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى قول تىقىپ بىر تەرەپ قىلغان.

ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى سوپىزمغا ئىشىنىدىغانلار ئاساسلىقى خوتەن، قاراقاش، يەركەن ۋە كۇچا قاتارلىق جايلارغا تارقالغان، قەشقەر، يېڭىشەھەر، كونا شەھەر، تۇرپان ۋە ئىلى رايونىدىمۇ نا-ھايىتى كۆپ مۇرىتلار بار. مۇرىتلار ئىچىدە ياشانغانلارلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە ياشلار ۋە ئاياللارمۇ بار. يولباشچىلىرى ھۆرمەت يۈزىسىدىن «ئىشان» دەپ ئاتىلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا سو-پىزم مەزھىپىدىكى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئىجادچىسى باھا-ۋۇددىن نەقشىبەندىي (1318 ـ 1389) ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھۆرمەت بىلەن «ھەزرىتى ئىشان» دەپ ئاتالغان. بەشىنچى ئەۋلاد چوڭ ئىشان تەرغىبات ئېلىپ باردى. مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرى 1533 ـ يىلى شىنجاڭغا كەلگەندىن ئېتىبارەن ئىشانلارنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتى باشلاندى. شىنجاڭدىكى ئىشانلار سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئەقىدىسىگە ھۆرمەت قىلىدۇ. شەرىئەت جەھەتتە ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ ئەنئەنىۋى بەلگىلىمىلىرىگە قاتتىق بويس-سۇنىدۇ. لېكىن «قۇرئان كەرىم» بىلەن «ھەدىس»نى ئىزاھلاشتا،

پانىي دۇنيا ۋە باقىي دۇنياغا بولغان كۆز قاراش جەھەتتە ئۆزگىچە ئىدىيەۋى سىستېمىغا ئىگە. كۈندىلىك تۇرمۇشتا «بۇ دۇنيالىق كېرەك ئەمەس، ئۇ دۇنيالىق كېرەك» دېگەننى، نەپسىنى يىغىشنى، زاھىدلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئىدىيەۋى سىستېمىسى ۋە ھەرىكىتى «تەرىقەت» دېيىلىدۇ. ئۇلار ئومۇمىي جەھەتتە «خۇدا دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ئىگىسى» دېگەننى داۋراڭ سالىدۇ، لېكىن كونكرېت ھەرىكەتكە كەلگەندە يەنىلا ھەر بىر تەقۋادار مۇرىت ئىشاننىڭ يېتەكچىلىكىدە، زاھىدلىق بىلەن ئىستىقامەتتە بولۇپ، «ئاللاھ بىلەن بىر تەن بولۇش»نى تەرغىب قىلىدۇ ھەمدە ئىشاننى پانىي دۇنيادىكى تىرىك «ئەۋلىيا»، خۇداغا ئەڭ يېقىن، ئىنسان بىلەن خۇدا ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىچى، شۇڭا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىشانغا چوقۇنۇش كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىشانغا شەرتسىز بويسۇنغاندىلا پانىي دۇنيادىكى «گۇناھ»لىرى يۇيۇلۇپ، «ئەرشكە كۆتۈرۈلۈپ، جەننەتكە كىرگىلى بولىدۇ». بۇ ھال سۈننىي مەزھىپىنىڭ «خۇدادىن باشقا ئىلاھ يوق» دېگەن تۈپ پىرىنسىپىغا مۇخالىپ كېلىدۇ.

ئىشانلارنىڭ ئۆز ئىچىدىمۇ يەنە نۇرغۇن مەزھەپلەر بار بولۇپ، ئاساسلىقى قادىرىيە، جەھرىيە، نەقشىبەندىيە (خۇفىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، سۇھراۋەردىيە، چىستىيە قاتارلىقلار بار.

ئىشانلار ھېيت ـ بايرام جەھەتتە، ئىسلام دىنىدىكى روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيتلارنى ئۆتكۈزگەندىن باشقا، يەنە شىئە مەزھىپىنىڭ «ئاشۇرا كۈنى»گىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ.

مازار ئىسلام دىنىدىكى شەيخ، ئۆلىما، ئەۋلىيا ۋە سەئىدلەرنىڭ قەبرىسى بولۇپ، ئادەتتىكى قەبرىلەرگە ئوخشاشمايدۇ، شۇنداقلا ئىشانلارنىڭ پائالىيەت مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. مازارلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى شۇ يەردىكى قۇرۇلۇشلار بىلەن پەرقلىق بولۇپ، ئادەتتە گۈمبەز شەكىللىك قەبرە، مەسچىت ۋە خانىقا(ئىشانلارنىڭ كوللېكتىپ پائالىيەت سورۇنى) قاتارلىقلار-

دىن تەشكىل تاپىدۇ. بەزى مازارلار ئادەم ئاياغ باسمايدىغان دەشتى چۆللەرگە ياسىلىدۇ. مازارغا قارىغۇچى «شەيخ» دەپ ئاتىلىدۇ، ئورنى ئىشاندىن تۆۋەن تۇرىدۇ. ئىشاننىڭ ياردەمچىسى «خەلىپە» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ ئىشاننىڭ چوڭ شاگىرتىدۇر؛ قارا ئىش قىلىدىغان مۇرىتى «سوپى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىشانلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان پىر «ھاپىز»، ئايال مۇرىت «بۇۋى»، ئادەتتىكى ئىخلاسمەنلەر «مۇرىت» دەپ ئاتىلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قەدەر داڭلىق مازارلاردىن قەشقەردىكى ھەزرەت مازىرى، يەركەندىكى ئالتۇنلۇق مازىرى ۋە چىلتەن مازىرى قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى سوپىلارنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان جايىدۇر.

ئىشانلاردا تەشكىلىي جەھەتتە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە دەرۋىشلىك ۋە قەلەندەرلىك، دىگەندەك زاھىدلىق پائالىيەتلىرى مەۋجۇت. ھەر بىر تەشكىلنىڭ مۇقىم پائالىيەت ۋاقتى ۋە ئىستىقامەت قىلىش، شۇنداقلا زىكىر ئوقۇش مۇراسىمى بار. شىنجاڭدىكى بەزى جايلاردا سوپىلار كوللېكتىپ زىكىر مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزگەندە يەنە دىنىي مۇزىكا ۋە ئۇسسۇللار ئورۇندىلىدۇ.

مازارنى تاۋاپ قىلىش سوپىلار پائالىيىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىدۇر. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىدىكى ئۇيغۇر مۇرىتلارنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر تۈرلۈك دىنىي پائالىيىتىگە ئايلانغان بولۇپ، مازارغا بارىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى بەزىدە نەچچە تۈمەنگە يېتىدۇ.

تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، يۇقىرىدا ئېيتىلغانلاردىن باشقا، ئۇيغۇرلار رايونىدا يەنە ھازىرغىچە شامان دىنىنىڭ قالدۇقى ساقلانغان. ئەلۋەتتە، ھازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى شامان دىنى قالدۇقلىرى ئاللىبۇرۇنلا ئىسلام دىنى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. شامان دىنىنىڭ ئەپسۇنچىلىرىنى ئۇيغۇرلار «باخشى»،

«داخان» ياكى «پېرىخون» دەپ ئاتايدۇ. هازىر شامان باخشىلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئادەتتە مۇسۇلمانلار ئوينايدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، ئەل ئىچىدە باخشىلىق پائالىيىتى ئوچۇق ـ ئاشكارا جانلىنىپ كەتتى. بىر قىسىم باخشىلار كونا كەسپى بىلەن قايتا شۇغۇللىنىپ، بىمارلارنى ئوقۇپ، جىن قوغلاپ كېسەل داۋالىدى. باخشى ئوقۇغاندا تۇغ تىكلىگەندىن باشقا، يەنە خەنجەر، قامچا، داپ، كەتمەن ۋە گۆرجەك قاتارلىقلارنى ئىشلىتىدۇ[①]. بەزى باخشىلاردا ئالاهىدە رەمچىلىك سايمانلىرى ۋە تاشپاقا چىغىنىقى بار. پېرە ئوينىتىپ جىن قوغلاش ئادەتتە يەتتە باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ، شۇڭا ئۇيغۇرلار ئۇنى «يەتتە ئويۇن» دەپمۇ ئاتايدۇ، «ئويۇن»نىڭ بۇيەردىكى مەنىسى «پېرە ئوينىتىش» دېگەنلىك بولۇپ، يەتتە «ئويۇن» يەتتە باسقۇچ پېرە ئوينىتىش دېگەنلىك بولىدۇ. يەتتە «ئويۇن»نىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە[②]:

بىرىنچى باسقۇچ، بىمار تۇغنىڭ بىر يېقىدا تۇرغۇزۇلۇپ داۋالاشنى كۈتىدۇ؛

ئىككىنچى باسقۇچ، بىمار تۇغنىڭ ئاستىغا باغلىنىدۇ(راست باغلاش ئەمەس، سىمۋوللۇق باغلاش. بىمارغا چاپلاشقان جىننى قاچۇرۇپ قويماسلىقتىن دېرەك بېرىدۇ)؛

ئۈچىنچى باسقۇچ، بىمارنى هېچقانداق قۇرۇق خىيال قىلغىلى قويماي، تىنچ هالەتكە كىرگۈزىدۇ؛

تۆتىنچى باسقۇچ، بىمارنىڭ روهى بىلەن چاپلاشقان جىن بىر يەرگە يىغىلىدۇ؛

---

① مەنبەلىت: «ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىزلاردا شامان دىنى تەكشۈرۈش»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى مىللەتشۇناسلىق ئىشخانىسى تۈزگەن «مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر ۋە شامان دىنىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى»، 234 ـ، 235 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993 ـ يىل.

② مەنبەلىت: «ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىزلاردا شامان دىنى تەكشۈرۈش»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى مىللەتشۇناسلىق ئىشخانىسى تۈزگەن «مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر ۋە شامان دىنىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى»، 250 ــ 222 ـ بەتلەر، 238 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993 ـ يىل.

بەشىنچى باسقۇچ، چاپلاشقان جىن بىلەن بىمارنىڭ روھى بويسۇندۇرۇلىدۇ؛

ئالتىنچى باسقۇچ، چاپلاشقان جىن قوغلىنىدۇ، كۆپ قىد-ىسىم جىن ئادەم تېنىدىن ئايرىلغان بولىدۇ؛

يەتتىنچى باسقۇچ، جىنلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ تۇرار جايىغا قايتۇرۇلۇپ، بىمارنىڭ روھى ئازاد قىلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى يەتتە باسقۇچتا، باخشى بىر تەرەپتىن ناخشا ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ياردەمچىسى بىر-تەرەپتىن داپ چېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ناخشا ئوقۇيدۇ. بىمار سول قولىدا تۇغنى تۇتۇپ، تۇغنى چۆرىدەپ سائەت ئىستىرېل-كىسىغا قارشى يۆنىلىشتە ئايلىنىدۇ. ئاخىردا ئوتتا قىزارتىلغان كەتمەن (ياكى گۈرجەك)گە دەسسىتىلىدۇ، بۇ بارلىق جىنلار قوغلىۋېتىلدى، دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. پائالىيەت مۇشۇنىڭ بىد-لەن ئاخىرلىشىدۇ.

## دەپنە ئادىتى

ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە مۇراسىمى ئىسلام دىنىدىكى قائىدىلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، يەرگە دەپنە قىلىش كەڭ ئومۇملاشقان. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم تېزلىكتە دەپنە قىلىنىدۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ بىر كۈن(ياكى ئۈچ كۈن)دىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئۆلگۈچى جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇغقانلىرى ھەممىسى كېلىپ رازىلىق ئېلىشىدۇ، پەرزەنتلىرى كارۋات بېشىدا ۋەسىيەت ئاڭلايدۇ، ئىمام ۋەسىيەتكە مۆھۈر بېسىپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. جان ئۈزگەندىن كېيىن، ئىمام ئۆلگۈچىنىڭ ئاغزىغا دېمىدە تېمىتىپ ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىنى تىلەيدۇ. شۇ رايوندىكى مەزىن ياكى ئىمام ئۆلگۈچىنى سۇغا ئالىدۇ، ئۆل-گۈچى ئايال بولسا، تۇرۇشلۇق مەسچىت تەۋەسىدىن ياشانغان بىر ئايالنى چاقىرىپ سۇغا ئالدۇرىدۇ. مېيىت پاكىز سۇ بىلەن

ئۈچ قېتىم يۇيۇلغاندىن كېيىن ئاق رەخت بىلەن كېپەنلىنىدۇ. ئەرلەر ئۈچ قات، ئاياللار بەش قات ئورىلىدۇ، ئاندىن يەنە ئۈستىگە ئەتىر چېچىلىدۇ. مېيىتنى ئەرلەر كۆتۈرۈپ مەسچىتكە ئاپىرىدۇ. دەسلىپىدە ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق سەدىقە بېرىلىدۇ، ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى تەييارلاپ قويغان پۇل ياكى نەرسىلەر ئىمام ۋە باشقىلارغا بېرىلىدۇ، ھەممە ئادەمگە بىر ئۈلۈشتىن تېگىدىغان بولۇپ، مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا ئادا قىلالمىغان پەرزلىرى ئادا قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ناماز چۈشۈرۈلىدۇ. يەنى ئىمام مېيىت نامىزى ئوقۇيدۇ، جامائەت بىرلىكتە دۇئا قىلىدۇ. مېيىت نامىزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مېيىت قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەرلىكنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر بولۇپ، يان تەرىپىدىن ئىچ گۆر كولىنىدۇ، مېيىت شۇ يەرگە قويۇلىدۇ. يەرگە قويۇشتىن بۇرۇن ئىمام قىرائەت قىلىدۇ، قىرائەتتىن كېيىن كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بىر ئوچۇمدىن توپا ئېلىپ، ئۆلگۈچى بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىدۇ. مېيىت ئۇزاتقاندا پەقەت ئەرلەر بارىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى بېلىگە ئاق باغلاپ ھازا تۇتىدۇ. ئاياللار (ئۆلگۈچىنىڭ خوتۇنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بېلىگە ئاق چىگكەندىن باشقا، يەنە بېشىغا ئاق لېچەك ئارتىدۇ، لېكىن قەبرىستانلىققا بارمايدۇ، ئۇلار يىراقتا ياكى ئۆيدە ئولتۇرۇپ ھازا تۇتىدۇ. بايلار مېيىت ئۇزاتقاندا، كىشىلەر يولدا يەنە ھازا قوشىقى ئېيتىدۇ. ناۋادا ئۆلگۈچى ئۆي چوڭى ياكى ئائىلىدىكى مۇھىم ئەزا بولسا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى 40 كۈنگىچە چاچ ـ ساقىلىنى ئالدۇرمايدۇ، باش تارىمايدۇ، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ئوخشاش كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتناشمايدۇ. يەتتە كۈن قارىلىق تۇتۇپ، ئۆلگۈچىگە بولغان قايغۇسى ۋە سېغىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. ئادەم ئۆلۈپ ئۈچىنچى، يەتتىنچى، قىرىقىنچى كۈنلىرى ۋە بىر يىل

توشقاندا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قورئان ئوقۇتىدۇ، شۇنداقلا پولۇ، قويماق قاتارلىقلارنى ئېتىپ، ئۆلگۈچىنىڭ ھەققىگە نەزىر بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ھېيت - بايرام، خاتىرە كۈنلىرى ياكى باشقا كۈنلەردە قەبرىستانلىققا بېرىپ، ئۆلگۈچىگە دۇئا قىلىدۇ ياكى ئەھۋالىغا قاراپ ئۆيىدە ئايەت ئوقۇپ دۇئا قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشى ئومۇمەن بىر قەدەر ئاددىي ھەم تېجەشلىك. لېكىن يەنە چوڭچىلىق ۋە ھەشەمەتچىلىك قىلىدىغانلارمۇ بار. مەسىلەن، بەزىلەر نەزىرنىڭ سانىنى كۆپەيتىپ، كۆلىمىنى زورايتىپ، كۆپلەپ مېھمان چاقىرىدۇ، نەچچە يۈز، ھەتتا نەچچە مىڭ ئادەم چاقىرىدىغانلارمۇ بار.

## يېمەك - ئىچمەك، تۇرالغۇ ۋە كىيىم - كېچەك

### يېمەك - ئىچمەك

ئۇيغۇرلار يېمەك - ئىچمەكتە ئۇن تاماقنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار قوي ۋە كالا گۆشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاساسلىق تاماق تۈرى نەچچە ئۇن خىلدىن كەم ئەمەس. نان، پولۇ، مانتا، لەغمەن قاتارلىقلار دائىمىي غىزا ھېسابلىنىدۇ. نان بۇغداي ئۇنى ياكى قوناق ئۇنىدىن تەييارلىنىدۇ، مەخسۇس ياسالغان تونۇرغا يېقىپ پىشۇرۇلىدۇ. شەكلى، چوڭ - كىچىكلىكى ۋە قېلىن - نېپىزلىكى ئوخشاش بولمىغان نانلارنى پىشۇرۇش مۇمكىن. ناننى خېلى ئۇزاق ساقلىغىلى بولىدۇ. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكىدۇر. پولۇ گۈرۈچ، قوي يېغى، قوي گۆشى، سۇ ماي، سەۋزىدىن دۇملەپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تاماق بولۇپ، ئىنتايىن مەززىلىك. ھېيت - بايرام، توي - تۆكۈنلەردە كۆپىنچە پولۇ ئېتىپ مېھمان كۈتۈلىدۇ. مانتا قاسقاندا پىشۇرۇلىدۇ.

سامسىنىڭ قىيمىسى قوي گۆشى، قوي يېغى ۋە پىيازدىن تەي-يارلىنىدۇ، جىلتىسى نېپىز، گۆشى جىق بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ لەڭمەن، سومەن، سۇيۇقئاش، نارىن قاتارلىق چۆپلۈك تاماقلى-رى، تونۇر كاۋاپ، شورپا، كاۋاپ قاتارلىق داڭلىق يېمەكلىك تۈرلىرى بار.

ئۇيغۇرلار چاي ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بەزى جايلاردا قوي - كالا سۈتلىرىدىن ئەتكەن چاي ئىچىلىدۇ. سەي - كۆكتات ئىستېمالى بىر قەدەر ئاز بولۇپ، يازدا مېۋە - چېۋىلەرنى كۆپ يەيدۇ. تاماق سايمانلىرىدىن قاچا، چوكا، قوشۇق، ياغاچ قوشۇق قاتارلىقلار بار، لېكىن نۇرغۇن يېمەكلىكلەرنى كىشىلەر بىۋا-سىتە قولى بىلەن تۇتۇپ يېيىشنى ياقتۇرىدۇ. ئادەتتە بىر كۈندە ئۈچ ۋاق تاماق يېيىش ئادىتى بار بولۇپ، ئەڭ ئاددىي تۇرمۇش-تىمۇ ناشتىدا مېغىز، مۇراببا، نان قاتارلىقلارنى يەپ، ئەتكەن چاي ئىچىدۇ. چۈشتە ئاساسلىق تاماق ئوزۇق ۋە قورۇمىلار بو-لىدۇ، كەچلىك تاماقمۇ ناھايىتى مول بولىدۇ.

تاماق يېگەندە داستىخان سېلىپ، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر بىرلىكتە ئولتۇرۇپ تاماق يەيدۇ، تاماقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن چوقۇم قول يۇيۇش كېرەك. نان يېگەندە ناننى ئوشتۇپ، لېگەنگە قويىدۇ. ئەگەر مېھمان كەلسە، مېھماننى تۆردە ئولتۇرۇشقا تەك-لىپ قىلىدۇ. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، ياشتا چوڭى باشلاپ دۇئا قىلىدۇ. ساھىبخانا قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ بولغان-دىن كېيىن، مېھمان ئورنىدىن قوزغالسا بولىدۇ، بولمىسا ئە-دەبسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە چوشقا گۆشى، ئېشەك گۆشى، ئىت گۆشى، قېچىر گۆشى ئىستېمال قىلىش قاتتىق چەكلىنى-دۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىسمەن جايلاردا يەنە ئات گۆشى ئىستېمالىمۇ چەكلىنىدۇ(شىمالىي شىنجاڭدىكى چارۋىچىلىق ياكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا بۇ گۆش چەكلەنمەيدۇ). ئۇيغۇرلار

www.uyghurkitap.com

ئادەتتە تەكبىر ئېيتىلماي ئۆلتۈرۈلگەن مال ـ چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ.

ئۇيغۇرلار مېھمان كۈتۈشتە ۋە مېھمان بولۇشتا قائىدە ـ يوسۇنغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. تاماق يېگەندە، مېھمان قاچىدىكى تاماقنى خالىغانچە مالتىلىماسلىقى، قازان بېشىغا ئىختىيارىچە بارماسلىقى، ئادەتتە قاچىدىكى تاماقنى ئاشۇرۇپ قويماسلىقى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاماقنى چېيچىۋەتمەسلىككە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ئەگەر ئېھتىياتسىزلىقتىن يەرگە چۈشۈپ كەتسە، تېرىپ ئالدىدىكى داستىخانغا ئېلىپ قويۇش لازىم. بىر لېگەندە پولۇ يېگەندە، قولغا ئالغان پولۇنى لېگەنگە قايتا سالماسلىق كېرەك. تاماق يەۋاتقاندا ياكى باشقىلار بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا مىشقىرىش، تۈكۈرۈش، ئۇسۇرۇشنى ئېغىر ئالىدۇ، بۇنداق قىلمىشلار باشقىلار تەرىپىدىن ئىنتايىن ئەدەبسىزلىك ھەم تەربىيە كۆرمىگەنلىك دەپ قارىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرايدۇ.

تارىختا ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى شەرق ـ غەربنىڭ مۇھىم قاتناش لىنىيەسىگە جايلاشقان بولغاچقا، مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى مىللەتلەر بىلەن ئۇزاق مەزگىل ئالاقە قىلىش جەريانىدا يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتىكى خاسلىقىنى شەكىللەندۈرگەن. تۆۋەندە بىر قانچە خىل تىپىك ئۇيغۇر تائامىنىڭ تەييارلىنىشى ۋە ئېتىلىش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرىمىز:

لەڭمەن: ئۇندىن خېمىر يۇغۇرۇلۇپ، پىلتە قىلىنىپ، سوزۇپ يۇمىلاق، ئىنچىكە ھالەتكە كىرگۈزۈلىدۇ. لەڭمەن ئەتكەندە خېمىر يۇغۇرۇش ۋە سوزۇشتىن ئىبارەت ئىككى ھالقىنى ياخشى ئىگىلەش لازىم. خېمىر يۇغۇرغاندا مۇۋاپىق مىقداردا تۇز سېلىنىدۇ، تۇز مىقدارىنى ياخشى ئىگىلەش ـ ئىگىلىيەلمەس-

لىك لەگمەننىڭ سوپىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا دەل جايىدا بولۇشى كېرەك. ئۇستا ئاشپەزلەر بىر تۇتۇشىدىلا نەچچە كىلوگىرام خېمىرنى سوزۇۋېتىدۇ. لەگمەنگە سېلىنىدىغان قورۇمىلاردىن گۆشلۈك قورۇما، كۆكمۇچ ـ گۆش قورۇمىسى، كاپۇستا ـ گۆش قورۇمىسى، ۋە كەرەپشە ـ گۆش قورۇمىسى قاتارلىقلار بار.

سومەن: سومەن ئېتىش ئۇسۇلى يۇغۇرۇلغان خېمىر ئۈزۈلۈپ، تەخمىنەن ئىككى سانتىمېتىرلىق كىۋادرات شەكىلدىكى چۆپ قىلىپ قازانغا سېلىپ سۇزۇۋېلىنىدۇ ياكى سوزۇۋېلىنغان ئۇزۇن چۆپ 3 ـ 4 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىلىپ، گۆش، باش پىياز، پەمىدۇر، كۆك لازا قاتارلىقلار بىلەن قورۇلىدۇ. تەمى لەگمەن بىلەن تۇپتىن ئوخشاشمايدۇ.

نان: نان ئۇيغۇرلارنىڭ تاماق ئۇستىلىدە كەم بولسا بولمايدىغان يېمەكلىك بولۇپ، تۈرى 50 خىلدىن ئاشىدۇ. شەكلى يۇمىلاق بولۇپ، ئۇن ئاساسىي خام ماتېرىيال قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئوخشاش بولمىغان تەمگە ئاساسەن كۇنجۇت، باش پىياز، توخۇم، ئۆسۈملۈك مېيى، سېرىقماي، سۈت، تۇز، ناۋات قاتارلىق خۇرۇچلار قوشۇلىدۇ. خېمىرى بولغان خېمىر ۋە پېتىر خېمىر دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ئاق ناننىڭ ئوتتۇرىسى نېپىز، گىرۋىكى قېلىن بولۇپ، ئوتتۇرىغا چەككۈچ چېكىلىدۇ، دىيامېتىرى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، چوڭلىرىنىڭ 50 سانتىمېتىرغا يېتىدىغان بولۇپ، نانلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى ھېسابلىنىدۇ. توقاچنىڭ دىيامېتىرى تەخمىنەن بەش سانتىمېتىر، قېلىنلىقى تەخمىنەن بىر سانتىمېتىر بولۇپ، خېمىرىغا سۈت، قىچا مېيى ياكى قوي مېيى، سېرىقماي قوشۇلىدۇ. چايىنىغاندا كورۇسلاپ تۇرىدۇ، تەملىك بولۇپ، نانلارنىڭ ئەڭ كىچىكىدۇر. گىردە ناننىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن بەش سانتىمېتىر، يۈزى سىلىق، پارقىراق، سىرتى چۇرۇك، ئىچى

www.uyghurkitap.com

يۇمشاق بولىدۇ. شىرمان نان ياققاندا ناۋات سۈيىنى ناننىڭ يۈ-
زىگە تەكشى پۈركۈيدۇ، ئۇ ئوتتا پىشۇرغاندىن كېيىن قېتى-
شىپ، نان ئۈستىدە بىر قەۋەت پارقىراق ناۋات كىرىستالى ھا-
سىل بولىدۇ، بۇ نان ئىنتايىن چۈرۈك. گۆشگىردە بىلەن گۆش-
نان قوي گۆشى ئۇششاق توغرىلىپ، باش پىياز ۋە تۇز قاتار-
لىقلار بىلەن ئىلەشتۈرۈلۈپ قىيما تەييارلىنىپ، بولغان خې-
مىرنىڭ ئىچىگە تىقىلىپ ئوتتا پىشۇرۇلىدۇ. قاتلىما ناننىڭ
خېمىرى پېتىر بولىدۇ، مايدا يۇغۇرۇلىدۇ. بىر قەۋەت خېمىرغا
بىر قەۋەت ماي سۈرتۈلۈپ، تۈرۈپ پۈرلەپ، زۇۋۇلا قىلىنىپ،
ئاندىن نېپىز ئاچقاندىن كېيىن پىشۇرۇلىدۇ. مەززىلىك، يې-
يىشلىك بولۇپ، ئۇزاق تۇرسىمۇ سۈپىتى ئۆزگەرمەيدۇ.

نان ياقىدىغان تونۇر ياسىغاندا، ئالدى بىلەن نەم توپىدىن
قېلىپ ياسىلىدۇ. بەزىلەر كىچىكرەك كۈپنىڭ ئاستىنى چېقىپ
ئېلىۋېتىپ، ئۆرۈپ قويۇپ، ئەتراپىنى خىش بىلەن قوپۇرىدۇ.
نان ياققاندا، ئالدى بىلەن ئوتۇن ياكى كۆمۈردە ئوت سېلىنىدۇ.
ئىس يوقىلىپ، تونۇرنىڭ ئىچى بەلگىلىك ھارارەتكە يەتكەندىن
كېيىن، تونۇر يۈزىگە تۇز سۈيى سېپىلىدۇ، نان يېقىلىپ ئېغى-
زى دۈملىنىدۇ، بىر پەستىن كېيىن نان پىشىدۇ.

سامسا: سېمىز قوي گۆشىنى ئۇششاق توغراپ، زىرە، قا-
رىمۇچ قاتارلىق خۇرۇچلارنى قوشۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ، نېپىز
يېيىپ ئېچىلغان پېتىر خېمىر جىلتىسىگە قىيما سېلىنىپ،
تۈگۈپ پىشۇرۇلىدۇ. پىشقاندىن كېيىن سامسىنىڭ يۈزى قىزى-
رىپ پارقىرايدۇ، گۆشى يۇمشاق، تەملىك بولىدۇ.

پېتىر مانتا: قوي گۆشى، قوينىڭ قۇيرۇق يېغى ئۇششاق
توغرىلىپ، زىرە، تۇز، قارىمۇچ قاتارلىق خۇرۇچلار بىلەن ئى-
لەشتۈرۈلۈپ قىيما تەييارلىنىپ، ناھايىتى نېپىز ئېچىلغان پې-
تىر جىلتىگە سېلىپ تۈگۈلۈپ، ئاندىن قاسقانغا سېلىنىپ
دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ. ئۇيغۇرلار دائىم ئۇنى پولۇ بىلەن بىللە

يەيدۇ.

پولۇ: ماتېرىياللىرى — گۆرۈچ، قوي گۆشى، باش پىياز، سەۋزە ۋە سۇ مېيى قاتارلىقلار. ئالدى بىلەن قوي گۆشى قازانغا سېلىنىپ، مايدا قورۇلىدۇ، بىردەمدىن كېيىن پىياز، سەۋزە قەلەمچىسى سېلىنىدۇ، تۇز، زىرە قاتارلىق تېتىتقۇلار قوشۇلۇپ بىرلىكتە قورۇلىدۇ، مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قۇيۇلىدۇ، ئاندىن يۇيۇلغان گۆرۈچ قازانغا سېلىنىدۇ، لېكىن قوچۇشقا بولمايدۇ. سۇس ئوتتا دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ.

زىخ كاۋاپ: ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل پىشۇرۇش ئۇسۇلىدا، يۇقىرى سۈپەتلىك يېغى قوي گۆشى چوڭ ـ كىچىكلىكى بىردەك قىلىپ نېپىز توغرىلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇششاق سوقۇلغان باش پىياز، قارىمۇچ ۋە تۇز سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، يېرىم سائەتچە قويۇلىدۇ. ئاندىن تۆمۈر زىخ (ياكى يۇلغۇن زىخ) قا ئۆتكۈزۈلۈپ، كاۋاپدانغا قويۇپ پىشۇرۇلىدۇ، پىشۇرۇش جەريانىدا ئاستى ـ ئۈستى ئۆرۈلىدۇ. پىشاي دېگەنىدە كاۋاپنىڭ ئۈستىگە يەنە مۇۋاپىق مىقداردا زىرە، تۇز ۋە قىزىلمۇچ سېپىلىدۇ. لازا بىلەن زىرە پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ، ئادەمنىڭ نەپسىنى تاقىلدىتىۋېتىدۇ. كاۋاپ پىشۇرغاندا ئوت يالقۇنى چەكلىنىدۇ. ئادەتتە ئەلا سۈپەتلىك ئىسسىز كۆمۈر (ياكى ئوتۇن) يېقىلغۇ قىلىنىدۇ. كاۋاپ پىشۇرغاندا كۆمۈرگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ، بىردەمدىن كېيىن ئىس تۈگەپ، چوغ قىزارغاندا كاۋاپ كاۋاپدانغا قويۇلۇپ، قاقلاپ پىشۇرۇلىدۇ.

تونۇر كاۋاپ: ئالدى بىلەن سېمىز قوي بوغۇزلىنىپ، تېرىسى سويۇلۇپ، ئىچكى ئەزالىرى ۋە پاچاقلىرى ئېلىۋېتىلىدۇ. ئاندىن چوڭ تۆمۈر مىخ مىخلانغان بىر تال ياغاچ قويننىڭ بەدىنىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، مىخ قويننىڭ بويىنىغا كەپلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇن، تۇخۇم، تۇز، قارىمۇچ، زىرە قاتارلىق خۇرۇچلارنى ئىلەشتۇرۇپ ياسىغان بوتقا قويننىڭ ئۈستىگە تەكشى سۈركى-

لىپ، تونۇرغا سېلىنىدۇ، تونۇرنىڭ ئېغىزى ئېتىلىپ، بىر سا-
ئەت ئەتراپىدا دۇملەنسىلا پىشىدۇ. پىشقاندا گۆش سېرىق رەڭگە
كىرىدۇ.

## تۇرالغۇ

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرالغۇسى ئومۇمەن دەھلىز ياكى
ساراي ئۆي، تاماقخانا ۋە ئىچكىرىكى ئۆيدىن تەركىب تاپىدۇ.
كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە ھەر قايسى رايونلاردا يەنە
ناھايىتى چوڭ پەرقلەر بار. تۇرالغۇ ئادەتتە ھويلا ۋە ئۆيدىن ئى-
بارەت ئىككى قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھويلىغا قارىغان
ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كۆپىنچە پېشايۋان ياسىلىدۇ. ئۇيغۇرلار پې-
شايۋاننىڭ ئاستىغا سۇپا سېلىپ ئولتۇرىدۇ. ھويلىغا پېشايۋاننى
بويلاپ ئۈزۈم بارىڭى ياسىلىدۇ، كىشىلەر سايىسىدە ئارام ئالىدۇ
ياكى چاي ئىچىدۇ. ئىككىنچى قەۋەتنىڭ پېشايۋىنى كۆپ
ھاللاردا كارىدور قىلىنىدۇ. بەزى جايلاردا ئۆگزىنىڭ ئۈستىگە
بالىخانا ياساپ ئارام ئېلىشتا ئىشلىتىدۇ. ئۆگزىنىڭ چۆرىسىگە
رېشاتكا ئورنىتىدۇ. ئۆيلەر ئادەتتە كېسەك بىلەن ياغاچتا سېلى-
نىدۇ. ئۆينىڭ ئاستىغا خىش ياكى تاختاي ياتقۇزۇلىدۇ. ئۆي
ئىچىدە 15 سانتىمېتىردىن ئارتۇق ئېگىزلىكتە توپا بىلەن يا-
سالغان بىر سۇپا بار بولۇپ، ئۈستىگە كىگىز ياكى گىلەم سې-
لىنىدۇ، تامغا گىلەم تارتىلىدۇ. ئادەتتە ئۆي ئىچىدە ئۈستەل،
ئورۇندۇق، كارىۋات بولمايدۇ (ئاز ساندىكىلەر بۇنىڭ سىرتىدا).
قىشلىقى ئوت قالاپ ئىسسىنىش ئۈچۈن ئۆينىڭ ئىچكى تېمىغا
تام مەش ياسىلىدۇ. تامغا يەنە قاچا-قۇچا، يېمەكلىك ۋە باشقا
نەرسىلەرنى قويىدىغان تەكچە چىقىرىلىدۇ. ئۆينىڭ تورۇسى
كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان لىم، چەنزىلەر بىلەن يېپىلىدۇ. بېزىگەندە،
تۇرالغۇنىڭ تەكشىلىكتىكى تۈزۈلۈش شەكلى ئوخشاش بولمى-
غانلىقتىن، ھەرقايسى جايلارنىڭ ماتېرىيالى ۋە تېخنىكىسى

ئوخشاشمايدۇ. قەشقەردە ئادەم كۆپ، يەر قىس بولغاچقا، ئىككى ـ ئۈچ قەۋەتلىك، كىچىك هويلىلىق بىنالار كۆپ. كىچىك هويلا ۋە كوچىدىن هالقىغان بىنالار بۇ شەھەردىكى تۇرالغۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. تۇرار جاي كۆپىنچە «دالان ئۆي ـ مېھمانخانا» ياكى «مېمانخانا ـ تاماق يەيدىغان ئۆي» شەكلىدىكى بىر ياكى بىر قانچە مۇكەممەل ياتاق ئۆيلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. قەشقەر، خوتەن، كۇچا قاتارلىق جايلاردا ئايۋاننى مەركەز قىلىپ سېلىنغان ئايۋانلىق ئىمارەت شەكلى بار. جۇغراپىيەلىك شارائىت ۋە ئەنئەنە تۈپەيلى، بۇ يەرلەردە هويلىنىڭ ئۈستىگە لاپاس ياسىلىدۇ، ئاپتاپ چۈشسۇن ئۈچۈن، لاپاسنىڭ تۆت تەرىپىگە پەنجىرە ياسىلىدۇ، ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى «دەھلىز ئۆي ـ ئىچكىرىكى ئۆي» شەكلىدە بولىدۇ. تۇرپان ياز كۈنى ئىسسىق، هۆل ـ يېغىن ئاز، قىش كۈنى سوغۇق، شۇڭا تۇرالغۇ جەھەتتە هاۋاسى قۇرغاق، تۇپىسى ياخشى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، گەمە ياكى يېرىم گەمە كېمەر ئۆيلەر كۆپ، هويلىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئالدى هويلا ۋە ئارقا هويلا دەپ بۆلۈنىدۇ، هويلىغا ئېرىقتىن سۇ باشلىنىپ، ئاق تېرەك، تەك ئۆستۈرۈلىدۇ، هويلا قارىماققا ئاددىي ـ ساددا، پاكىز كۆرۈنىدۇ. ئىلى، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى قىيپاش بولىدۇ. ئۆيلەر خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، هويلا ـ ئارامىلارنىڭ كۆكەرتىلىشى ناھايىتى گەۋدىلىك. باغ ۋە گۈللۈكلەرنىڭ ياردىمىدە ئىمارەتتە خىلۋەتلىك ئەكس ئېتىدۇ.

ئۇيغۇرلار تۈپلىشىپ ئولتۇراقلىشىدۇ، نەچچە ئون ئائىلە ھەتتا نەچچە يۈز ئائىلە تۈپلىشىپ، مەھەللە ياكى كوچىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇيغۇرلار دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ ئۆستۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈپ، تۇرالغۇ ـ جايىنى ئازادە، جىمجىت قىلىدۇ. مەھەللىلەردە سۇلار تەرەپ ـ تەرەپكە شىرقىراپ ئېقىپ تۇرىدۇ. دەل ـ دەرەخلەر باراقسان، هويلىلارنىڭ ئىچى ۋە تېشى دەل ـ دەرەخ ۋە گۈل ـ گىياھلار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غا پۈركەنگەن بولۇپ، مەنزىرىسى ناھايىتى يېقىشلىق. ھويلىنىڭ يان تەرىپىدە ئېغىل، ھاجەتخانا بولىدۇ. ئۇيغۇرلار تۇرالغۇنىڭ ئىچى ـ تېشىنى ھەر كۈنى سۈپۈرۈپ ناھايىتى پاكىز تۇتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىقى ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش، تېخنىكىلىق بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ شەكلى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە. مەسىلەن، بېزەش تېخنىكىسى جەھەتتە، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن خىش بېزەك، ئەينەك بېزەك ، سۇۋاق، گەج گۈللۈك بېزەك، تام مەش، ياغاچ ئويما ۋە ھەر خىل رەڭلىك سىزما قاتارلىق خىلمۇخىل بېزەكچىلىك ئۇسۇللىرىنى قوللىنىدۇ. بېزەش نۇسخىلىرى جەھەتتە ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، گېئومېترىيەلىك نەقىشلەر ۋە گۈل ـ گىياھلارنىڭ رەسىمىنىلا ئىشلىتىدۇ، ئادەم، ھايۋان ۋە باشقا نۇسخىلارنى ئىشلەتمەيدۇ.

## كىيىم ـ كېچەك

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنىڭ تۈرى كۆپ ھەم نەپىس. ئەرلەرنىڭ ئەنئەنىۋى چاپىنى كۆپىنچە تىزدىن ئاشىدۇ، يېقى كەڭ، ياقىسىز ھەم تۈگمىسىز كېلىدۇ. كىيگەندە بەلگە بەلباغ باغلىنىدۇ. ئىچ كۆڭلەك بىر قەدەر قىسقا بولۇپ، كۆپىنچىسىنىڭ ئالدى ئوچۇق بولمايدۇ. ياشلارنىڭ كۆڭلىكىگە كۆپىنچە كانۋاي ئىشلىنىدۇ. ئاياللار ئومۇمەن ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىدۇ، تېشىغا پەشمەت ياكى كالتە چاپان كىيىدۇ. خانىم ـ قىزلارنىڭ ھەممىسى ئوسما قويۇشنى، خىنە يېقىشنى، ھالقا، بىلەزۈك، ئۈزۈك، زەنجىر قاتارلىقلارنى سېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇرۇن ئەر ـ ئاياللار ئومۇمىيۈزلۈك رەختلەردىن ياخشى كىيىم كىيىشنى، بولۇپمۇ ئاياللار تاۋار ـ دۇردۇنلارنى، ئەتلەسكە ئوخشاش رەڭگى ئوچۇق گۈللۈك يىپەكلەرنى ياقتۇراتتى. كىيىم ـ كېچەكنىڭ قىسقا بولۇشى چەكلىنەتتى، چاپان تىزدىن

ئاشاتتى، ئىشتاننىڭ پۇچقىقى پۇتىنىڭ يۇزىنى ياپاتتى. كالتە ئىشتان بىلەن سىرتقا چىقىشنى بەك ئېغىر ئالاتتى. ئەر ـ ئا-ياللار سىرتقا چىققاندا دوپپا كىيەتتى، قىشتا كۆپىنچە تۇماق كىيەتتى. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاياللار سىرتقا چىققاندا دوپپا كىيگەندىن سىرت، يەنە لېچەك سالاتتى ياكى قوڭۇر رەڭلىك چۇمبەل تارتاتتى. ھازىر قەشقەر، يەركەن قاتارلىق جايلاردا يەنە بىر قىسىم ئاياللار چۇمبەل تارتىدۇ.

ئاياللارنىڭ چاچ پاسونى جەھەتتە، نارەسىدە قىزلارنىڭ چېچى ئۇششاق ئۆرۈلىدۇ، ئون نەچچە تال، ھەتتا بەزىلىرى نەچچە ئون تال قىلىپ ئۆرۈلىدۇ. بۇ خىل چاچ پاسونى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا بىردەك. لېكىن توي قىلغاندىن كېيىنكى چاچ پاسونىدا پەرق بار. جەنۇبىي شىنجاڭدا تويدىن كېيىن ئا- ياللار چاچنى تۆت تال قىلىپ ئۆرۈيدۇ، ماڭلايدىكى ئىككىسى كىچىك، ئارقىسىدىكى ئىككىسى چوڭ بولىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈۋالىدۇ. بۇ خىل پاسون شىمالىي شىنجاڭدا كۆپ ئۇچرىمايدۇ. شىمالىي شىنجاڭدا تاراپلا ئىككى تال ئۆرۈۋالىدۇ.

يېقىنقى نەچچە ئون يىل مابەينىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ كى- يىم ـ كېچەكىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى، ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرىدىن باشقا، شەھەرلەردە غەربچە كىيىم كىيىش كەڭ ئومۇملاشماقتا. قىزلارنىڭ كىيى- مىمۇ تەدرىجىي مودىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماقتا.

## بايرام، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ روزا ھېيت، قۇربان ھېيت ۋە نورۇز بايرى- مىدىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى بايراملىرى بار. ئالدىنقى ئىككىسى

ئىسلام دىنىدىن كىرگەن بولۇپ، ۋاقتى ھىجرىيە كالېندارى بو-يىچە ھېسابلانغاچقا ھەر يىلى سۈرۈلىدۇ. شۇڭا بەزىدە قىشتا، بەزىدە يازدا ياكى باشقا پەسىللەردە كېلىدۇ.

روزا ھېيت بىر ئاي روزا تۇتۇپ بولغاندىن كېيىنكى بى-رىنچى كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىسلام دىنىدا بالاغەتكە يەتكەن مۇ-سۇلمانلارنىڭ ھەممىسى بىر يىلدا بىر ئاي روزا تۇتۇشى كې-رەك، دەپ بەلگىلەنگەن. روزا تۇتقان مەزگىلدە، پەقەت كۈن چى-قىشتىن بۇرۇن ۋە كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن تاماق يېيىشكە بولىدۇ. كۈندۈزى ھەر قانداق يېمەك - ئىچمەك ئىستېمالى چەكلىنىدۇ. بىر ئاي رامىزان ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەرلەر مەسچىتكە يىغىلىپ تەنتەنىلىك ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ. ئاندىن كېيىن قىزغىن ھېيت پائالىيىتىنى باشلىۋېتىدۇ. ھەممە ئائى-لە مول ھېيتلىق يېمەك - ئىچمەكلەرنى تەييارلايدۇ، شۇنداقلا ئۆزئارا ھېيتلىشىدۇ. ئەر - ئايال، قېرى - ياشلارنىڭ ھەممىسى چىقىپ بايرام تەنتەنىسى قىلىدۇ. بۇ بايرام ئادەتتە ئۈچ كۈن داۋاملىشىدۇ.

قۇربان ھېيت روزا ھېيتتىن 70 كۈن كېيىن ئۆتكۈزۈلى-دۇ. ئائىلە شارائىتى ئازراق ياخشى بولسىلا قوي ئۆلتۈرۈپ قۇر-بانلىق قىلىنىدۇ. قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى سېتىشقا بولمايدۇ. مەلۇم قىسمى چوقۇم مەسچىتكە ۋە جامائەتكە بېرىلىپ، قالغان قىسمى بىلەن مېھمان كۈتۈلىدۇ، ئۇرۇق - تۇغقان ۋە يارۇبۇرا-دەرلەرگە سوۋغا قىلىنىدۇ.

نورۇز بايرىمى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئەنئەنىۋى بايرىمىدۇر. نورۇز بايرىمى قەمەرىيە كالېندارى بويىچە 1 - ئاي-نىڭ 1 - كۈنى يەنى كۈن - تۈن تەڭلەشكەن كۈنى بولىدۇ، بۇ مىلادىيە كالېندارىدىكى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگە توغرا كېلى-دۇ. بۇ كۈنى ھەر خىل تەبرىكلەش پائالىيىتى ۋە ئەنئەنىۋى مەشرەپ پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، يېڭى بىر يىلدا ئاسايىشلىق،

بەخت، مول ـ ھوسۇل ۋە باياشاتلىق بولۇش تىلىنىدۇ. نۇرغۇن جايلاردا يەنە مەخسۇس نورۇز بايرىمىدىلا ئېيتىلىدىغان ناخشىلار ساقلانغان①.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بەزى جايلاردا بارات ئېيى قاتارلىق بايراملار ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ بايرام يەنە «ياغلىق قاپاق ئايمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. رامىزاندىن 15 كۈن بۇرۇن ئۆتكۈزۈلىدۇ. بايرام كۈنى ئاھالىلەر ياغلىق قاپاق كۆيدۈرۈپ، پۈتۈن مەھەللىنى ئوت يالقۇنى بىلەن قاپلىۋېتىدۇ، دىندارلار قىرائەت ئوقۇپ تۈنەيدۇ.

ئۇيغۇرلار ھېيت ـ بايرام ۋە دەم ئېلىش ۋاقىتلىرى، شۇنداقلا قۇتلۇق كۈنلەردە ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش ۋە تەنتەر ـ بىيە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. مەسىلەن، مەشرەپ ئۇيغۇرلار ئەڭ ياقتۇرىدىغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدۇر. مەشرەپ بايرام، ئاۋام ئويۇنلىرى ۋە توي ـ تۆكۈن پائالىيەتلىرى بىلەن بىرگە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئادەتتە ئۈچ قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ: نەغمە، كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنى ۋە جازالاش. نەغمە چوڭ تېپتىكى يۇرۇشلۇك مۇزىكا ــ ئون ئىككى مۇقامنى ئاساس قىلىدۇ. بىر ئادەم يالغۇز كىشىلىك مۇقەددىمىنى باشلايدۇ، ئارقىدىن بىر نەچچە ئادەم داپ چالىدۇ، قىز ـ يىگىت ـ لەر جۈپ سەپ بولۇپ، لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇسسۇل ھەرىكىتى توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، مۇزىكا رىتى ـ مى بارغانچە تېزلىشىدۇ، ھەممە ئادەم ئۇسسۇلچىلارغا قېتىلى ـ دۇ، چارچىغانلار قايتىپ چۈشىدۇ، ئەڭ ئاخىردا بىر ـ ئىككى ئادەم قالغاندا يۇقىرى دولقۇنغا يېتىدۇ. مۇشۇنداق بىر مەيدان ئەمدى ئاخىرلاشسا يەنە بىر مۇزىكا باشلىنىپ، نەچچە رەت تەكرارلىنىدۇ. ئارقىدىن كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنى باشلىنىدۇ. ئۇ ـ نىڭ ئىچىدىكى بىرقەدەر مەشھۇرراقى دەررە (پوتا) ئويۇنى، چاي

① ئابدۇرېھىم ھەببۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»(ئۇيغۇرچە)، 351 ــ 364 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل.

تۇتۇش ۋە بېيىت ئېيتىش قاتارلىقلاردۇر. پوتا ئويۇنىنىڭ ھەرىكىتى چەبدەس بولۇپ، كومېدىيە تۈسىگە ئىگە، بولۇپمۇ قىز ـ يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغاندا، ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان بىر قىسىم ھېسسىياتلىرىنى ئىزھار قىلىش ۋاستىسىغا ئايلىنىدۇ. چاي تۇتۇش ۋە بېيىت ئېيتىشمۇ ناھايىتى قىزىقارلىق. بەزىدە كۆلدۈرگە ئېيتىشمۇ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، ھەزىلكەشلەرنىڭ يۇمۇرلۇق سۆز ـ ھەرىكەتلىرىمۇ ئىنتايىن ئالقىشقا سازاۋەر بولىدۇ. مەسىلەن، غۇلجىلىق مەشھۇر لەتىپىچى ھېسام قۇربان دەل ھەر خىل مەشرەپلەردە ئەڭ ئالقىشلىنىدىغان شەخسلەرنىڭ بىرىدۇر. مەشرەپنىڭ ئۈچىنچى قىسمى ئەخلاقىي مىزانىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ۋە يامان ئادەتلىرى بارلار، مەسىلەن، ھۇرۇن، ھاراقكەش، ئوغرى، زىناخور قاتارلىقلارنى جازالاشتىن ئىبارەت. ھەر قېتىمقى مەشرەپتە يىگىت بېشى، ئابرۇيلۇق كىشىلەردىن مىرشاپ ۋە پاششاپ سايلىنىدۇ. ئالدى بىلەن يىگىت بېشى تەربىيەلەشكە تېگىشلىك «ئەيىبدار»نى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن «ئەيىبدار» كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغۇزۇلۇپ، كۆپچىلىكنىڭ سوئال ـ سوراقلىرى ۋە ئەيىبنامىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن «پاششاپ» «ھۆكۈم» قىلىدۇ، ئاندىن جازا ئىجرا قىلىنىپ، ئىجتىمائىي ئەخلاقنى قوغداش مەقسىتىگە يېتىدۇ. شۇڭا مەشرەپ پەقەتلا كۆڭۈل ئېچىش شەكلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە سەنئەت ۋە ئەخلاقىي ئۆرپ ـ ئادەت تەربىيەسى ئېلىپ بارىدىغان مەكتەپتۇر.

قارلىق تاشلاش ھەر يىلى تۇنجى قار ياغقاندا ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدۇر. تۇنجى قار ياغقاندا بىر قانچە دوست مەسلىھەتلىشىپ قارلىق يازىدۇ، قارلىقتا تۇنجى قار-

نى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن قارلىق تاپشۇرۇۋالغۇچى ئائىلىگە ئامان ـ ئېسەنلىك تىلىنىدۇ، ئاندىن قارلىق تاپشۇرۇۋالغۇچىدىن قارلىقنىڭ ئادىتى بويىچە بىر قېتىملىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ، شۇنداقلا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، ئاندىن بىر ئادەم قارلىقنى قارلىق تاپشۇرۇۋالغۇچى ئائىلىگە ئېلىپ بارىدۇ. قارلىقنى ئېلىپ بارغۇچى بىلىندۇرمەي ئۆي ئىگىسى ئاسانلىقچە بايقىيالمايدىغان جايغا قويۇپ قويىدۇ. قارلىق ئاپارغۇچى ئۆيدىن ئايرىلغۇچە ئۆي ئىگىسى قارلىقنى بايقىمىسا، قارلىقتىكى تەلەپ بويىچە بەزمە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ناۋادا قارلىق ئاپارغۇچى نەق مەيداندا تۇتۇلۇپ قالسا، ئۇ چاغدا بەزمىنى ئۆز ئۆيىدە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بەزمە مەزمۇنى بېيىت ئېيتىش، ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش ۋە نەغمە ـ ناۋا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى چېلىشىش، دارۋازلىق، گاگار ئويناش ۋە مۇز تېيىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بەزى رايونلاردا قوچقار سوقۇشتۇرۇش، ئوغلاق تارتىشىش ۋە ئات بەيگىسى قاتارلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى دىن بىلەنمۇ ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەتلىك. كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەدەپ ـ قائىدە ئۇيغۇرلارنىڭ باراۋەرلىك، دوستانىلىق، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ كىچىكلەرنى ئىززەتلەش روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۆزئارا كۆرۈشكەندە ھەمىشە سەمىمىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئەھۋال سورىشىدۇ، ياشانغانلارنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدۇ. ئاياللار ئارىسىدا يەنە چوڭلار كىچىكلەرنى سۆيۈپ قويىدىغان ئادەتمۇ بار. يېقىنقى نەچچە ئون يىل مابەينىدە، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ

تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بىر قىسىم تەبىقە خاراكتېرلىك، فېئوداللىق قائىدە ـ يوسۇنلار تەدرىجىي يوقىلىپ، باراۋەر، دوستانە، ئۆزئارا ھۆرمەتلەپ، ئۆزئارا يول قويۇش ئەكس ئەتكەن ئۆرپ ـ ئادەتلەر داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېڭىچە مەزمۇنلار قوشۇلدى.

ئۇيغۇرلار مېھماندوست، قائىدە ـ يوسۇنلۇق كېلىدۇ، كىشىلەرگە ئەدەپ ـ قائىدە بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. مەسىلەن، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەيدۇ، يول ماڭغاندا چوڭلارغا يول بېرىدۇ، سۆزلىگەندە چوڭلارغا ئاۋۋال سۆز بېرىدۇ، ئولتۇرغاندا چوڭلارنى تۆردە ئولتۇرغۇزىدۇ؛ كىچىكلەر چوڭلارنىڭ ئالدىدا ھاراق ئىچمەيدۇ، تاماكا چەكمەيدۇ؛ ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر ئۇچراشقاندا چوقۇم قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ھال ـ ئەھۋال سورايدۇ، ئاندىن ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئېگىلىپ كەينىگە يانىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە قارشى تەرەپنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورايدۇ؛ ئاياللار ئەھۋال سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى قولىنى تىزىغا قويۇپ، ئېگىلىشىپ تۇرۇپ خەيرلىشىدۇ.

ئۆيدە ئولتۇرغاندا يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ، پۇتىنى ئۇزۇن سوزۇپ ئولتۇرۇشتىن، پۇتىنى باشقىلارغا قارىتىشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ. كىشى سۇنغان نەرسىنى ئالغاندا ياكى مېھمانلارغا چاي تۇتقاندا چوقۇم ئىككى قوللاپ ئالىدۇ ياكى سۇنىدۇ. بىر قول بىلەن ئېلىشنى ئەدەپسىزلىك، دەپ قارايدۇ. بەڭ چېكىش، زەھەر چېكىش، قىمار ئويناش، ھاراق ئىچىش، مۇشتلىشىش، يالغان سۆزلەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يامان ئىش ھېسابلىنىپ، جامائەتچىلىكنىڭ كۈچلۈك ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ.

قەبرىستانلىقتا، مەسچىتتە ھەمدە كۆللەرنىڭ ئەتراپىدا چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىش، قالايمىقان تۈكۈرۈش ۋە پاسكىنا

نەرسە كېرەكلەرنى قالايمىقان تاشلاش چەكلىنىدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە، چوڭلارنىڭ ئالدىدا تاپتىن چىققان، قوپال ۋە مەسخىرىلىك سۆز - ئىبارىلەرنى قىلىش تەربىيە كۆرمىگەنلىكنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىلىدۇ، مۇنداق كىشىلەر باشقىلارنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب مىللەتلەر نەشرىياتى 1997- يىلى 10- ئايدا نەشر قىلغان 1- نەشرى 1- باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر: خالمۇرات ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتور: نۇسرەت ئابلىمىت

# ئۇيغۇرلار

رېن يىفېي، ياسىن ھوشۇر

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862 - 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ شېڭتۇڭ باسما ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى
نەشرى : 2014- يىل 5- ئايدا 1- قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2014- يىل 5- ئايدا بېيجىڭدا 1- قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850 × 1168م م، 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 10
سانى : 3000 - 0001
باھاسى : 23.00 يۈەن
ISBN 978-7-105-13140-2/K • 2311 (维 119)

本书根据民族出版社1997年10月第1版第1次印刷版本翻译出版。

责任编辑：哈尔木拉提·依明

责任校对：努斯来提古丽·阿不力米提

图书在版编目（CIP）数据

维吾尔族：维吾尔文/任一飞，雅森·吾守尔著；阿卜拉江·玉苏普译．--北京：民族出版社，2014.3

ISBN 978-7-105-13140-2

Ⅰ．①维… Ⅱ．①任… ②雅… ③阿… Ⅲ．①维吾尔族—民族文化—中国—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．①K281.5

中国版本图书馆CIP数据核字（2014）第041813号

出版发行：民族出版社 http://www.mzcbs.com

社　　址：北京市和平里北街14号　邮编：100013

电　　话：010-64290862（维文室）

印　　刷：北京盛通印刷股份有限公司

版　　次：2014年5月第1版

2014年5月北京第1次印刷

开　　本：850×1168毫米 32开

印　　张：10

印　　数：0001-3000册

定　　价：23.00元

ISBN 978-7-105-13140-2/K·2311（维112）

www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

ISBN 978-7-105-13140-2
9 787105 131402 >
定价：23.00 元